مۇھەممەد يۇسۇف

# ئاللاغا ئىمان كەلتۈرۈش ئەقىلنىڭ كامالىتىدۇر

(ماقالىلار توپلىمى 1996 ـ ۋە 1999 ـ يىللار)

ئالمۇتا ـ 1999 ـ يىل

دىلىدا ئىمان - ئېتىقات، بويىدا ئەقىل - پاراسەت، يۈرىكىدە جاسارەت ۋە ئىرادە مۇجەسسەملەنگەن ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ يولىدا، ۋەتەن يولىدا، خەلق يولىدا كېچە - كۈندۈز ھارماي - تالماي قىلىۋاتقان ئەمگەك - ئەجىرلىرىگە ئاپىرىن ئېيتماي مۇمكىن ئەمەس. مۇھەممەت يۈسۈپ ئەينە شۇنداق ئىنسانلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان دېسەم خاتالاشمىغان بولارمەن، بەلكىم؟

مۇھەممەت يۈسۈپ شەرقىي تۈركىستاندا تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدىنلا دىنى ۋە پەننى بىلىملەرگە چوڭ قىزىقىش بىلەن ئۆستى. قۇرئان ساۋادىنى ئانىسىنىڭ ئۆگىتىشى ئارقىسىدا چىقارغان. مۇھەممەت تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملىغاندىن كېيىن، مەدرىسىگە بېرىپ، قۇرئان يادلاشقا كىرىشىدۇ. ئون ئالتە يېشىدا قۇرئاننى تولۇق يادقا ئېلىپ بولغان مۇھەممەت ناھىيەنىڭ چوڭ مەسچىتىدە بىرىنچى قېتىم خەتمىنى ئوقۇغاندا، كىشىلەرنىڭ زوقىنى قوزغايدۇ.

ئىلىم - بىلىمگە بولغان قىزىقىش مۇھەممەتنى مىسىرنىڭ قاھىرە شەھىرىگە ئېلىپ كېلىدۇ. ئىككى ئايلىق تەييارلىق كۇرسىدىن كېيىن ئۇ قاھىرە شەھىرىدىكى ئىسلام ئىنستىتۇتىغا ئىمتىھان تاپشۇرۇپ، ئوقۇشقا چۈشىدۇ. تۆرت يىللىق ئىنستىتۇتنى ئۈچ يىلدا مۇسابىقە ئارقىلىق تاماملاپ، ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرىئەت ۋە قانۇن فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرىدۇ. مەزكۇر بىلىم دەرگاھىنى ئەلا باھالاردا پۈتتۈرگەن مۇھەممەت يۈسۈپ 1994 - يىلى تۈركىيەدە ئەرەب تىلىدىن ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ. بىر يىلدىن كېيىن ئۇ قازاقستانغا كېلىپ، ئىشكىتە شەھىرىدىكى قازاق - تۈرك شەرقىيات لىتسېيىدا ئوقۇتقۇچىلىق پائالىيىتىنى باشلايدۇ. ھازىر ئۇ مەزكۇر لىتسېيدىكى كۆرۈنەرلىك ئۇستازلارنىڭ بىرى.

مۇھەممەت يۈسۈپ ژۇقۇرى دىنىي بىلىمگە ئىگە بولۇش بىلەن بىللە پەننى بىلىم ساھاسىدىمۇ تالانت - قابىلىيىتىنى نامايىش قىلىپ كەلمەكتە. ئۇ ئانا ۋەتەندىن يىراق جايلاردا بىلىم ئىگىلەش يولىدا تارتقان جاپا - مۇشاقەتلىرى، مۇساپىرچىلىقتا ئۆتكەن ھاياتىدىن تەسىرلىنىپ، ۋەتەننى، ئاتا - ئانىسىنى، قېرىنداشلىرىنى سېغىنىپ - كىنەپ كۆپلىگەن بەدىئىي ئەسەرلەرنى يازدى. «غۇربەتتىكى ياشلىق»، «يۈرەك سىرلىرى» شېئىرى توپلاملىرى شۇنىڭ مىسالىدۇر.

1996 ـ يىلىدىن باشلاپ «يېڭى ھايات» ۋە «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتلىرىنىڭ سەھىپىلىرىدە مۇھەممەت يۈسۈپنىڭ مۇقەددەس ئىسلام دىنىمىزنى كەڭ خەلق ئاممىسى ئارىسىدا تەشۋىق قىلىشقا بېغىشلانغان ماقالىلىرى قازاقىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە چەت ئەللەردىكى گېزىتخانىلاردا چوڭ قىزىقىش پەيدا قىلدى. مۇھەممەت يۈسۈپنىڭ ماقالىلىرى ئىسلام دىنىنى ئىلمىي يوسۇندا چۈشەندۈرۈش، ئىمان ـ ئېتىقات مەسىلىلىرىنى قۇرئان ۋە مەنتىقىي، ئەقلىي دەلىللەر بىلەن كىشىلەرگە چۈشىنىشلىك ۋە قايىل قالارلىق ھالدا يەتكۈزۈش، شۇنىڭ بىلەن بىللە بۈگۈنكى كۈندە كەڭ ئېتەك يېيىۋاتقان خۇراپاتقا، سەلبىي ئادەتلەرگە خاتىمە بېرىشنى ئىسلامىي ـ ئىلمىي ئاساستا دەلىللەپ بېرىشتە ئۆزىنىڭ چوڭقۇر بىلىم ئىگىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ كەلمەكتە.

مۇھەممەت يۈسۈپنىڭ كۆپلىگەن دىنىي كىتاپلىرى يورۇق كۆرگەن. «ئىسلامدىكى ئائىلە تۈزۈمى»، «ئىسلام ئەقىدىلىرى». «ناماز ۋە ئۇنىڭ قائىدە ـ تەرتىپلىرى» ناملىق كىتاپلىرى تۈركىيە ۋە قازاقىستاندا ئەرەپ ھەم سلاۋيان يېزىقلىرىدا بېسىلىپ چىققان. «دۇئا كىتابى»، «خرىستىئانلىق ۋە مۇسۇلمانلىق»، «ئىسلامدىكى بالا تەربىيەسى» ناملىق كىتاپلىرى نەشىر قىلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ.

مۇھەممەت يۈسۈپنىڭ قولىڭىزدىكى مەزكۇر كىتاۋى قازاقىستاندا نەشىر قىلىنىۋاتقان «يېڭى ھايات» ۋە «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتلىرىدە بېسىلغان ئىسلام دىنىغا ئائىت ئىلمىي ماقالىلىرى، سۆھبەتلىرىنىڭ توپلىمى. مەزكۇر كىتاپ ئىسلام دىنىمىزنىڭ مۇقەددەس دىن ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ياخشىراق چۈشىنىمىزگە، ئادەملەرنى، بولۇپمۇ ياشلىرىمىزنى ئىمان ـ ئېتىقاتلىق، مۇسۇلمانچىلىق روھىدا تەربىيىلىشىمىزدە پايدىسىنىڭ چوڭ بولۇشىدا شەك ـ شۈبھە يوق.

ئالىمجان مۇھەددىن ئوغلى باۋدىنوۋ
يازغۇچى ۋە ژۇرنالىست.

# ئاللاغا ئىمان كەلتۈرۈش ئۇ ئەقىلنىڭ كامالىتىدۇر

ھەر قانداق ئادەمنىڭ: مەن نەدىن كەلدىم، نەگە بارماقچىمەن ۋە نېمە ئۈچۈن دۇنياغا كەلدىم؟ دېگەن سوئاللارنى ئۆزىدىن سوراپ، ئۇنىڭغا لايىق جاۋاپ تېپىش ئۈچۈن پىكىر يۈرگۈزۈپ ئىزدىنىش مەسئۇلىيىتى بار. چۈنكى ھەر قانداق چوڭ جاھالەت كەچۈرۈم قىلىنىشى مۇمكىن، ئاما ئادەمنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىنىڭ سىررىنى، ھاياتىنىڭ غايىسىنى ۋە ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى بىلمەسلىكى قەتئىي كەچۈرۈم قىلىنمايدىغان ئەڭ قاتتىق ۋە ئېچىنىشلىق جاھالەتتۇر.

ئەقىل ۋە ئىرادىگە ئىگە بولغان ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئۈچ خىل سوئالدىن غاپىل ھالدا، باشقا مەخلۇقلارغا ئوخشاش يېيىش ۋە ئىچىش بىلەنلا ئۆمۈر ئۆتكۈزۈشى تولىمۇ نومۇس ئىشتۇر. ۋۇجۇدىدىكى ئۈچ سوئال ئىنسانلار ئەقىل ـ ئىدرەككە ئىگە بولۇپ يارالغاندىن بۇيان ئۇلار بىلەن بىرگە ھەمرا بولۇپ كەلگەن ۋە مەڭگۈ ئۇلارنىڭ خىيالىدىن كەتمەي جاۋاپ تەلەپ قىلىدىغان ئەبەدىي سوئاللاردۇر. بۇ سوئاللارغا شەرىق ۋە غەرىپ پەيلۇسوپلىرى جاۋاپ بېرىشكە ئۇرۇنغان. فرانسىيەلىك فىلوسوف دىكارت ئۆزىنىڭ شەك مەزھىبىنى پەيدا قىلغاندىن كېيىن شۇندىن باشلاپ ئۇ ھەر نەرسە ئۈستىدە شەك قىلىشقا باشلايدۇ. بۇ شەك ئاخىرى ئۆزىگە يەتكەندە ئۆزىنىڭ بارلىقىغا شەك قىلالمايدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئويلاپ پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئىگە بولغىنىم ئۈچۈن ئۆزەمنىڭ بار ئىكەنلىكىدە شەك قالمىدى، ئانداقتا مېنى كىم ياراتتى؟ مېنى بۇ ماددىي كائىنات ياراتقان بولسا نېمە ئۈچۈن مەندە بولغان ئەقىل ـ ئىدرەك ۋە قابىلىيەت بۇ كائىناتتا بولمايدۇ. كائىنات ئۆزىدە بولمىغان ئەقىل ـ ئىدرەكنى ۋە قابىلىيەتنى ماڭا قانداق بېرەلىسۇن!»

**مەن نەدىن كەلدىم؟**

ھەر قانداق ئادەم دۇنيادىكى جانلىق ـ جانسىز نەرسىلەرنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقىنى توغرىلىق ئويلاپ، ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاپ تېپىشقان. بەزىلەر كائىناتنى ۋە بىز كۆرۈپ تۇرغان ئالەمنى پەقەت خىيال دەپ ئېتىقات قىلغان بولسا، بەزىلەر ماددىنىڭ زەررىلىرى ۋە ئۇنسۇرلىرىدە ئىنسانغا ئوخشاش ئەقىل بىلەن ئويلاش قابىلىيىتى بولۇپ، ئۇلار كائىناتتىكى بار نەرسىلەرنى ئۆزى ئىجات قىلغان دېيىشىدۇ. مۇنداق جاۋاپ بىمەنادۇر. چۈنكى تاش، سۇ، ھاۋا قاتارلىق ماددىلاردا پىكىر قىلىش قابىلىيىتى يوقتۇر. تارىختىن بۇيان بىرەر ماددىدا ئەقىل ـ ئىدرەك بولغانلىقى ھەققىدە بىرەر مەلۇمات يوق. بەزىلەر بولسا كائىناتتىكى بارلىق نەرسىلەر تەسادىپىي ھالدا ماددىلارنىڭ زەررىلىرى ئۇشتۇمتۇت بىرىكىشىدىن پەيدا بولغان دېيىشىدۇ. بۇ ماتېرىيالىزمچىلارنىڭ جاۋاۋىدۇر. ئەمەلىيەتتە بىر ماددىنىڭ پارچىلىرى يەنە بىر ماددىنىڭ پارچىلىرىغا (زەررىلىرىگە) ھەرگىزمۇ ئوخشىمايدۇ. بۇ مەسىلىنى بۇنداق بىر مىسال بىلەنمۇ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن: بىر باسمىخانىدىكى ھەرىپ ساندۇقىدا بەش مىڭ ھەرىپ قاچىلانغان بولسا قاتتىق يەر تەۋرەش سەۋەبىدىن بۇ ھەرىپلەر چېچىلىپ ئۆز ئارا بىر ـ بىرى بىلەن بىرىكىپ ئون كۇپلېت شېئىر يېزىلىپ قاپتۇ دېسە بۇنىڭغا كىم ئىشىنىدۇ. تەسادىپىيلىق دېگەن ئەنە شۇنداق بىمەنىلىكتۇر.

مۇنداق ئۆشتۈمتۇت ھادىسىلەرگە ئىشىنىش مۇمكىن بولمىغان يەردە كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلار قاتارلىق مەلۇم قانۇنىيەت بىلەن داۋام قىلىۋاتقان نەرسىلەر ۋە ئۇنىڭدىن باشقا جانلىق، جانسىز مەخلۇقلارنى ئۆزلىكىدىن ئۆشتۈمتۇت پەيدا بولغان دېسە، ئىشەنگىلى بولامدۇ؟ ھېچ نەرسە ئۆزلىكىدىن ئۆشتۈمتۇت پەيدا بولغان ئەمەس. بەزىلەر بولسا كائىناتنى ۋە ئۇنىڭدىكى جانلىق، جانسىز نەرسىلەرنى ئاللاھ ياراتقان دەپ جاۋاپ بېرىشىدۇ.

مانا بۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق جاۋاپتۇر. ئۇلار ھەممىنى ئاللاھنىڭ ياراتقانلىقىغا ئىقرار قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ دىلى ھېمىشەم ئاللاھنى ئۇلۇغلاش، ئۇنىڭدىن قورقۇش ۋە ئۇنىڭ مەرھەمىتىدىن ئۈمۈت قىلىشقا يۈزلىنىپ تۇرىدۇ. مانا بۇ ئۇلارنىڭ چىن ژۈرەك قېتىدىكى تەبىئىي ھېس – تۇيغۇ بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بەزى چاغلاردا، بولۇپمۇ راھەت - پاراغەتلىك ۋاقىتلاردا ئىنسانلارنىڭ غاپىللىقى سەۋەۋى بىلەن دىن ئۇلارنىڭ يادىدىن كوتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. ئامما ئۇلارنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە، ئەتراپىدىكى ئادەملەرنىڭ ياردىمىدىن ئۈمۈت ئۈزۈلگەندە، بۇ دىن ئۇلارنىڭ قەلب قاتلىرىدىن پارتلاپ چىقىدۇ. شۇ چاغدا ئاللاھقا يۈزلىنىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سىغىنىپ دۇئا - ئىلتىجا قىلىدۇ. ياراتقان بىر ئاللاھتىن ياردەم سورايدۇ. مانا بۇ ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىدۇر. پەيلوسوف دېكارت مۇنداق دېگەن: «مەن ئۆزەمدىكى بىر يېتەرسىزلىكنى ھېس قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پۈتۈن كامچىلىقلاردىن خالى بولغان كامالەتلىك بىر زاتنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىمەن: مەندىكى بۇ خىل ھىسنى پۈتۈن كامال سۈپەتلەر بىلەن يېتىلگەن ئەشۇ كامىل زاتنىڭ قەلبىمگە سالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغانلىقىمنى كورىمەن. ئۇ كامىل زات بولسا – ئاللاھدۇر». ئەرنىس رىنان «دىنلار تارىخى» دېگەن كىتاۋىدا مۇنداق دېگەن ئىدى: «دۇنيادا بىز ياخشى كورىدىغان ھەر قانداق نەرسە – ھەتتا ئەقىل، ئىلىم – پەن ئەركىنلىكىمۇ يوقىلىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن، بىراق دىنىنىڭ يوق بولۇپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. بەلكى ئۇ ئىنسان تەپەككۇرىنى زېمىن ھاياتىدىكى كىچىك بىر دائىرىگە قىسقارتىپ قويماقچى بولغان ماتېرىيالىستلارنىڭ تۇتقان مەزھىپىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىگە جانلىق دەلىل بولۇپ، مەڭگۈ داۋام قىلىدۇ».

ئىنساننىڭ ئەسلى تەبىئىتى ئۇنىڭ ئۆزىنى ئاللاھقا باشلايدۇ. ئىنساندىكى بۇ خىل تەبىئەت ياكى قابىلىيەت يالغۇز ۋىجدانىلا ئەمەس، ياكى يالغۇز ئەقىللا ئەمەس، بەلكى ۋىجدان بىلەن ئەقىلنىڭ بىرىكىشىدۇر. ئەقىل يالغۇز ئۆزىلا ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈشنى تەبىئىي زورۇرىيەت دەپ بىلىدۇ. ئىنساننىڭ ئەقلى ئۇ ھېچ ئوقۇماستىن ياكى ئۆگەنمەستىن تۇرۇپمۇ ئەڭ ئاۋال سەۋەپلەر قانۇنىغا چىن ئىشىنىدۇ. ئۇ ھېچ بىر ئىشنى سەۋەپسىز، ئۆزلىكىدىن بارلىققا كەلدى، دېسە ئىشەنمەيدۇ، چۈنكى ئۇ سەۋەپسىز بىرەر ئىشنىڭ (نەرسىنىڭ) ۋۇجۇتقا كەلمەيدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ھەتتا ئىلىم - پەن ۋە مەدەنىيەتتىن ژىراق ياشىغان بىر ئادەم ئاللاھ توغرىلىق سورالغاندا سەۋەپلەر قانۇنىنى قوللىنىپ، ئۆزىنىڭ تۇغما قابىلىيىتى بىلەن مۇنداق جاۋاپ بەرگەن: «قۇملۇقتىكى توگە ئىزى بۇ چۆلدىن توگىنىڭ ئۆتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، ئۇلاق ئىزى بۇ جايدىن كارۋان ئۆتكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ. يۇلتۇزلار بىلەن قاپلانغان ئاسمان ۋە تۈرلۈك يوللار بىلەن كېڭەيگەن زېمىن، دېڭىزلار ئۇلارنى ياراتقان ئاللاھقا قانداقمۇ دالالەت قىلمىسۇن!؟» پەيلۇسوف

فرانسىس بېكون مۇنداق دەيدۇ: «ئازراق پەلسەپە ئوقۇش كىشىنى دىنسىزلىققا مايىل قىلىدۇ، لېكىن پەلسەپەگە ئىچكىرلەپ كىرىش ئەقىلنى ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈشكە مەجبۇر قىلىدۇ». بۇ كائىنات ئىلىملىرىدە ئەتراپلىق يېتىشكەن ۋە ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولغان كىشىلەرنىڭ گۇۋاھلىقلىرىدۇر.

دېمەك، ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش ئىنسان تەبىئىتىنىڭ تەلىپى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ ئەقىلنىڭ كامالىتىدۇر. توغرا، ئىنسانلار ياراتقۇچىسىز يارىتىلغان ئەمەس، ياكى ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى ياراتقانمۇ ئەمەس، تارىختىن بۇيان بىرەر كىشىنىڭ ئاسمانىنى ياكى زېمىننى مەن ياراتتىم، دەپ دەۋا قىلغانلىقىنىمۇ بىزگە مەلۇم ئەمەس. ئانداقتا ياراتقۇچى زادى كىم؟ بۇ سوئالغا ياراتقۇچى ئاللاھ دېيىشتىن باشقا ئەقىلگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ۋە ئادەمنى قايىل قىلىدىغان جاۋاپ يوقتۇر. بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادىدۇر. ھەتتا ئىرز ۋاقتىدا مۇشرىكلار گەرچە ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن بولسىمۇ، ئۇلار ئاللاھنىڭ ياراتقۇچى ئىكەنلىكىگە ئىقرار قىلىشاتتى، بۇ ھەقتە ئاللاھ ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى ۋەكىلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەن: «سەن ئەگەر ئۇلاردىن (مۇشرىكلاردىن) ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتقان دەپ سورىساڭ، ئۇلار: «ئەلۋەتتە، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى غالىپ، ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھ ياراتتى دەيدۇ».

**نەگە بارماقچىمەن؟**

بۇ سوئالغا ماتېرىيالىزمچىلار ئەڭ ئۇلۇغ زات سۈپىتىدە يارىتىلغان ئادەمنى ھايۋان دەرىجىسىگە چۈشۈرىدىغان «ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن مۇتلەق تۈگىشىدۇ، قايتىدىن تىرىلىش بولمايدۇ، ئۇنىڭ جەسىدى تۇپراققا ئايلىنىپ كېتىدۇ» دەپ جاۋاپ بېرىشىدۇ. مانا بۇ ئۇلارنىڭ قانچىلىكلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان پەلسەپەسىدۇر. بۇلارنىڭ پەلسەپىسى بويىچە پۈتۈن ھاياتنى ئىنسانىيەتنىڭ پايدىسى ئۈچۈن بېغىشلاپ، ياخشى ئىشلارنى قىلىپ ئۆتكەنلەر بىلەن ھاياتنى بۇزغۇنچىلىقلار بىلەن ۋە قان تۆكۈش بىلەن ئۆتكۈزگەنلەرنىڭ ھېچ پەرقى يوقتۇر. ياخشىلار مۇكاپاتىنى، يامانلار جازاسىنى كۆرمەيدۇ. ئەگەر ھەقىقەت ئۇلار تەسەۋۋۇر قىلغاندەك بولسا ئادەمنىڭ ھايۋاندىن ئالاھىدە پەرقلىق يارىتىلغانلىقىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن. نېمە ئۈچۈن ھايۋانلارغا بېرىلمىگەن ئەقىل – ئىدراك ئادەملەرگە بېرىلگەن؟

ئامما مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ بارىدىغان يېرىنى ئېنىق بىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دۇنيا ئۈچۈن يارىتىلماستىن، بەلكى دۇنيانىڭ ئۇلار ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىنى بۇ دۇنيانىڭ ئۆتكۈنچى ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىدۇ. ئۇلار بىر كۈنى ياخشى – يامانىنىڭ سورىقى بولىدىغانلىقىغا چوقۇم ئىشىنىدۇ. ئۇلۇغ قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «يامان ئىشلارنى قىلغانلار (گۇناھكارلار) ئۆزلىرىنى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلغانلار بىلەن تەڭ ئويلامدۇ؟ ئۇلار چىقارغان ھۆكۈمى نېمە دېگەن يامان! ھەر ئىنساننىڭ قىلمىشىغا يارىشا جازا ياكى مۇكاپات بېرىلىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ» (سۈرە جاسىيە 21 – 22 – ئايەتلەر). دېمەك، قىيامەت كۈنىنىڭ بولۇشىغا ئىشىنىش ئىماننىڭ ئاساسلىرىدىن بىرىدۇر.

**نېمە ئۈچۈن دۇنياغا كەلدىم؟**

ئاللاھقا ئىشىنىپ، ئېتىقات قىلغانلار بۇ سوئالنىڭ جاۋاۋىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئاۋال بىز

ئاللاھتىن ئىنساننى نېمە ئۈچۈن ياراتقانلىقىنى سورايلى: ئى ئاللاھ، ئىنساننى نېمە ئۈچۈن ياراتتىڭ؟ ئۇلارنى باشقا جانلىقلارغا ئوخشاش بۇ دۇنيادا يېيىش ـ ئىچىش ياكى ئويۇن-تاماشا ئۈچۈنلا ياراتتىڭمۇ؟ ياكى يەپ ـ ئىچىپ بىر كۈنى تۇپراققا ئايلىنىش ئۈچۈن ياراتتىڭمۇ؟ ئەگەر شۇنىڭ ئۈچۈنلا ياراتقان بولساڭ، ئىنسانغا ئەقىل ـ ئىدرەك، ئىرادە روھ ئاتا قىلغىنىڭنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟ ئاللاھ قۇرئانى كەرىمدە بۇ توغرىلىق مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم. ئۇلاردىن مەن رىزىق تەلەپ قىلمايمەن ۋە ئۇلارنىڭ مېنى بېقىشىنى تىلىمەيمەن». بۇ ئايەتتىن ئىنسان ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا يارىتىلغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. بىز كائىناتقا نەزەر سالساقمۇ، ئۇنىڭدىكى پۈتۈن شەيئىلەرنىڭ باشقىسى ئۈچۈن ياشاۋاتقان ياكى ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. بۇنىڭدىن كائىناتتىكى ھەر قانداق نەرسىنىڭ بىرەر مەخسەت، بىرەر غايە بىلەن يارىتىلغانلىقىنى، مەخسەتسىز بىكارغا يارىتىلمىغانلىقىنى كۆرىمىز. مەسىلەن: سۇ، يەر، زېمىننى ياشارتىش ئۈچۈن، زېمىن: زىرائەتلەرنى ئۇستۇرۇش ئۈچۈن، زىرائەتلەر ھايۋانلارنىڭ ئوزۇقلىنىشى ئۈچۈن، ھايۋانلار بولسا ئادەملەرنىڭ مەنپىيىتى ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىنى كۆرىمىز. دېمەك، ھەممە نەرسە پەقەت ئادەم ئۈچۈن يارىتىلغان بولۇپ چىقىدۇ. ئانداقتا ئىنسان كىم ئۈچۈن يارىتىلغان؟ شۈبھىسىزكى ئىنسان ئاللا ئۈچۈن يەنى ئاللانى تونۇپ ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغان. ئىنسان يەر يۈزىدىكى پۈتۈن مەخلۇقلارنىڭ خوجايىنى. ئاللاھ ئۇلۇغ قىلىپ ياراتقان ئەشۇ ئىنسانلاردىن پەقەت ئۆزىنى تونۇشنى، ئۆزىگە ئېتىقات قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئادەم ئاللاھ تەرىپىدىن ئۇلۇغ مۆجىزات سۈپىتىدە يارالغان تۇرۇپ، ئۆزىنى ياراتقانغا ئىبادەت قىلماي، ئاي، كۈن، يۇلتۇز، كالا، ئوت ۋە باشقا ئۆزىنىڭ مەنپىيىتى ئۈچۈن يارىتىلغان نەرسىلەرگە ئېتىقات قىلسا بولامدۇ. ئەگەر شۇنداق قىلسا، ئۇ بېمەنىلىك بولمامدۇ؟! ئادەملەر باشقا نەرسىلەرگە ئېتىقات قىلىشى ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ يارىتىلغان ئىنسانلىق غۇرۇرىنى يوق قىلغانلىقى، ئۆزىنى باشقىلارغا قۇل قىلغانلىقى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئىنسان ئۈچۈن ئىبادەت قىلىشقا ئۆزىنى ياراتقان ئاللاھتىن ئارتۇق ئۇلۇغ زات يوقتۇر. ئەندى ئىبادەت دېگەن نېمە؟

ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ــ ئۇنىڭغا ئەڭ كەمتەرلىك، ئەڭ كامالى ئېھتىرام بىلەن ئىتائەت قىلىش دېمەكتۇر. ئىبادەتنىڭ تۈرلىرى ناماز ئوقۇش، ئاللاھقا دۇئا قىلىش، ئۇنىڭ مورۇۋۋىتىنى ئارزۇ قىلىش، ئازابىدىن قورقۇش، يامان ئىشلاردىن يېنىش، توغرا ئىش قىلىش، راست سۆزلەش، ئادىل بولۇش، ئاجىزلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش، ئىنسانلارغا پايدىلىق بولغان پەن ـ مەدەنىيەتلەرنى ئېگەللەش، ئاللاھنى ياد قىلىشقا ئوخشاش ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئىبادەت تۈرىگە كىرىدۇ. ئىبادەت مەسچىتلەردىكى ناماز، زىكىرلەرگىلا مەنسۇپ بولماستىن بەلكى ئىنساننىڭ نىيىتى ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىششتىن ئىبارەت بولىدىكەن، ئادەمنىڭ مېڭىش تۇرۇشلىرى، يېيىش ــ ئىچىشلىرى، دۇنيالىق ئۈچۈن ھالال ئىشلەشلىرىمۇ ئىبادەت ھېساپلىنىدۇ.

**«يېڭى ھايات» 1996 ـ يىل، 4 ـ ماي**

# ناماز ــ كاتتا ئىبادەتتۇر

هازىر ئامېرىكىدا «سۈكۈتتە تۇرۇپ، ئويغا چۆكۈش» ئادىتى ئەۋج ئالماقتا. بۇ ئادەت ھىندىستاندىن تارقىلىپ كەلگەن بولۇپ، يېقىندىن بۇيان ئامېرىكا جەمئىيىتىدە ئالاھىدە ئابروي ــ ئىناۋەت قازانماقتا. بۇ ئادەت بىر يېڭى مەزھەپ شەكلىدە كېڭەيگەن بولۇپ، ئۇنىڭ توغرىسىدا نۇرغۇن ماقالىلار ھەتتا كىتابلار نەشر قىلىنغان. بۇ مەزھەپكە ئەگەشكەنلەرنىڭ سانى مىللىونلاپ ھېسابلانماقتا. مەزھەپنىڭ پېشۋالىرى ھەر قايسى جايلاردا ئۆز دەۋەتلىرىنى يايماقتا. بۇ مەزھەپ ھەر كۈنى بىر قانچە مىنۇت ۋاقىت چىقىرىپ، كاللىدىن غەم ــ قايغۇ، يامان ئوي پىكىرلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئىككى كوزنى ژۇمغان ھالدا دۇنيا تەشۋىشلىرىدىن پۈتۈنلەي خالىي بولۇپ، بىر ھازا تېچ ئولتۇرۇشقا دەۋەت قىلىدۇ. بۇ مەزھەپنىڭ پېشۋالىرى ئۆزلىرىنىڭ مۇرىتلىرىغا ھەر كۈنى مەشغۇلات ۋاقتىدا بىر خىل سانسكرىتچە سوزلەرنى تەكرارلاشنى تەۋسىيە قىلىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئېتىقادىدا بۇ خىل پائالىيەت نىرۋىنى ۋە ئەقىلنى ھەرىكەتتىن توختىتىش ئارقىلىق ئۇلارنى راھەتلەندۈرۈپ، ئارام ئالغۇزىدىكەن. ئۇلار تەكرارلاپ ئېيتىشىدىغان سانسكرىتچە سوزلەر ئۇلارنى غەم ــ ئەندىشىدىن بىر ئاز ۋاقىت بولسىمۇ خالىي بولۇشىغا زەمىن ھازىرلايدىكەن.

مەزھەپكە چاقىرىدىغان ئىلمىي ماقالىلارنىڭ تەكىتلىشىچە، بۇ خىل مەشىق پائالىيىتى بىر قانچە ئاي داۋام قىلىشى جەريانىدا كىشىلەرنىڭ قان بېسىمى، باش ئاغرىقى قاتارلىق كېسەللىكلىرى شىپا تاپقان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئادەت ھازىر دۇنيا بويىچە كەڭ ئېتەك يايماقتا.

ئاما مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بۇ خىل پائالىيەت ئانچىلا يېڭىلىق ئەمەس. ئىسلام دىنىدا مۇسۇلمانلارغا پەرز قىلىپ بۇيرۇلغان بەش ۋاقىت ناماز بولسا بۇ خىل پائالىيەتلەرگە شەكلەن ئوخشاپ كەتسىمۇ، ماھىيەت جەھەتتە ئۇ خىل مەزھەپ ۋە ئادەتلەردىن نەچچە ھەسسە ئەھمىيەتلىك ۋە پايدىلىقتۇر. چۈنكى ژۇقارقى مەزھەپ يېقىندىن پەيدا بولغان بولسا، بىزنىڭ ئىسلام دىنىمىز 14 ئەسىر بۇرۇنقى چاغلاردىلا بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇشنىڭ تەن سالامەتلىككە، مەنىۋى يۈكسەكلىككە سەۋەب بولىدىغان پايدىلىق بىر پائالىيەت ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغان ۋە مۇسۇلمانلارنى ئۇنى ئادا قىلىشقا بۇيرىغان. كۈندە ئوقۇلىدىغان بەش ۋاقىت ناماز ژۇقارقى مەزھەپتىكىلەرنىڭ پائالىيىتىدىن جىسمانىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن كوپ پايدىلىقتۇر. نامازدىكى خالىلىق غەمكىنلىك، ئەندىشە ۋە باشقا ئىشلاردىن نىرۋىنى دەم ئالدۇرۇپ ئۇنى راھەتلەندۈرۈش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاللاھنىڭ ھوزۇرىغا يۈكسىلىش ۋە بەندىچىلىكنى ئادا قىلىش ئۈچۈندۇر. ناماز ئەسناسىدا ئوقۇلىدىغان زىكىرلەرمۇ سانسكرىتچە مەناسىز سوزلەرگە ئوخشىمايدۇ، بەلكى نامازدىكى تەسبىھلەر ئاللاھنىڭ كامالىي سۈپەتلىرىنى تەكرارلاش، ھەمدۇسانا ئېيتىش ۋە ئۇنى ياد ئېيتىشتىن ئىبارەتتۇر.

مۇبادا ناماز ۋاقتىدا يۈز بېرىدىغان ئۆزگىرىشلەر ھەققىدە ئىنچىكە تەتقىق ئېلىپ بېرىلىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە، قان بېسىمىنىڭ نورماللىشىشى، نىرۋىنىڭ راھەتلىنىشى قاتارلىق

كۆپلىگەن ياخشى كەيپىياتلارنىڭ ناماز ئوقۇش بىلەن كېلىپ چىقىدىغانلىقى تېخىمۇ روشەن ئىسپاتلانغان بولار ئېدى. ئامما ئامېرىكا بىلەن ياۋروپىدا ئىسلام دىنى ھەققىدە كەڭ تەتقىقات ۋە ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىشنى ئانچىلا خالىمايدۇ. شۇڭا ئۇلار ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى چۈشەنمەيدۇ. شۇ سەۋەپتىن بىزنىڭ نامىزىمىز بەزى ئەللەر ئۈچۈن ئېچىلمىغان سىرلىق كان بولۇپ قالماقتا. ناماز ئوقۇشنىڭ پايدىلىقلىقىنى پەقەت ناماز ئوقۇش بىلەن شۇغۇللانغانلار ياخشى بىلىدۇ. ئاللاھ بىزگە «نامازنى قائىدىلىرىگە رايە قىلىپ ئادا قىلىڭلار» دەپ ئەمر قىلىدۇ. ناماز پۈتۈن ئەزالار، قەلب، ئەقىل ۋە روھ بىلەن بىرلىكتە ئاللاھنىڭ ھوزۇرىغا يۈزلىنىشتىن ئىبارەتتۇر.

مەلۇمكى، ئاللاھنى تونۇپ، ئۇنىڭ تەڭداشسىز تەنھا بىر ئىلاھ ئېكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا دىل بىلەن تەستىق ۋە تىل بىلەن ئىقرار قىلىش مۇسۇلمانلىقنىڭ ئاۋالقى شەرتىدۇر. مانا بۇ «تەۋھىد» دەپ ئاتىلىدۇ. تەۋھىدتىن كېيىن مۇسۇلمان كىشىگە ئاللاھ تەرىپىدىن بۇيرۇلغان پەرىزلەرنىڭ ئەڭ ئەھمىيەتلىكى نامازدۇر. ناماز ئىماننىڭ ئالامىتى، قەلبىنىڭ نۇرى ۋە مۇسۇلماننىڭ مىراجىدۇر.

ئاللا تەرىپىدىن ئىنسانلارغا ناماز ئوقۇش ئەمر ئېتىلگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەندىن باشلاپ ناماز ئوقۇش بىلەن شۇغۇللانغان. پەيغەمبىرىمىز ئاللاھ تەرىپىدىن مىراجغا كۆتۈرۈلگەن كېچىسى ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن ئۈممەتلىرىگە كۈندە بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇش پەرز قىلىندى. قۇرئانۇ كەرىمدە ۋە ھەدىسلەردە نامازنىڭ ئەھمىيىتى توغرىلىق تەۋسىيەلەر ۋە ئەمرلەر ناھايىتى كۆپ. مانا بۇ ئىسلام دىنىنىڭ نامازغا نەقەدەر ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاپ قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئى، مۇھەممەد، ساڭا ۋەھى قىلىنغان كىتاپ (قۇرئان) نى تىلاۋەت قىلغىن. نامازنى تەئدىل ئەركان بىلەن ئوقۇغىن. ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ ـ يامان ئىشلاردىن توسايدۇ». پەيغەمبىرىمىز ناماز توغرىلىق مۇنداق دەيدۇ: «ناماز دىنىنىڭ ئاساسىدۇر. نامازنى تەرك ئەتكەن كىشى دىنىنى ژىقىتقان بولىدۇ».

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، ناماز ئەڭ كاتتا، ئەڭ مۇقەددەس ئىبادەتتۇر. ناماز بالاغەتكە يەتكەن، ئەقلى جايىدا بولغان ھەر قانداق مۇسۇلماننىڭ بەلگۈلەنگەن قەرەلدە ئادا قىلىشقا بۇيرۇلغان ۋەزىپىسىدۇر. ئادەم ناماز ئارقىلىق ئاللاھقا قەلبىدىكى ئىماننى نامايان قىلىدۇ ۋە ياراتقانغا شۈكۈر ئىزھار قىلىدۇ. ئىنسان ناماز سايىسىدا تۈرلۈك گۇناھلاردىن ساقلىنالايدۇ ۋە ئاللانىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. ناماز مەنىۋىي ھاياتنى يۈكسەلدۈرگەندىن تاشقىرى ماددىي ھاياتنىمۇ جانلاندۇرىدۇ. ناماز ئىنساننىڭ تازا ـ پاكىزە بولۇشىغا، ساغلام بولۇشىغا ۋە ئىنتىزامچان بولۇشىغا سەۋەپ بولىدىغان كاتتا خاسىيەتلىك ئىبادەتتۇر.

**«يېڭى ھايات» 1996 ـ ژىل، 18 ـ ماي**

# توغرا نىيەت — ئىبادەتتۇر

خەلقىمىزمۇ «ياخشى نىيەت — يېرىم دۆلەت» دەپ بىلىپ ئېيتقان. نىيەت دېگەن ئادەمنىڭ كۆڭۈل قېتىدا پەيدا بولغان ۋە ئادەمنى بىر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بەل باغلاتقان ئوي — مەخسىتىدىن ئىبارەتتۇر. نىيەتنىڭ ئورنى قەلب. نىيەتنىڭ ۋاقتى — ھەر ئىشنىڭ بېشى. ھەر قانداق ئەمەل — ئىبادەتلەر ئادەمنىڭ نىيىتىگە قاراپ، ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئىبادەت قىلغۇچىغا نىيىتىگە قاراپ، قەدىر — قىممەت ياكى ئۇنىڭ ئەكسىنچە ئەھۋال ئېلىپ كېلىدۇ. ئەمەل ئىبادەتسىز قۇرۇق نىيەت ئېتىبارغا ئېلىنمىغاندەك، نىيەتسىز ئەمەلمۇ يېتەرسىزدۇر. نىيەت ئادەتتىكى ئىشلارنىمۇ ياخشى ئەمەل — ئىبادەتلەرگە ئورۇيدىغان بىر خىسلەتتۇر. ئادەملەرنىڭ ئۆلگەندىن كېيىن جەننەت ياكى دوزاققا كىرىشلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ تىرىكلىكىدە قىلغان ئىبادەت، ياخشى — يامان ئىشلىرى بىلەن نىيەتلىرىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

ئىسلامدا نىيەتنىڭ سالاھىيەتلىك بولۇشى ئۈچۈن ئۈچ شەرت بار، ئۇلار: نىيەت قىلغۇچىنىڭ چىن مۇسۇلمان بولۇشى، نىيەت قىلغۇچىنىڭ بالىغ ۋە ئاقىل بولۇشى، نىيەت قىلغۇچىنىڭ نېمىگە نىيەت قىلغانلىقىنى ئۆزىلا بىلىشى كېرەك. نىيەت ھەر قانداق ئەمەل — ئىبادەتتە تەلەپ قىلىنىدۇ ۋە ئۇ ئەمەل نىيەتكە قاراپ، مەقبۇل بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئەمەل — ئىبادەتلەرنىڭ مەقبۇل بولۇشى نىيەتلەرگە باغلىقدۇر» دېگەن.

ھەقىقەتەنمۇ ئادەم بالىسى مەكتەپكە بېرىپ، بىلىم تەھسىل قىلىشتا جاھالەتتىن — قاراڭغۇلۇقتىن قۇتۇلۇش دۇنيانى ۋە ئۆزىنى تونۇش، جەمىيەت ۋە تەبىيەت ھادىسىلىرىنىڭ سىر — ئەسرارىنى ئۆگىنىش، ئىمانلىق، ئەخلاقلىق ۋە مەدەنىيەتلىك ئادەم بولۇپ يېتىلىشنى نىيەت قىلىدۇ. ئۇ تىرىكچىلىك يولىدا! زۇرگەندە، ھورۇنلۇقتىن نېرى قېچىپ، رىسقىنى ھالال ئىشلەپ تېپىپ يېيىشنى، رىسق ئالىمىنىڭ ئىشكىنى ئەمگەك ئاچقۇچى بىلەن ئېچىشنى، تاپقان — تەرگىنىنى پەرزەنتلىرىنىڭ، خىش — ئەقرىبالىرىنىڭ بىلىم ئېلىشى ۋە خەلققە پايدىسى تېگىدىغان ئادەم بولۇش يولىغا سەرىپ قىلىشى، شۇنداقلا مۇھتاجلارغا ياردەم قولىنى سۇنۇشنى نىيەت ۋە مەخسەت قىلىدۇ. دېمەك، ياشاشنىڭ غايىسى ئادەم بالىسى ئۈچۈن ۋەتەنگە، مىللەتكە خىزمەت قىلىش ئارقىلىق ياراتقان بىر ئاللانى رازى قىلىش، ئۆزىمۇ ئەمگىكىدىن بەھرىمان بولۇشتىن ئىبارەت. ئەگەر ئىنساندىكى بۇ غايە ئەمەلگە ئاشمىسا، ياشاشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن.

ئىنساننىڭ يېمەك — ئىچمەك، كىيىنمەك ۋە ئۆز ئارا، شۇنداقلا ئەر — ئاياللىق مۇناسىۋەتلىرىمۇ نىيەتنىڭ دۇرۇس بولۇشلىرىغا قاراپ، ئىبادەت قاتارىغا كىرىدۇ. ئىسلام دىنىدا نىيەتنىڭ ئورنى شۇنچىلىك چوڭكى، ئادەتتىكى دۇنيا ئىشلىرى ۋە ئامىمۇۋى پائالىيەتلەرمۇ نىيەت توغرا بولۇشى شەرتى بىلەن ئىبادەتكە ياتىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ساھابىلىرىغا «سىلەرنىڭ ئەر — ئاياللىق مۇناسىۋىتىڭلاردا سەدىقىنىڭ ساۋابى باردۇر» دېگەندە، ساھابىلار ئەجەبلىنىپ: «ئى، رەسۇلۇللا بىز ئۆزلىرىمىزنىڭ جىنسىي ھەۋەسلىرىنى قاندۇرساقمۇ ساۋاپ بولامدۇ؟» دېيىشكەندە،

مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام: «ئېيتىڭلارچۇ، ئەگەردە سىلەر جىنسىي ھەۋەسىڭلارنى ھارام يوللار بىلەن قاندۇرساڭلار گۇناھ بولامدۇ؟» دېگەندە، ساھابىلار: «ئەلۋەتتە، گۇناھ بولىدۇ» دېيىشىدۇ، شۇ پەيتتە مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام: «مابادا جىنسىي ھەۋەسىڭلارنى ھالال نىكاھلىق خوتۇنۇڭلار ئارقىلىق قاندۇرساڭلار، سىلەرگە ساۋاپ بولىدۇ» دېگەن. دېمەك، نىيىتىڭ توغرا بولسا، پۈتۈن ھاياتىڭ ئىبادەتتۇر...

**«يېڭى ھايات» 1996 ـ يىل، 15 ـ ئىيۇن**

# ئىخلاس — ساداقەت رەمزىدۇر

ئىخلاس لۇغەتتە بىر نەرسىنى باشقىدىن تاللاپ ئايرىش مەناسىنى بىلدۈرسە، ئىسلامدا ئىخلاس ئاللا بۇيرىغان ھەر قانداق بىر ئىشنى گۈزەل نىيەت، ساپ قەلب بىلەن خۇدا رازىلىقى ئۈچۈن دىندا كۆرسىتىلگەن بويىچە قىلىش دېمەكتۇر.

ئىخلاس قەلب ئىچىدىن كەلگەن سەممىي سۆيگۈ بىلەن كۆرسىتىلگەن ساداقەتتۇر. ئىخلاسنىڭ ئەكسى رىيادۇر. قىلىنغان ئىبادەت ۋە ھەر قانداق بىر ياخشى ئىشلاردا ھېچ قانداق بىر مەنپىيەت ياكى پايدىنى كۆزلىمەستىن، پەقەت ئاللا رازىلىقىنى مەخسەت قىلىش ئىخلاسنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ھەقىقىي ئىخلاس ئۈچۈن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ قىسسىسى ئەڭ ياخشى ئۈلگە بولالايدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام زالىم نەمرۇت تەرىپىدىن ئوتقا تاشلانغان ۋاقىتتا ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەن جەبرائىل پەرىشتەنىڭ «خالىساڭ ساڭا ياردەم قىلاي ۋە سېنى ئوتتىن قۇتۇلدۇراي» دېگەن تەلۋىگە جاۋاپ بېرىپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: «پەرۋەردىگارىم مېنىڭ بۇ ھالىمنى بىلەمدۇ؟» دەپ سورايدۇ. جەبرائىل: «ئاللا بىلىدۇ» دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداق بولسا ساڭا ئېھتىياجىم يوق، ئاللانىڭ مېنىڭ بۇ ھالىمنى بىلىشى ماڭا يېتىدۇ» دەپ جاۋاپ قايتۇرىدۇ. مانا بۇ ھەقىقىي چىن ئىخلاسنىڭ بىردىن – بىر مىسالىدۇر.

ئىخلاس توغرىلىق كەلگەن ئايەت ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرىگە ئاساسلانغاندا، نىجات يولى پەقەت ئىخلاستىدۇر. ئادەم بالىسىنىڭ ئىككى دۇنيالىق سائادىتى ۋە ماددىي، مەنىۋىيىتىگە كېپىللىك قىلىدىغان ئىخلاستىن بولەك ئىككىنچى بىر خىسلەت يوقتۇر. بىراۋنىڭ ئىخلاسىنى قازانماق ھەقىقەتەن مۇھىم بىر ئىشتۇر. چۈنكى زەررىچىلىك ئىخلاس بىلەن قىلىنغان ئەمەل ئىخلاسسىز قىلىنغان مىڭلارچە ئەمەل – ئىبادەتتىن ئۈستۈندۇر.

ھەر قانداق بىر ئىشتا ئىخلاس تەلەپ قىلىنىدۇ. ئىبادەتتە، قۇرئان ئوقۇشتا، يېتىم – يېسىرلارغا ياردەم قىلىشتا، ھالال رىزىق ئۈچۈن ئىشلەشتە ئىخلاس باغلاپ ئىش قىلىش لازىم. ھەر قانداق بىر ئىشنىڭ ئۆزىگە لايىق ئىخلاسى باردۇر، مەسىلەن: سەممىي ئىخلاس بىلەن باغلانغان مۇھەببەتنىڭ بىر زەررىسى بىرەر مەنپىيەت يۈزىسىدىن بولغان مۇھەببەتتىن، ئەلۋەتتە، يۇقۇرىدۇر. چىن مۇھەببەتنى كۆرۈشنى خالىغان كىشى ئانىلارنىڭ تەبىيىتىگە قارىسا بولىدۇ. ھەقىقىي خالىس مۇھەببەتكە ئانىلار سازاۋەردۇر. ئۇلار پەرزەنتلىرى ئۈچۈن ئۆرگۈزۈلگەن جاپا – مۇشاقەتلەرنى تارتىپ، چىن دىلىدىن باللار ئۈچۈن كويۇپ – پىشىپ، چوڭ قىلىدۇ. لېكىن ئۇ قىلغانلىرى ئۈچۈن باللىرىدىن بىرەر مۇكاپات، سوغا تاما قىلمايدۇ، بىرەر پايدا كۆزلىمەيدۇ. ئادەممۇ ئاللاغا ئىخلاس قىلغان ئىكەن، شۇنداق چىن ئېقىدە، سۆيگۈ بىلەن ئىخلاس قىلغاندا، ئاندىن ئۇ ئاللانىڭ ھەقىقىي مۇخلىسىغا ئايلىنىدۇ.

خالىس دىن ئاللا ئۈچۈندۇر. ئاللا چىن ئىخلاس بىلەنلا قىلىنغان ئەمەل – ئىبادەتلەرنىلا مەقبۇل قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خۇدا قۇرئانۇ كەرىمدە ئىنسانلارنىڭ ئىبادەتلەرنى خالىس ئاللاغا قىلىشلىرىنى، دۇئالىرىنى سەممىي قىلىشلىرىنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئىبادەتتە كەيپىيات بەك مۇھىمدۇر. ئاللانىڭ رازىلىقى ئىبادەت ئەمەللىرىنى كۆپ قىلىش بىلەن ياكى كۆپ كىشىلەرنى دىنغا ئەگەشتۈرۈش بىلەن قازىنىلمايدۇ، بەلكى ئاللانىڭ رازىلىقى پەقەت ئىخلاس بىلەنلا قازىنىلىدۇ. شۇڭا بەزىدە بىرەر ئېغىز سۆز ياكى بىرەر ياخشى نىيەت ھەقىقىي سائادەتكە ۋە قۇتۇلۇشقا سەۋەپ بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنىڭ كۆپ قىلىنىشىغا قارىماستىن، بەلكى قەلبىدىكى ئىخلاسقا قاراش كېرەك. چۈنكى كېرەك بولغىنى ئىخلاستۇر. مەن بۇ سۆزۈم بىلەن، ئەمەل ئىبادەتلەرنى ۋە دىنغا دەۋەت قىلىش ئىشلىرىنى پايدىسىز دېمەكچى ئەمەسمەن. بەلكى موشۇ ئەمەل ئىبادەتلەرنىڭ ۋە ياخشى ئىشلارنىڭ قىممەتكە ئىگە بولۇشى ئىخلاس بىلەن بولىدۇ دېگەننى ئوچۇقلىماقچىمەن. زادى ئاللا رازىلىقىنى كۆزلىمەستىن باشقا مەخسەت ۋە مەنپەتلەرنى كۆزلەپ قىلىنغان پۈتۈن ئەمەللەر ۋە ئىبادەتلەر بىكاردۇر. مەسىلەن: كۆمۈر كىلوگرام بىلەن ھەتتا تونىلاپ، ئالتۇن بولسا گراملاپ تارتىپ سېتىلىدۇ. ئىخلاسلىق ئەمەل ئالتۇن بولسا، ئىخلاسسىز ئەمەل كۆمۈرگە ئوخشايدۇ. بۇ مىسالدىن ئىخلاسلىق ئىبادەت بىلەن ئىخلاسسىز ئەمەل ـ ئىبادەتنىڭ ئارىسىدىكى پەرىق ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

**«يېڭى ھايات» 1996 ـ يىل، 15 ـ ئىيۇن**

# ئالەمنىڭ يارىتىلىشى ۋە ھاياتلىق ھەققىدىكى ئىسلام تەلىماتىنىڭ قائىدە ـ تەرتىپلىرى

كىشىلىك جەمىيەت تۈزۈمىنىڭ ئىپتىدائىي دەۋرىدىلا ئادەملەر دۇنيانىڭ يارىلىش
ئاساسلىرى، تەبىەت ئۆزگىرىشلىرىنىڭ سىرىنى بىلىشكە قىزىقىشى تۈپەيلى ئۇزلىرى ئۈ-
چۈن تەلىمات خاراكتېرىغا ئىگە بولغان ئالەم ھەققىدە ھەر خىل مۇلاھىزىلار قىلىپ كەل
گەن. ئەسلىدە ئىنسان دۇنياغا پەيدا بولۇشى بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ئەقىدىسى ۋە پىكرى
بىرگەيارىتىلىدۇ.ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامىمۇ ئىپتىدائىي ئىنسانلارنى
بىر ئاللاغا ئىبادەت قىلىشتەك ھەق دىنىي ئېتىقاتقا دەۋەت قىلغان. ئادەم ئەلەيھىسسالام
دۇنيادىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى ئىنسانلارنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ۋە
رەقىبى بولغان شەيتانلارنىڭ ئازدۇرۇشلىرى تۈپەيلى بۇ ھەقىقىي چۈشەنچىسىدىن چەت
نەپ، تەبىەتتىكى ھەر خىل كۈچلەرگە چوقۇنۇش يولىغا كىرىپ كەتكەن. ئەسىرلەرنىڭ
ئۆتۈشى قانداقتۇبىرئىلاھى كۈچكە ئىگە بولغان ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىغا مۇكەممەل ئىشەن
چە ھاسىل قىلدۇردى. ئادەم ئەلەيھىسسالام، نوھ ئەلەيھىسسالام، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام
ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە ئۆتكەن كۆپلىگەن پەيغەمبەرلەردىن كېيىن ياراتقان
ئاللانىڭ مەۋجۇتلىقى چۈشەنچىسى يەنىمۇ ئۇلغىيىپ ئەڭ ئاخىرىدا ئاللانىڭ قۇدرەت
كامالىتى بىلەن ئۇنىڭ چىن مەنادىكى ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ئىس
لام دىنى ھاياتلىقتىن مۇقۇم ئورۇن ئالدى. شۇنىڭدىن بېرىقى ئۆتكەن بىر يېرىم مىڭ
ژىللىق ۋاقىت ئىچىدە ئۇ بارغانسىرى كەڭ قانات يېيىش بىلەن نەچچە مىللىونلىغان كى-
شىلەر قەلبىدىن ئورۇن ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ.

ھاياتىمىزدا بىر دەۋر قىسىم كورسىتىشلەرگە ئۇچرىغان بۇ دىنىي ئېتىقاتىمىز كېيىنكى
ژىللاردا يەنىلا جانلىنىشقا ئۆتتى. دۇنيا بويىچە ئىسلامنىڭ تەسىر دائىرىسى قانچىلىك
كەڭىيىپ، ئۇنى باشقا غەيرى دىنلاردىكى شەخسلەرمۇ قوبۇل قىلىۋاتقان بولسا، بىزنىڭ
ئەمەلىي ھاياتىمىزدىمۇ شۇ يۈكسىلىش يۈز بېرىۋاتىدۇ. لېكىن شۇنداقمۇ ئەپسۇسلىنىش بى-
لەن ئىقرار قىلىش كېرەككى، ھەر خىل تەشۋىقاتلارغا ئەگىشىپ ئىسلام ئېتىقاتىدىن يۈز
ئورۇۋاتقانلارمۇ يوق ئەمەس.

نېمە ئۈچۈن مۇنداق ئەھۋاللار يۈز بېرىۋاتىدۇ؟ دېگەن سوئال ئۈستىدە ئويلانساق، ئۇ-
نىڭ تۈگۈنى بىز ئىسلامنىڭ ھەقىقىي چىن ماھىيىتىنى ئىلمىي ئاساسدا، ئەمەلىياتتا ئۆي-
غۇنلاشتۇرۇپ، كەڭ مەنادا چۈشەندۇرۇپ بېرەلمەيۋاتقىنىمىزغا باغلىق بولىۋاتىدۇ. دې-
مەك، ھازىرقى پەن ـ تېخنىكا دەۋرىدە ئۇنى قورۇق ۋەزى ـ نەسىھەتلەر بىلەن ئەمەس،
ئىلمىي ئاساسدا تەرغىپ قىلىشىمىز شەرت. دىنىي ئېتىقاتىمىز چەكلىمىلەرگە ئۇچرى-
غان70 ژىلدىن ئوشۇق ۋاقىت ئىچىدە بىلىملىك دىنىي ئۆلۈمالىرىمىز ئازىيىپ، ئۇلار-
نىڭ ئورنىنى باسقىدەك ياشلار تەبىيلەنمەي، بەزى بىر چالا ساۋات موللىلىرىمىز ئىس-
لام دىنىمىزنىڭ ھەقىقىي قائىدە ـ تەرتىپلىرىگە ئۇيغۇن بولمىغان ھەر خىل تالاش پى-

كىرلەرنى تۇغدۇرىدىغان پەتىۋالارنى چىقىرىپ، كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭدىن رايىنى قايتۇرۇشقا ئېلىپ كەلدى ۋە ئىككىلىنىش كۆز قاراشلىرىنى تۇغدۇردى.

ژۇقۇردا ئېيتىلغانلارنى نەزەردە تۇتقان ھالدا ئىسلام دىنى ئېتىقاتىنىڭ ھەقىقىي ئىلمىي، ئەمەلىي ماھىيىتىنى چۈشەندۈرۈش، پىكىر ژۈرگۈزۈش مەخسىتىدە مەخسۇس مۇخبىرىمىز بالىلىغىدىن چوڭ قىزىقىش بىلەن دىنىي بىلىم ئالغىنىدىن كېيىن، قۇرئانۇ كەرىمنى تولۇق يادقا ئېلىپ، ئاندىن مىسىر شەھىرىدىكى ئەزھەر بىلىم گاھىنىڭ شەرىئەت ۋە قانۇن فاكۇلتېتىنى تاماملىغان مۇھەممەد يۈسۈپكە بىر نەچچە سوئاللار بىلەن مۇراجىئەت قىلغان ئىدى.

— ئەڭ ئالدى بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ ئىمانىيلىغى ۋە ھەقىقىي ئىنسانىيلىق خىسلەتلەرنى تەرغىپ قىلغۇچى دىن ئېكەنلىگى ھەققىدە چۈشەنچە بەرسىڭىز؟

— ئىسلام دىنىنىڭ روشەن نۇرى پۈتكۈل دۇنيا ئادەملىرىنى ئىنتايىن قايىل قىلىپلا قالماستىن، پۈتۈن دۇنياغا ئۆزىنىڭ ھەقىقەت مەشئىلىنى ياندۇردى. ئىسلام دىنى ھەر قانداق جايغا ۋە ھەر قانداق زامانغا مۇناسىپ كېلىدىغان ۋە ئەقىلگە ئۇيغۇن بىر دىن — بىر ھەقىقەت دىنىدۇر. شۇ سەۋەپتىن بۇ دىن دۇنيانىڭ ھەر قايسى قىتئەلىرىدە يىلتىز تارتتى. ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىي روھى بويىچە پەيغەمبىرىمىز ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى ئۇنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ، دۇنيا خەلقىگە نامايان قىلدى. شۇڭا ھەر قايسى مىللەت خەلقلىرى ئىسلام دىنىنىڭ ھەقلىگىگە ۋە ئۇنىڭ ئەڭ ئىلغار دىن ئېكەنلىگىگە ئۆزلىگىدىن قايىل بولۇپ، ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئۇنى تاللىغان. ھەر قانداق بىر ھەقىقەتنىڭ دۈشمەنلىرى بولغىنىدەك، ئىسلام دىنىنىڭمۇ دۈشمەنلىرى ئاز بولمىغان. ئۇلار ئىسلام دىنىغا تۆھمەت قىلىپ، ئىسلام دىنى قىلىچ بىلەن ۋە زورلۇق بىلەن تارالغان دىن دەپ كەلمەكتە. ئەمەلىياتتا بولسا، بۇ دىن ئۆزىنىڭ ھەقلىغى ۋە ئالىي پەزىلىتى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىدە شۇنداق ئورۇن ئالغان. چۈنكى ئىسلام دىنىنىڭ پرىنسىپىدا كىشىلەرنى ئۇنىڭغا زورلىغان ئەمەس. ئىسلام دىنىنىڭ بۇ پرىنسىپىنى ئاللا مۇنداق بايان قىلىدۇ: «ئى، مۇھەممەد، قۇرئاننى ئۇلارغا دانە — دانە ئوقۇپ بېرىشىڭ ئۈچۈن ئۇنى بۆلۈپ - بۆلۈپ نازىل قىلدۇق. قۇرئانغا ئىشىنىڭلار ياكى ئىشەنمەڭلار (ئىختىيارىڭلاردا) دېگىن». يەنى «خالىساڭلار ئىمان ئېيتىپ، ئىسلام دىنىغا كىرىڭلار، خالىمىساڭلار ئۆز ھالىڭلاردا قېلىڭلار» دەيدۇ. يەنە ئاللا مۇنداق دەيدۇ: «دىندا ئۇنىڭغا كىرىشكە زورلاش يوق» چۈنكى ئىسلام دىنى بىر نەرسىگە ئىشىنىدىكى، ئۇ بولسىمۇ، ئىسلام تەلىماتلىرىنىڭ ئېسىللىغى ۋە ئۇنىڭ قانۇنلىرىنىڭ ئىلغارلىغىدىدۇر. شۇڭا ئاللا ئۆز ۋاقتىدا پۈتۈن ساماۋىي دىنلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئىسلام دىنىنى ھەقىقىي مەڭگۈلۈك دىن قىلىپ بەلگۈلىگەن. تارىخلارغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، ئىسلام دىنى قايسى بىر مىللەتكە يەتكەن بولسا، ئۇ مىللەتنى ئۆزىنىڭ ھەقلىغى، توغرىلىقلىغى، تەرەققىيپەرۋەرلىگى ۋە رەھىمدارلىغى بىلەن قايىل قىلىپ، ئۇ مىللەت خەلقىنىڭ قەلبلىرىدە مەڭگۈ ئورۇن ئالغان.

ئىسلام دىنىنىڭ ئاسىيادە تارقىلىشىمۇ ئەرەپ سودىگەرلىرىنىڭ ھالال نىيەت، توغرىلىق، گۈزەل ئەخلاق، ئېسىل پەزىلەتلىرى بىلەن ئادەملەرنى قايىل قىلىش نەتىجىسىدە ئۆزلىگىدىن قوبۇل قىلىنغان. بىزنىڭ ۋەتىنىمىزگىمۇ بۇ تەرىقىدە تارالغان. قاراخان-

لارنىڭ شاھزادىسى سۇتۇق بۇغراخان ئاتۇشقا كەلگەن ئەبۇ ناسىر سامانى بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن ئۇنىڭدىكى توغرىلىق، گوزەل ئەخلاق، ئالىي پەزىلەتلەردىن تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىش نەتىجىسىدە مۇسۇلمان بولغان. ئاۋال ئاتۇش ۋە قەشقەر خەلقلىرى مۇسۇلمانلىقنى قوبۇل قىلغان. بۇ ۋاقەلىكنى سەيپىدىن ئەزىزىي ئۆزىنىڭ «سۇتۇق بۇغراخان» ناملىق ئەسەرىدە تولۇق بايان قىلىدۇ. بىزلەرگە بۇ دىن ئەجىرسىز ۋە جاپا ـ مەشەقەتسىز، ئۆزلىگىدىن كېلىپ قالغاچقا، بىز ئۇنىڭ قەدرىگە تولۇق يەتمەيۋاتىمىز. ئەسلىدە، بۇ دىننى تارقىتىش يولىدا ئۆز جانلىرىنى پىدا قىلغان شېھىتلار ئاز ئەمەس. ئىسلام دىنى قىلىچنى پەقەت ئۆز تەۋەلىرىنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈنلا قوللانغان.

**ـ ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنى كېلىشتىن بۇرۇن قايسى دىنلارغا ئېتىقات قىلاتتى؟**

ـ تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار قەدىمىي زاماندا يەنى ھۇنلار دەۋرىدە تۆرىن دىنىغا ئېتىقات قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئېتىقاتىدا دۇنيانىڭ ھاكىمىيىتى بىرلا تەڭرىنىڭ قولىدا بولماستىن بەلكى ھەر بىر ئىش ئۈچۈن بىر تەڭرى بولۇپ، بۇ تەڭرىلەرگە ئايرىم ـ ئايرىم ئىبادەت قىلىناتتى ۋە قۇرۇبانلىق قىلىناتتى. مەسىلەن، دۇنيانى يارىتىش ۋە يوق قىلىش ئىشلىرىنىڭ ئىلاھلىرى قۇياش، ئاي ۋە ئاسمان ئىدى. يەرنى ئىنسانىنىڭ پەرۋىشچى ئىلاھى دەپ، ئۇنىڭغا ئايرىم ئىبادەت ۋە قۇرۇبانلىق قىلاتتى. بۇلاردىن باشقا سۇ تەڭرىسى، شامال تەڭرىسى دېگەن تەڭرىلەرگىمۇ ئايرىم ئىبادەت ۋە قۇرۇبانلىق قىلىناتتى. قۇرۇبانلىقتا كۆپىنچە ئات سويۇلاتتى. كېيىن مىلادىنىڭ 150 ـ يىلىدا شەرقىي تۈركىستاندا بۇددا دىنى رىۋاج تېپىشقا باشلىغاندا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ بۇددا راھىبلىرى موڭغۇلىستانغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنى بۇددا دىنىغا دەۋەت قىلغان. شۇندىن باشلاپ شەرقىي ئۇيغۇرلاردا بۇددا دىنى ئەڭ مۇقەددەس دىن بولۇپ ئورۇن ئالغان. 762 ـ مىلادى شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانى بوگوكخان قاغان جۇڭگوغا بېرىپ، لوياڭ (خۇنەت) شەھرىنى بىر مۇددەت ئىشغال قىلغان ۋاقتىدا ئۇ يەردىكى مانى دىنى راھىبلىرىدىن 4 ئادەم بىلەن تونۇشۇپ، ئۇلارنى قارا بالاساغۇنغا ئۆزى بىلەن ئېلىپ كېلىدۇ. بوگوكەخان قاغان بۇ راھىبلارنىڭ دەۋىتى بىلەن مانى دىنىغا كىرىدۇ ۋە بۇ دىننى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەۋج ئالدۇرۇشتا كۆپ كۈچ قوشىدۇ. قارا بالاساغۇننىڭ تەتى (خارابىسى) ھەققىدە يېزىلغان ئۇيغۇر ئەسەرلىرى بۇ ۋاقەلىكنى ئىسپاتلايدۇ. شەرقىي ئۇيغۇرلار يەنى (موڭغۇلىستاندىكى ئۇيغۇرلار) شەرقىي تۈركىستانغا ھىجرەت قىلىپ كۆچكەندىن كېيىن شەرقىي تۈركىستان خەلقىدىكى بۇددا دىنىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىدىن مانى دىنىنى بۇ جايدا ئەۋج ئالدۇرالمايدۇ. كېيىنچە مانى دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن پۈتۈنلەي يوقىلىپ، بۇددا دىنىلا قالىدۇ.

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئۆز ۋاقتىدا ھىندىستاندىن قالسا خوتەن، قەشقەر، كۇچار شەھەرلىرى بۇددا دىنىنىڭ ئىككىنچى مەركىزى بولۇپ ھېساپلىناتتى. بۇددا دىنى مىلادىنىڭ 1397 ـ يىللىرىغىچە تۇرپان، بەشبالىق (ئۈرۈمچى ئەتراپلىرى) دىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مەۋجۇت ئىدى، ئامما قەشقەر بىلەن ئاتۇشتا ئىسلام دىنى مىلادىنىڭ 1000 ـ يىللىرىدىلا يىلتىز تارتقان.

**ـ قىيامەت كۈندە ئاللانىڭ قۇلچىلىقىنى قىلغان بەندە مۇسۇلمانلارنىڭ جەننىتى**

**بولىدىغانلىقى مەلۇم. شۇندا ئىسلام دىنى كېلىشتىن بۇرۇنقى ئىنسانلارنىڭ تەغدىرى نېمە بولغان؟**

— ھەق. دىنىنىڭ دەۋىتى يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن ياشىغانلارنىڭ تەغدىرى ھەققىدە ئىسلام ئۆلىمالىرى — ئۇلارنى كاپىر دېيىشكىمۇ بولمايدۇ، ياكى مۇسۇلمان دېيىشكىمۇ بولمايدۇ دېگەن پىكىرنى ئېيتىدۇ. ئۇلارنىڭ تەغدىرى ئاللانىڭ قولىدا. لېكىن ھەقنىڭ كېلىشتىن بۇرۇن ئۆلگەنلەرنى ئاللا ئازاپ قىلمايدۇ، چۈنكى ئاللا مۇنداق دەيدۇ: «بىز پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ، ئازاپ قىلمايمىز» ئامما ئاللانىڭ دەۋىتى كەلگەنلىكىنى بىرەرقېتىم بولسىمۇ ئاڭلىغان، ياكى كۆرگەن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئېتىقات قىلماستىن ئۆلگەنلەر كاپىر ھېساپلىنىدۇ. ئاللا ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ ئاخىرى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغىچە ئۇرغۇنلىغان پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن، شۇلار ھەممىسى ئىنسانلارنى بىر ئاللاغىلا ئىبادەت قىلىدىغان ھەق دىنغا چاقىرغان. ئاللامۇنداق دەيدۇ: «قانداقلا بىر ئۇممەت بولمىسۇن بىز ئۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق» بۇ پەيغەمبەرلەرگە ئەگەشمىگەنلەر كاپىر، ئەگەشكەنلەر مۇسۇلمان ھېساپلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ دىنلار ھەممىسى ئاللاغا ئېتىقات قىلىشقا چاقىرغان.(ئۇلارغا تەۋرات — مۇسا پەيغەمبەر، زەبور — داۋۇت پەيغەمبەر، ئىنجىل — ئەيسا پەيغەمبەرلەرگە ئېتىقات قىلغۇچىلار ۋە بۇلاردىن باشقا ئاللا تەرىپىدىن كەلگەن بارلىق ساماۋى دىنلارغا ئېتىقات قىلغۇچىلار كىرىدۇ).

**— دېمەك، بىز كۆپچىلىكىمىز كاپىر سۆزىنىڭ تۈپ ماھىيىتىنى ئانچە دۇرۇس چۈشەنمەسەك كېرەك. شۇ ھەقتە ئېيتىسىڭىز؟**

— كاپىر سۆزىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى — يوشۇرغۇچى دېگەنلىكتۇر. ئۇنىڭ ئىسلامدىكى مەناسى — ئاللاغا ياكى ئىسلام دىنىغا ئىنكار قىلغۇچى دېگەنلىكتۇر. چۈنكى ئىنساننىڭ تەبىئىي پىترىتىدە (ھالىتىدە) تۇغۇلۇشىدىن ئاللاغا ئىمان كەلتۈرۈش ئاڭى مەۋجۇتتۇر. ئاللاغا ئىمان كەلتۈرمىگەن ئىنسان ئۆزىنىڭ يارىتىلىش تەبىئىي ئاڭنى يوشۇرغان ۋە ئۇنى پەردىلىگەن بولىدۇ. شۇڭا ئۇنداق كىشىلەر «كاپىر»، يەنى ھەقنى يوشۇرغۇچى دەپ ئاتالغان. قۇرئاندا «ئاللا ئىنسانلارنى ھەق دىندا ياراتتى» دەيدۇ.

**— ھالال ۋە ھارام ئۇقۇمى قانداق پەرقلەرگە ئېگە؟**

ئىسلام شەرىئىتىدە مۇسۇلمانلار ئۇچۇن دۇرۇس دەپ بەلگۈلەنگەن ھەر قانداق ئىش - ھەرىكەت ھالالدۇر.مۇسۇلمانلار ئۈچۈن دۇرۇس ئەمەس دەپ بەلگۈلەنگەن ھەر قانداق ئىش - ھەرىكەت ۋە يېمەك - ئىچمەكلەر ھارامدۇر. ھالال ۋە ھارام ھەر قانداق ئىش پائالىيەتلەردە ۋە يېمەك - ئىچمەكلەردە باردۇر. مەسىلەن، تىجارەت قىلىش ھالال بولسا، جازانىخورلۇق قىلىش ھارام. بىلىم ئۆگىنىش ھالال بولسا، سېھىرگەرلىكنى ۋە رەمچىلىكنى ئۆگىنىش ياكى كەسىپ قىلىش ھارام. پاك يېمەك ۋە ئىچمەكلەرنى ئىستىمال قىلىش ھالال بولسا، ھاراق ۋە چوشقا گۆشىگە ئوخشاش نىجىس نەرسىلەرنى ئىستىمال قىلىش ھارامدۇر.ھالال ۋە ھاراملارنى ساناپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ ھەقتە كەڭ چۈشەنچىگە ئېگە بولۇشنى خالىغانلار «ھالال، ھارام» ھەققىدە يېزىلغان ئالاھىدە كىتاپلار بار. كىتاپلاردىن پايدىلانسا بولىدۇ.

**— ھازىر دۇنيادىكى نوپۇزلۇق دىنلار قايسىلار؟**

— ھازىر دۇنيادىكى ئەڭ نوپۇزلۇق دىنلار — ئىسلام دىنى، خرىستان دىنى ۋە بۇددا دىنىدۇر. ئىسلام دىنى كۈندىن — كۈنگە تەرەققىي قىلماقتا، مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ئاشماقتا ۋە ئىسلام دۇنياسى كۈچەيمەكتە. چۈنكى ئىسلام دىنى باشقا دىنلارغا ئوخشاش ئۇنىڭغا ئادەملەرنىڭ قارىغۇلارچە ئېتىقات قىلىشىنى تەشەببۇس قىلمايدۇ. بەلكى ھەر بىر كىشى ئەقىل ئىشلىتىپ، پىكىر ژۈرگۈزۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ ھەقىقىتىگە يېتىپ، ئۇنىڭغا ئۆز ئىختىيارى بىلەن چىن ئېتىقات قىلىدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ كۆپ ئايەتلىرى كىشىلەرنى پىكىر ژۈرگۈزۈش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ۋە ھاياتىنىڭ سىرلىرىنى بىلىشكە، ھەقىقەتنى ئاۋال ئۆز ئەقلى بىلەن ئىزدەپ تېپىشقا چاقىرىدۇ. شۇڭا قۇرئان كەرىمنىڭ كۆپ ئايەتلىرى «بۇ ئېيتقانلىرىمىزدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، ئىبرەتلەر بار»، دېگەن سۆز بىلەن ئاياقلاشقان. دېمەك، ئىسلام دىنى ئەقىلگە خىتاب قىلىدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنىنى تەتقىق قىلىپ، ئەقلى بىلەن ئۇنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئادەم ھەقىقەتەن ئەقىللىق كىشىدۇر. ھازىر ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئەللىرىدە ئاتاقلىق كائىنات ئالىملىرى پەيلاسوپلار ۋە دوختۇرلار ئۆزلىرىنىڭ كەسپلىرى ئارقىلىق ئاللانىڭ ئەجايىپ قۇدرەتلىرىنى تونۇپ، ئىسلام دىنىغا كىرمەكتە. يېقىنقى ژىللاردىن بېرى ئىسلام دىنىغا كىرگەن خرىستان پوپلىرىمۇ ئىنتايىن كۆپ.

**— ھەرەمگە بارغانلارنىڭ ھەممىسى ھاجىلىق لاياقىتىگە ئىگە بولالامدۇ؟**

— ھەرەمگە بېرىپ، ھەج تاۋاپ قىلىش قۇدرىتى يەتكەن ئادەملەر ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ئىچىدە بىر قېتىم پەرىزدۇر. بىر قېتىمدىن ئارتۇق قىلىنغان ھەج تاۋاپلار نەپلى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. نەپلى ئىبادەتنىڭ ھوكۈمى: ئۇنى قىلسا سوۋاپ بولىدۇ. ئەگەر قىلمىسا گۇناھ بولمايدۇ. (نەپلى — ئۆز ئىختىيارى ئىبادەت دېمەكتۇر)

ھەجگە بارغۇچىنىڭ ئىختىسادى يېتەرلىك بولۇپ، پەرزەنتلىرى ۋە ئايالى قىيىنچىلىق تارتىپ قالمايدىغان ھالەتتە بولسا، بۇ ھالەتتە ئاللا بۇيرۇغان ھەج پەرزىنى ئادا قىلىمەن دېگەن نىيەت بىلەن ھەرەمگە بېرىپ، ھەج تاۋاپ قىلىشى ئەڭ كاتتا ئىبادەتتۇر. چۈنكى ھەج قىلىش ئىسلام ئاساسلىرىنىڭ بىرى.

ھەجگە بارغۇچى ئەگەر ھاجىم ئاتىلىپ، ئابروي، شوھرەت قازىنىش ياكى تىجارەت قىلىپ، باي بولۇش نىيىتى بىلەن ھەرەمگە بارسا، ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ نىيەت قىلغىنىغا يېتىدۇ. بىراق ئاخىرەتتە ئۇنىڭ نەسىۋىسى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئاخىرەتنى نىيەت قىلغان ئەمەس، بەلكى موشۇ دۇنيالىقنى نىيەت قىلىپ، ھەرەمگە بارغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئەمەللەرنىڭ مەقبۇل بولۇشى نىيەتلىرىگە باغلىقتۇر. ھەر بىر ئىنسان ئۆزىنىڭ نىيەت قىلغان نەرسىسىگە يېتىدۇ».

**— ناماز ئوقۇماي ژۈرگەن ئادەم ئۈستىدىن قانداق ھوكۈم ئېيتىشقا بولىدۇ؟**

— ناماز — ئىسلام دىنىنىڭ بىرىنچى ئاساسىدۇر. ناماز ئوقۇش ئاللانىڭ كەسكىن ئەمرى بولۇپ، ئۇ ھەر قانداق مۇسۇلماننىڭ ئۈستىدىكى پەرىزدۇر.

ناماز ئوقۇمىغان كىشىنىڭ ھوكۈمى ئىككى خىل بولىدۇ:

ناماز ئوقۇمىغان ئادەم، ئەگەر نامازنىڭ پەرىز ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمىغانلىق سە—

ۋەۋەدىن ياكى ئاللانىڭ ئەمرىنى كۆزگە ئىلمىغانلىق سەۋەۋىدىن ناماز ئوقۇمىغان بولسا بۇنداق ئادەم كاپىر بولىدۇ. ناماز ئوقۇمىغان كىشى ئاللانى تونۇپ، ئۈزرۈر سەۋەۋى بىلەن ناماز ئوقۇماي ژۈرگەن بولسا، ئۇ كاپىر بولمايدۇ. بەلكى گۇناھكار بولىدۇ. چۈنكى ئۇ نامازنىڭ پەرىز ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان ۋە ئاللاغا بويي سۇنغان ئىكەن، ئۇ ئادەم كاپىر ھېساپلانمايدۇ، بەلكى گۇناھكار ھېساپلىنىدۇ.

**— قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى، يامغۇر ياغىدىغان ۋاقتىنى، قوساقتىكى بالىنىڭ قانداقلىقىنى، ئەتە نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنى ئاللادىن باشقا ھېچ كىم بىلمەيدۇ، دېيىلگەن. بىراق ئۇ ئىشلارنىڭ بەزىلىرىنى ئىنسانلار ھازىرقى پەن — تېخنىكىنىڭ يۈكسەكلىكى نەتىجىسىدە بىر قانچە كۈن بۇرۇن بىلەلەيدۇ. بۇنى قانداق چۈشىنىش مۇمكىن؟**

— ئاللا قۇرئانى كەرىمدە مۇنداق دېگەن: «(قىيامەت كۈنىنىڭ بولىدىغان ۋاقتى) توغرىسىدىكى بىلىم ھەقىقەتەن ئاللانىڭ دەرگاھىدىدۇر. ئاللا يامغۇرنى ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقىتتا ۋە ئۆزى بەلگىلىگەن يەرگە ياغدۇرىدۇ، قوساقتا ئۆنگەن بالىنىڭ تەغدىرىنى (يەنى ئوغۇلمۇ، قىزمۇ، بېجىرىممۇ، كەمتۈكمۇ، بەختلىكمۇ، بەختسىزمۇ) ئاللا بىلىدۇ. ھېچ بىر ئادەم ئەتە نېمىلەر قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، ھېچ بىر ئادەم ئۆزىنىڭ قەيەردە ئۆلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئاللا ھەقىقەتەن پۈتۈن ئىشلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر».

1 — قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى ئاللادىن باشقا ھېچ كىم بىلمەيدۇ. ھەتتا پەيغەمبەرلەرمۇ بىلمەيدۇ. لېكىن ئاللا قىيامەت بولۇشىدىن بۇرۇن يۈز بېرىدىغان بەزى ئالامەتلەرنى بىزلەرگە بىلدۈرگەن. ئۇلار: ئىلىم — مەرىپەتنىڭ ئازىيىپ كېتىشى، جاھالەتنىڭ كۆپىيىشى، زىنا — پاھىشە ئىشلارنىڭ كۆپىيىشى، دەججالنىڭ چىقىشى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بىز قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى بىلمىسەكمۇ، قىيامەتنىڭ ئاللا تەغدىر قىلغان بىر سائەتتە ئوتتۇرىغا چىقىدىغانلىقى مۇنازىرە قوبۇل قىلمايدىغان بىردىن — بىر ھەقىقەتتۇر. كائىنات ئالىملىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىمۇ ئالەمنىڭ بىر كۈنى پۈتۈنلەي تارمار بولۇپ، ھەممە نەرسىنىڭ يوق بولىدىغانلىقىنى جاكالىماقتا. دېمەك، قىيامەتنىڭ بولۇشى ئەقىل ۋە ئادالەتنىڭ بىردەك تەقەززاسىدۇر. قىيامەت كۈنىدە ئىنسانلارنىڭ بۇ دۇنيادىكى ياخشى، يامان بارلىق قىلمىشلىرىدىن ھېساپ ئېلىنىدۇ. قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش ئىماننىڭ مۇھىم ئاساسلىرىدىن بىرىدۇر.

2 — يامغۇرنىڭ قاچان ۋە قەيەردە يېغىشى ئاللانىڭ قېدىمىي ئىلمىدا ئاللاغىلا مەلۇمدۇر. ئاللا يامغۇرنى ۋە يامغۇر ياغىدىغان يەرلەرنى يارىتىشتىن بۇرۇن ئۆزىنىڭ قېدىمىي ئىلمى بىلەن يامغۇرلارنىڭ قاچان، قانداق يەرلەرگە ياغىدىغانلىقىنى بىلىپ، ئۇنى شۇنداق تەقدىر قىلغان. ئامما ئىنسانلار ھازىرقى زامان تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسىدە يامغۇر يېغىشىدىن بىر قانچە كۈن بۇرۇن ئۇنىڭ قايسى كۈنى قەيەرگە ياغىدىغانلىقىنى بىلەلەيدۇ. ئىنسانلارنىڭ بۇنداق بىلىشى ئاللانىڭ ئەزەلدىكى قېدىمىي بىلىشىگە ھەرگىز ئوخشىمايدۇ ۋە قارشى كەلمەيدۇ. ئاللا ئەزەلدە بىلگەن بولسا، ئىنسانلار بولىدىغان ئىشنىڭ ئالامەتلىرىگە قاراپ ئۇنى تەخمىن بىلەن بىلىدۇ. چۈنكى يامغۇر — شاماللارنىڭ بۇلۇتلارنى قوغلاپ سىقىشى نەتىجىسىدە بۇلۇتلاردىن يامغۇر سىقىلىپ چۈشىدۇ. ھازىر ئىنسانلار ئاسماننى كۆزىتىش جاھازلىرى ئارقىلىق بۇلۇتلارنىڭ قايسى جاينىڭ ئۈس-

تىدە ژۇرۇۋاتقانلىقىنى ۋە شامالларنىڭ قانچە بال مىقداردا بۇلۇتلارنى قوغلاۋاتقانلىقىنى كۆزىتىش ئارقىلىق شامال ۋە بۇلۇتلارنىڭ سەيرىلىرىنى ھېساپلاپ چىقىش بىلەن قايسى كۈنى قايسى يەرگە يامغۇر ياغىدىغانلىقىنى تەخمىن بىلەن بىلىپ چىقىدۇ. بۇنداق بىلگەنلىك غەيبىنى بىلگەنلىك ھېساپلانمايدۇ. بەلكى بۇلۇتلارنىڭ يولىغا چىقىپ، يامغۇر ياغدۇرۇشقا ھازىر بولغانلىقلىرىدىكى ئالامەتلىرىنى بىلگەنلىكتۇر. ئاللا ھەر ئىشنى يارىتىشتىن بۇرۇن ئۇ ئىشنىڭ قاچان مەيدانغا چىقىدىغانلىقىنى ئېنىق ۋە كەسكىن بىلىدۇ. ئامما ئىنسانلار ھەر ئىشنىڭ ئالامەتلىرىگە قاراپ، ئۇنىڭ مەيدانغا چىقىدىغانلىقىنى تەخمىن بىلەن بىلىدۇ. بۇ ئىككى بىلىش بىر - بىرىگە ھەرگىزمۇ ئوخشىمايدۇ.

3. قوساقتىكى بالىنىڭ ئوغۇل ياكى قىز ئىكەنلىكىنى، كەمتۈك ياكى بېجىرىم ئىكەنلىگىنى ئاللا ئۆزىنىڭ قەدىمىي ئىلمى بىلەن بالىنىڭ ئۇيۇشىدىن بۇرۇن بىلىدۇ. ئامما ئىنسانلار ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسىنىڭ نەتىجىسىدە ئۇنى يارىتىلىپ بولغاندىن كېيىن ۋە تۇغۇلۇشىدىن بۇرۇن بىلىدۇ. چۈنكى ئايال كىشىنىڭ بەچچىدانىدا تۆكۈلگەن مىلىيونلارچە ئۇرۇقچىلار (سپېرمىلار) 24 سائات گىچىلىك بەچچىدانىدا ئايلىنىپ ژۇرۇش نەتىجىسىدە ئۇلارنىڭ بىر دانىسى بەچچىدانىدا ئورۇن ئالىدۇ. باشقا سپېرمىلارنىڭ ھەممىسى 24 سائاتتىن كېيىن ئۆلىدۇ. ھازىر دوختۇرلار پەن - تېخنىكا بىلەن بەچچىدانىدا ئورۇنلاشقان شۇ بىر دانە سپېرمىنىڭ ئوغۇل ياكى قىز ئىكەنلىگىنى 24 سائاتتىن كېيىن بىلەلەيدۇ. ئامما ئاللا سپېرمىلار تۆكۈلۈشىدىن بۇرۇن ئۇنى بىلەتتى.

4. ئەتە نېمىلەر قىلىدىغانلىقىنى ئىنسان بىلمەيدۇ. بەزىلەر دەيدۇ: «ئىنسانلار ئەتە قىلىدىغان ئىشلىرىنى ئالدىن - ئالا بىلىدىغۇ؟» بىز دەيمىزكى: ئىنساننىڭ ئەتە ئۇنى قىلىمەن، بۇنى قىلىمەن دەپ بىلىشى ھەقىقەتتە ئەتە بولىدىغان ئىشنى ۋە قىلىدىغان ئىشلىرىنى بىلگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئۇنى پىلانلىغانلىق. ئاللا بىر ئىنساننى يارىتىشتىن بۇرۇن ئۆزىنىڭ قەدىمىي ئىلمى بىلەن ئۇ ئىنساننىڭ نەچچە ژىل ياشايدىغانلىقىنى ۋە ھاياتىدىكى ھەر بىر كۈندە ۋە ھەر بىر سائات، مىنۇت، دەقىقىلەردە نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى ئۇ ئىنساننىڭ بەختلىك ياكى بەختسىز ئىكەنلىگىنى كەسكىن بىلىدۇ. ئامما ئىنسان بولسا ئەتە قىلىدىغان ئىشلىرىنى پەقەت پىلانلايدۇ ۋە شۇ ئىشقا نىيەت قىلىپ، بەل باغلايدۇ. لېكىن ئۇ ئىشلارنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئۇنى ئاللا ئۆزى بىلىدۇ. مەسىلەن، سىز ئەتە مەلۇم بىر ئىشنى قىلىشقا بەل باغلاپ، ئۇنى پىلانلايسىز، لېكىن ئۇ ئىش بەزى بىر سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ئەمەلگە ئاشماي قالىدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشتا بۇ خىل ئىشلار، ۋاقىئەلەر تولا يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن ئېنىقلاندىكى، ئىنسان ئەتە قىلىدىغان ئىشنى پىلانلالايدۇ، بىراق بولۇش - بولماسلىقىنى بىلمەيدۇ.

5. كىشىنىڭ نەدە ئۆلىدىغانلىقىنى ئاللادىن باشقا ھېچ كىم بىلمەيدۇ. بۇ مەسىلە تالاش - تارتىش ماۋزۇسىغا كىرمەيدۇ. چۈنكى ھېچ قانداق ئادەم ئۆزىنىڭ نەدە ئۆلىدىغانلىقىنى بەلگۈلەپ بېرەلمەيدۇ ۋە ئۆزىنىڭ بىلمەيدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي قالمايدۇ.

**— ۋەتەن سۆيگۈسى ھەققىدە ئىسلام دىنىنىڭ نەزەرىيەسى قانداق؟**

— ئىسلام دىنى ۋەتەن سۆيگۈسىنى ناھايىتى قەدىرلەيدۇ ۋە ئۇنى كاتتا ئىبادەتلەردىن سانايدۇ. شۇڭلاشقا ئۇنىڭدا «ۋەتەننى سۆيۈش ئىمانىيلىقنىڭ جۈملىسىدىندۇر» دەپ

قەيت قىلىنغان. ئىسلامدا ئاللا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۆيگۈسىدىن كېيىنلا ۋەتەن سۆيگۈسى كېلىدۇ. ئىسلامدا جىھاد قىلىشنىڭ پەرز قىلىنىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرىمۇ ئۆز ۋەتىنىنى، ئىسلام دىيارلىرىنى تاشقى كۈچلەردىن مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن ئىدى. ئاللا ۋەتەننى قوغداش ئۈچۈن ۋە ئۆزلىرىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنى جىھاد قىلىشقا ئەمر قىلىپ، مۇنداق دەيدۇ: «ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقلىرى ئۈچۈن جىھاد قىلىپ ئۆزلىرىنى ۋە ۋەتەنلىرىنى مۇداپىئە قىلىشلىرى رۇخسەت قىلىندى».
(سۈرە ھەج 39 ـ ئايەت).

ئىسلام دىنىدا ھەر قانداق ئىشلار ئىمانىنىڭ جۈملىسىدىن بولۇشقا يارىمايدۇ، پەقەت ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك ۋە ئەڭ ئۇلۇغ ئىشلارلا ئىماندىن بولالايدۇ. ۋەتەن سۆيگۈسى ئىماندىن سانالغانلىق ئۈچۈن ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك ۋە چوڭ بىر سۆيگۈدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۆز ۋەتىنى مەككىنى شۇنچىلىك كۆپ سۆيگەنكى، ئۇ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش ئۈچۈن مەككە بىلەن ۋىدالىشىش ئالدىدا «ئەي، سۆيۈملۈك يۇرتۇم مەككە، سېنىڭ قەۋمىڭ مېنى سەندىن ھايداپ چىقارمىغان بولسا ئىدى، مەن سەندىن ھەرگىزمۇ ئايرىلمىغان بولاتتىم»، دەپ كۆزلىرىگە ياش ئالغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەدىنىدىكى مۇھاجىرەتتە بولغان ۋاقىتلىرىدىمۇ مەككىنى ھۆرمەتلەپ، سېغىناتتى ۋە ئاللادىن ئۇنىڭ ئازات بولۇشىنى تىلەتتى، ھەتتا ئۇ چۈشىدىمۇ مەككىگە بېرىپ، ئۇ يەرنى مۇشرىكلەردىن پەتھى قىلىپ كۆرەتتى. ئاخىرى ئاللانىڭ ياردىمى بىلەن ھىجرىيەتنىڭ 8 ـ يىلى مەككىنى پەتھى قىلىپ ۋە پەيغەمبەرلىك بۇرچىنى تولۇق ئادا قىلىپ، ھىجرىيەتنىڭ 10 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. دېمەك، ۋەتەنىنىڭ غېمى بىلەن ياشاپ، ئۇنىڭ ھۆرلىكى ئۈچۈن كۈرەشىش ھەر بىر مۇسۇلمان ئەھلىنىڭ شەرەپلىك ۋەزىپىسىدۇر.

**ـ ئادەملەر ئارىسىدا ئىسلام دىنى ئىلىم ـ مەرىپەتكە يول قويمايدىغان خۇراپىي دىن دېگەن پىكىرلەرمۇ مەۋجۇت، ئۇنىڭدا ئەمەلىي ھەقىقەت بارمۇ؟**

ـ ئىلىم بولسا، ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ ئاۋالقى چاقىرىقىدۇر. ئىسلام دىنى ئىلىم ئۈچۈن بىر چىراق بولسا، ئىلىم ئىسلام دىنى ئۈچۈن روھىي مەنبەدۇر. شۇڭا ئاللانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قىلغان ئەڭ دەسلەپكى ۋەھىيسى ۋە قۇرئان كەرىمنىڭ نازىل بولۇشىنىڭ باشلىنىشى «ئوقۇ» دېگەن خىتاب بىلەن بولغان. ئىلىم بولسا ئوقۇش ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ.

ئىلىمنىڭ ئاساسى بولغان ئەقىلنى قۇرئان كەرىمدە 50 ئورۇندا بايان قىلىپ، ئۇنى ماختىغان ئاللا ئىلىمنىڭ پەزىلىتىنى ماختاپ، مۇنداق دەيدۇ: «ئاللا سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئىلىم بېرىلگەن ۋە ئىمان ئېيتقان كىشىلەرنى بىر قانچە دەرىجە كۆتىرىدۇ» يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار تەڭ بولامدۇ؟».

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىلىمنىڭ ئەھمىيىتى توغرىلىق مۇنداق دەيدۇ: «بىلىم ئېلىش ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن ھەر قانداق مۇسۇلمان كىشىگە پەرزدۇر». يەنە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى بىلىم ئېلىش يولىغا كىرىدىكەن، ئاللا ئۇنىڭ جەننەتكە كىرىش يولىنى ئوڭايلاشتۇرىدۇ»ۋۇقۇرىدىكى ئايەت ۋە ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان «ئىلىم» سۆزى دىنى ئىلىملاردىلا چەكلىنىپ قالماستىن بەلكى ئىنسانىيەتكە پايدىلىق بولغان پۈتۈن ئى

لىم پەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىسلام دىنى ئىلىم ـ مەرىپەت بىلەن يۇغۇرۇلغان بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بىلمىسىز، ئاڭسىز ھالدا قارىغۇلارچە ئىتتىقات قىلىشىنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. بۇنداق ئىمانىنىمۇ ئاللامۇ قوبۇل قىلمايدۇ. شۇڭا قۇرئان كەرىم كىشىلەرنى كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى ئاللانىڭ بىرلىكى ۋە قۇدرەت كامالەتلىرىگە دالالەت قىلىدىغان تۈرلۈك ئالامەتلەرنى بىلىم يولى بىلەن تونۇپ، ئاللاغا ھەقىقىي ئىتتىقات قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاللا مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرىشىدا، ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە، ئاللانىڭ بىرلىكىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان روشەن دەلىللەر باردۇر».

ئىسلام دىنى پۈتۈن ئىلىم ـ پەنلەرنى تەھسىل قىلىشقا چاقىرىدۇ. قۇرئان كەرىم بارلىق ئىلىم پەنلەردىن خەۋەر بەرگەن. ئامما قۇرئان كەرىم دىنى كىتاب بولغاچقا بۇ پەنلەرنى تەپسىلىي ھالدا بايان قىلمىغان بولسىمۇ، ئىجمالىي ھالدا بايان قىلغان. شۇنداقتىمۇ قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنغان ئىلمىي ھەقىقەتلەر سانسىزدۇر. ھازىرقى زامان ئىلىم ـ پەن ئالىملىرى بەزى ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى كەشىپ قىلالىغان بولسا ـ قۇرئان كەرىم 14 ئەسىر بۇرۇنلا ھازىر كەشىپ قىلىنغان ۋە كەشىپ قىلىنمايۋاتقان كۆپلىگەن ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى بايان قىلغان. تۆۋەندە قۇرئان كەرىمدىكى ئىلمىي ھەقىقەتلەردىن بىر قانچىسىنى بايان قىلىمىز:

ـ قۇرئان كەرىمدە ئاللا مۇنداق دەيدۇ: «كۈن بەلگىلەنگەن جايىغا قاراپ سەير قىلىدۇ. بۇغالىپ ئاللانىڭ ئالدىن ـ ئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر. ئايغا سەير قىلىدىغان مەنزىللەرنى بەلگىلىدۇق. ھەر بىرى پەلەكتە ئۈزۈپ يۈرىدۇ» (سۈرە ياسىن 39 ـ 40 ـ ئايەتلەر).

بىز ياشاۋاتقان يەر شارىنىڭ ئورنى قۇياشتىن 93 مىللىون مىل يىراقلىقتا بولۇپ، ئۇ ئۆز ئوقىدا 24 سائەتتە بىر قېتىم ئايلىنىدۇ ۋە قۇياشنىڭ ئەتراپىنى 365 كۈندە بىر قېتىم ئايلىنىپ بولىدۇ. يەر شارىنىڭ شەكلى تۇخۇمغا ئوخشايدۇ. يەر شارىنىڭ بىر سائەتلىك ئايلىنىشى مىڭ مىل (1500 كىلومېتىر) بولۇپ ئۇنىڭ قۇياش ئەتراپىدىكى بىر سائەتلىك ئايلىنىشى 65 مىڭ مىلدۇر. ئەگەر يەر شارى ئۆزىنىڭ ھازىرقى مىقدارىدىن چوڭ ۋە كىچىك بولغان بولسا، زېمىندىكى ھاياتلىق باشقىچە بولغان بولاتتى. چۈنكى يەر شارىنىڭ مىقدارى ئۇنىڭ تېزلىكى ۋە ئايلىنىشىغا مۇناسىپتۇر. ئەگەر ئۇنىڭ تېزلىكى بىر سائەتتە مىڭ مىلدىن كام، زىيادە بولغان بولسا، مەسىلەن، يۈز مىڭ بولغان بولسا، كۈندۈزنىڭ ئۇزۇنلىقى 120 سائەتقا سوزۇلۇپ، زىرائەتلەر كۆيۈپ كەتكەن بولاتتى ياكى ئۇنىڭ قۇياش ئەتراپىدىكى يىللىق ئايلىنىشى 18 مىلدىن كام ـ زىيادە بولغان بولسا، دۇنيادىكى 4 پەسىلدە ئۆزگىرىش بولۇپ، يامغۇرنىڭ يېغىشى نىزامى بۇزۇلغان بولاتتى. ئەگەر يەر شارى تۇخۇم شەكلىدە يۇمىلاق بولماي، تۆرت چاسا ياكى ئۈچ بۇجەك بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئايلىنىشىدا تەكشىلىك بولمىغان بولاتتى بەلكى ئايلىنىشقىمۇ مۇناسىپ كەلمەيتتى. دېمەك، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللانىڭ چەكسىز ئىلمى ۋە پۇختا پىلانى بىلەن ئەزەلدە شۇنداق بەلگىلىنىپ يارىتىلغان قانۇنىيەتتۇر.

2. ئاللا مۇنداق دەيدۇ: «ئاسمان ـ زېمىندىكى زەررە (ئاتوم) چاغلىق نەرسە ۋە ئۇنىڭدىن كىچىك ياكى چوڭ نەرسە بولسۇن، ھېچ قايسىسى ئاللانىڭ بىلىشىدىن چەتنەپ

قالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللانىڭ كىتاۋىدا خاتىرىلەنگەن» (سۈرە يۇنۇس 16 ـ ئايەت). بۇ ئايەت ئەڭ كىچىك نەرسە ـ ئاتوملا ئەمەس بەلكى ئاتومدىنمۇ كىچىك نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلىماقتا. ماتېرىيالىزمچىلار 19 ـ ئەسىرگە كەلگۈچىلىك ئەڭ كىچىك نەرسە ئاتوم دېگەن سۆزدە چىڭ تۇرۇپ كەلگەن. ھازىرقى زامان ئىلمىي تەتقىقاتچىلىرى ئاتومدىن كىچىك نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. ئاتومنىڭ كىچىك پارچىلىرى ـ پىروتون، نېترون ۋە ئېلېكتروندىن ئىبارەت.

3. ئاللا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللا كىمنى ھىدايەت قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆكسىنى ئىسلام ئۈچۈن ئاچىدۇ. ئاللا كىمنى ئازدۇرماقچى بولسا ئۇنىڭ كۆكسىنى شۇنچە تارايتىۋېتىدىكى، (ئىمان ئېيتىش) ئۇنىڭغا گويا ئاسمانغا چىقىشتىنمۇ قىيىن تۇيۇلىدۇ» (سۈرە ئەنئام 125 ).

ھاۋانىڭ ئېگىز تەبىقىلىرى «ئاتموسفېرا» بىلىنگەندىن كېيىن مەلۇم بولدىكى، ژۇقۇرى تەبىقىلەردە ئوكسىگېن ئاز بولىدۇ. بۇ سەۋەپتىن ئۇ جايلاردا دەم ئالماق قىيىن بولىدۇ. بۇ ئايەتتە ئاللا ھىدايەت قىلمىغان كىشىگە ئىمان ئېيتىش قىيىن كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭ كۆڭلى سىقىلىپ، ئىچى تارلىشىپ قالغانلىقىنى ئاسمانغا چىققان كىشىنىڭ نەپەسنىڭ سىقىلغىنىغا ئوخشىتىش ئارقىلىق تەسۋىرلىگەن. دېمەك، بۇ ئايەت ھاۋانىڭ ئېگىز جايلىرىدا ئوكسىگېننىڭ ئازلىقىدىن ئۇ جايلاردا تېنىقنىڭ سىقىلىدىغانلىقىنى ۋە ئاسمانغا چىقىشنىڭ مۇمكىن ئېكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

4. ئاللا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنىڭ ئىبرەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن ھەر بىر نەرسىنى جۈپ ياراتتۇق». (سۈرە زارىيات 49 ـ ئايەت). بۇ ئايەت دۇنيادىكى جانلىق، جانسىز ھەر قانداق نەرسىنىڭ ئەركەك ۋە چىشى بولۇپ، جۈپ ئېكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. جانلىقلارنىڭ ئەركەك چىشىدىن ئىبارەت جۈپ ئېكەنلىكىنى ھېچ كىم مۇنازىرە قىلمايدۇ. قۇرئان كەرىم جانسىز ماددىلارنىڭمۇ ئەركەك، چىشىدىن ئىبارەت ئېكەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

ھازىرقى زامان ئىلمىي تەتقىقاتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ماددىلاردىمۇ ئەركەك ۋە چىشىدىن ئىبارەت جۈپلەر بار. مەسىلەن، توك مىنۇس ۋە پلىيۇستىن ئىبارەت جۈپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى بىرلەشكەندىلا ئىشلەيدۇ. ئاتوممۇ ئەركەك ۋە چىشى بولغان ماددىلاردىن مۇرەككەپ بولىدۇ. ئاتوم مېغىزى ئەركەك بولسا، ئېلېكترون چىشىدۇر. ئاتوم مېغىزىمۇ يەنە پروتون ۋە نېترون دېگەن ماددىلاردىن تەركىپ تاپقان.

5. ئاللا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «يەر يۈزىنى يېيىپ كەڭ قىلدۇق. ئۇنىڭغا تاغلارنى ئورناتتۇق. يەر يۈزىدە ھەر خىل تەكشى ئۆلچەملىك ئۆسۈملۈكلەرنى ياراتتۇق». دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ھاياتى ئۈچۈن ھەر نەرسە مەلۇم مىقداردا ئۆلچەملىك بولۇشى كېرەك. مەسىلەن، ئوكسىگېننىڭ مىقدارى 21٪ بولماي 50٪ بولغان بولسا، دۇنيادىكى مەۋجۇداتلار ئەڭ كىچىك بىر شامال بىلەن ھالاك بولغان بولاتتى. دۇنيادىكى جانلىقلار ئوكسىگېندىن نەپەس ئېلىش ئارقىلىق ھايات ياشايدۇ. ئۇلار ئوكسىگېندىن نەپەس ئېلىپ، كاربۇن 4 ئوكسىدىنى سىرتقا چىقىرىدۇ. زىرائەتلەر، ئۆسۈملۈكلەر ۋە دەل ـ دەرەقلەر بولسا، كاربون 4 ئوكسىدىنى نەپەس ئېلىشى ئارقىلىق ئۆزلىرىدىكى ئوكسىگېننى

سىرتقا چىقىرىدۇ. ئەگەر بۇ قانۇن ئەزەلدىن موشۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلمىغان بولسا، جانلىقلار ۋە جانسىز ئۇسۇملۇكلەر ياشىمىغان بولاتتى. بۇ ئايەتتىكى «ئولچەملىك» دېگەن سوزنىڭمەناسى «نىسبەتنىڭ باراۋەرلىكى» دېگەنلىكتۇر. هازىرقى زامان خىمىيە ئالىملىرى زىرائەتلەردىكى بارلىق ماددىلارنىڭ ئەڭ نازۇك ئولچەمدە تەكپۇڭلاشقان ئەرسىلەردىن مۇرەككەپ بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىماقتا.

6. ئاللا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللا سىلەرنى ئاتائۇلارىڭلارنىڭ قارنىدا بىر هالەتتىن يەنە بىر هالەتكە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۇچ قاراڭغۇلۇق (يەنە ئۇچ قات پەردە) ئىچىدە يارىتىدۇ». (زومەر 6 ـ ئايەت). بۇ ئايەتتىكى ئۇچ قات پەردە بولسا، بالا هەمراهىنىڭ پەردىسى. بەچچىدان ۋە ئانىنىڭ قوسىقىدىن ئىبارەت. يېقىنقى زامان دوختۇرلىرى ۋە تەبەت ئالىملىرى ئۇلارنى تەتقىق قىلىپ كورۇپ، ئۇلارغا ئالاهىدە ناملارنى بەرگەن. ئۇلار مىنبارى، خورىيۇن، لەفا ئېفى دەپ ئاتىلىدۇ.

7. ئاللا يەنە قۇرئاندا «بىز ئۇلارنىڭ (يەنى ئىنسانلارنىڭ) بارماقلىرىنىمۇ ئوخشاش قىلىشقا قادىرمىز» دەيدۇ.

ئىنساندىكى پۇتۇن ئەزالار بىر ـ بىرىگە ئوخشايدۇ. مەسىلەن، كوز ـ كوزگە، قۇلاق ـ قۇلاققا،قول ـ قولغا ئوخشايدۇ. بىراق، بارماقلارنىڭ سىزىقلىرى هەرگىز بىر ـ بىرىگە ئوخشاش چىقمايدۇ. بەلكى هېچ بىر ئادەمنىڭ بارماق سىزىقلىرى يەنە بىرسىنىڭ بارماق سىزىقلىرىغا ئوخشىمايدۇ. بۇ ئايەتتىكى «بارماقلىرىنىمۇ ئوخشاش باراۋەر قىلىشقا قادىرمىز» دېگەن سوز بارماقلارنىڭ سىزىقلىرىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى كورسىتىدۇ. بۇ هەقىقەت 1884 ـ يىلى مەلۇم بولۇپ، هازىر بارماق سىزىقلىرى بىلەن ئىنسانلارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىشقا قوللانماقتا.

**ـ ئىسلام شەرئىتىدە قانداق هالەتلەردە مېيىتنىڭ جىنازا نامىزىنى چۈشۈرۈش مەنئىي قىلىنىدۇ؟**

ـ كاپىرلارنىڭ، مۇناپىقلارنىڭ ۋە ئوزىنى ئولتۇرىۋالغان ئادەمنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلمەيدۇ. ئاللا كاپىرلارنىڭ ۋە مۇناپىقلارنىڭ نامازلىرىنى چۈشەرمەسلىك هەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇهەممەد، سەن ئۇلاردىن ئولگەن ئادەمنىڭ نامىزىنى چۈشەرمىگىن. ئۇنىڭ قەبرىسى ئۇستىدىمۇ تۇرمىغىن، چۈنكى ئۇلار ئاللانى ۋە ئاللانىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلدى. ئۇلار پاسىق هالىتى بىلەن ئولدى». (سۇرە تەۋبە 84 ـ ئايەت).

چۈنكى مېيىت نامىزىنى چۈشۈرۈشتىكى مەخسەت، مېيىتقا ئاللادىن مەغپىرەت ۋە رەهمەت تىلەشتىن ئىبارەتتۇر. كاپىر، مۇناپىقلارغا مەغپىرەت ۋە رەهمەت تىلەشكە بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئىسلام دىنىنى ئېتىراپ قىلماي ئولگەن.

ئەندى ئوزىنى ئولتۇرىۋالغان ئادەمگە كەلسەك، ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر هەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ يېنىغا ئوزىنى ئولتۇرىۋالغان ئادەمنىڭ جىنازىسى كەلتۇرۇلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشەرمىگەنلىكىنى بايان قىلغان. چۈنكى ئوزىنى ئولتۇرۇۋېلىش ئەڭ چوڭ گۇناهى كەبىرلەردىن بىرىدۇر.

ئامما هەنەپىي مەزهەپىنىڭ «هاشىيەتو ئابىدىن» دېگەن كىتاۋىدا «ئوزىنى ئولتۇرىۋالغان ئادەمنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلىدۇ» دەپ پەتىۋا بېرىلگەن. بۇنىڭ دەلىلى مۇنداق،

ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش قاتتىق گۇنا ئىش. لېكىن ئۇنىڭ بىلەن كاپىر بولمايدۇ. شۇنىڭ
ئۈچۈن ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈشكە بولىدۇ. پەيغەمبىر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنى ئۆل-
تۈرۈۋالغان ئادەمنىڭ نامىزىنى چۈشەرمىگەنلىكى، ئۇنىڭ قىلغان يامان ئىشىغا ئېچىنىپ،
شۇڭا بولىشى، باشقىلارنىڭ چۈشۈرۈشكە رۇخسەت قىلغان بولۇشى ئېھتىمال.
ژۇقۇرىدىكى بايان قىلىنغانلاردىن باشقا گۇناھكار، پاسىق بولىشى، ئۆزىنى «مەن مۇ-
سۇلمان» دەپ يۈرۈپ ئۆلگەن ھەر قانداق ئادەمنىڭ نامىزىنىڭ چۈشۈرۈلىشىدە
ئىختىلاپ يوقتۇر. چۈنكى ئىسلام شەرىئىتى كىشىلەرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشلىرىگە قاراپ
باھا بېرىدۇ. قەلبلەردىكىلەرنى پەقەت ئاللا ئۆزى بىلىدۇ.
– جىنازا نامىزىغا كەلگۈچىلەر بەزىدە تاھارەت ئېلىپ ئۈلگىرەلمەي قالىدىغان ياكى
ژىراق ئارىلىقتىن يېتىپ كەلگىچە تاھارىتى بۇزۇلۇپ قالىدىغان ئەھۋاللار بولۇپ تۇرى-
دۇ. مۇنداق ۋاقىتلاردا نامازنى تەيەممۇم بىلەن ئوقىسىمۇ بولامدۇ.
– ھەر قانداق ناماز ئۈچۈن ئالدى بىلەن تاھارەت ئېلىش شەرت بولغىنىغا ئوخشاش،
جىنازا نامىزى ئۈچۈنمۇ تاھارەت ئېلىش شەرتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «تاھارەتسىز
ئوقۇلغان ناماز مەقبۇل بولمايدۇ» دېگەن. ئاللا ناماز ئوقۇش ئۈچۈن تاھارەتنىڭ شەرت
ئېكەنلىكى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئى مومىنلەر! سىلەر تاھارەتسىز بولۇپ، ناماز ئو-
قۇماقچى بولغىنىڭلاردا يۈزىڭلارنى، قوللىرىڭلارنى جەينىكىڭلار بىلەن قوشۇپ ژۇيۇڭلار،
بېشىڭلارغا مەسىھى قىلىڭلار، پۇتۇڭلارنى ئوشۇغۇڭلار بىلەن قوشۇپ ژۇيۇڭلار، ئەگەر
جۇنۇپ بولساڭلار (غۇسلە قىلىپ) پاكلىنىڭلار». (سۈرە مائىدە 6 – ئايەت).
ژۇقۇرىدىكى ئايەتكە ئاساسلىنىپ، ئىسلام ئالىملىرى ھەر قانداق ناماز ئۈچۈن تاھارەت
ئېلىشنى شەرت قىلىپ بەلگۈلىگەن. ئامما جىنازا ھازىر بولغان ۋاقىتتا تاھارەتسىز كىشى
تاھارەت ئېلىپ ئۈلگىرەلمەيدىغان شارائىتتا بولسىمۇ، سۇ بار يەردە تەيەممۇم قىلىشنى
شاپىئى ۋە مالىكى مەزھەپلەردە دۇرۇس ئەمەس دەپ قارايدۇ. بىراق سۇپيا نوسەۋرى
ۋە ئەۋزائى قاتارلىق بۈيۈك ئىسلام شەرىئەت ئالىملىرى بۇنداق شارائىتتا، يەنى تاھارەت-
سىز كىشى تاھارەت ئېلىپ كەلگىچە، جىنازا نامىزىغا ئۈلگۈرەلمەيدىغان ھالدا بولسا، جى-
نازا نامىزىدىن مەھرۇم قالماسلىق ئۈچۈن تەيەممۇم قىلسا بولىدۇ دەپ، پەتىۋا بەرگەن.
ئۇلارنىڭ دەلىلى مۇنداق: ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇئەنھۇمۇنداق دېگەن: «ئە-
گەر ساڭا تۇيۇقسىزدىن جىنازا كېلىپ قالغاندا، تاھارىتىڭ بولمىسا تەيەممۇم قىلىپ، ئۇ-
نىڭ نامىزىنى چۈشەرگىن» ۋە ئابدۇللا ئىبنى ئومەر زەرىيەللاھوئەنھۇجىنازا نامىزىنى
تەيەممۇم قىلىپ چۈشەرگەن. بۇ ئىككى ساھابىنىڭ ئۆز رايى بىلەن مۇنداق قىلىشى
مۇمكىن ئەمەس، بەلكى بۇ ئىشنىڭ ئىسلامدىن دەلىلى بولۇشى كېرەك. بىزنىڭ مەزھىبىمىزمۇ
بۇ قاراشنى كۈچلەندۈرىدۇ. بىراق مەيىتنىڭ ئىگىلىرى، ئۈچۈن تەيەممۇم قىلىشنى دۇ-
رۇس كورمەيدۇ. چۈنكى مەيىتنىڭ ئىگىلىرى نامازنى كېچىكتۈرۈش ھوقۇقىغا ئىگە دۇر.
– كىشىلەر ئارىسىدا روزا پىتىرسىنى كىملەرگە بېرىشكە بولىدىغانلىغى ھەققىدىكى
تالاش – تارتىشلار پات – پات يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، ئۇنى كىملەرگە بېرىشكە بولىدۇ؟
– روزىنىڭ پىتىرسى كەمبەغەل، يوقسۇللارغا ۋە ژىتىم – يېسىرلارغا بېرىلىدۇ. ئىسلام
شەرىئەت ئالىملىرى بۇ مەسىلىنىڭ دائىرىسىنى تېخىمۇ كەڭەيتىپ، روزىنىڭ پىتىرسى

زاكات بېرىلىدىغان ھەر قانداق ئادەمگە بېرىلىدۇ دەپ قارايدۇ. ئاللا زاكات بېرىلىدىغان كىشىلەرنى بايان قىلىپ، مۇنداق دەيدۇ: «زاكات پەقەت پېقىرلارغا، مىسكىنلەرگە، زاكات خادىملىرىغا، دىللىرىنى ئىسلام دىنىغا مايىل قىلىشنى كۆزدە تۇتقانلارغا، قۇللارنى ئازات قىلىشقا، قەرزدارلارغا، ئاللانىڭ يولىغا، ئىبنى سەبىللەر (يۇرتىدىن ئايرىلىپ، يولدا قالغان پۇلسىز مۇساپىرلار) گە بېرىلىدۇ. بۇ ئاللانىڭ بەلگىلىمىسىدۇر». (سۈرە تەۋبە 60 ـ ئايەت).

بۇ ئايەتكە ئاساسەن زاكات ۋە روزى پىترىسى ژۇقۇرىدا بايان قىلىنغان 8 خىل ئادەملەرگە بېرىلىدۇ. زاكات ۋە روزى پىترىسى كاپىرلارغا بېرىلمەيدۇ. زاكات ۋە روزى پىترىسىنى ياتلارغا بەرگەندىن كۆرە، ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىدىن بولغان يوقسۇللارغا بېرىش ئەۋزەلدۇر. بىراق، زاكات روزا پىترىسى ئۆزىنىڭ ئايالىغا ۋە پەرزەنتلىرىگە بېرىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇلارنى بېقىش ئۆزىنىڭ ئۈستىدىكى مەسئۇلىيەتتۇر. ئەگەر ئايالى باي بولۇپ، يولدىشى يوقسۇل بولسا، ئايالى زاكات ۋە روزىنىڭ پىترىسىنى يولدىشىغا بەرسە بولىدۇ. زاكات ۋە روزىنىڭ پىترىسى ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى خىزمەتكارلىرىغا بېرىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ چىقىملىرىمۇ ئۇ كىشىنىڭ ئۈستىدەدۇر.

**ـ ئۆلگەن ئادەمنىڭ نەزىر ـ چىرىغىنى ئۆتكۈزۈشنىڭ ئىسلام دىنىدىكى بەلگىلىمىسى قانداق؟**

ـ ئىسلام دىنىدا ئۆلگەن كىشىلەرنىڭ يەتتىسى، قىرقى، ژىلى، ئالتە ئايلىقى ۋە 52 كۈنلىكى دەيدىغان بىرەر بەلگىلىمە يوقتۇر. بۇ ئىشلار ئەسلىدە پەقەت بايلار تەرىپىدىن مەيدانغا چىقىرىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئېتىقاتلىرىدا، ئۆلۈكلىرىمىزنىڭ يەتتىسى، قىرىقى ۋە ژىلى قاتارلىق نەزىر ـ چىراقلارنى قىلىش ئارقىلىق كەمبەغەل، يوقسۇل ۋە ژىتىم ـ يېسىرلارغا تائام بەرسەك، بۇلارنىڭ سوۋابى ئۆلۈكلىرىمىزگە يېتىشى مۇمكىن دېگەن ئۈمۆت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان. قېدىمىي ئالىملارمۇ بۇ خىل نەزىر ـ چىراقلار دىنىمىزدا بەلگىلەنمىگەن بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن كەمبەغەل، يوقسۇل ۋە ژىتىم ـ يېسىرلارغا رەھىم قىلىنىدىغان ئىشلار بولغاچقا، ئادەملەرنى بۇ خىل ئىشلاردىن قاتتىق توساپ كەتمىگەن بولۇشى ئېھتىمال. شۇڭا بۇ ئىشلار داۋام قىلىپ كەلگەن. كېيىنرەك بۇ ئىشلار رەسمىي ئادەتكە ئايلىنىپ، ئۆلگۈچىنىڭ ئائىلىسى باي ياكى كەمبەغەل بولسۇن ھەر قانداق ھالەتتە بۇ نەزىر ـ چىراقلارنى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولۇپ قالىدىغان بىر رەسمىيەتكە ئايلىنىپ قالغان. ھازىر بۇ ئىشلار يەنە تەرەققىي ئېتىپ، ئۆلگۈچىنىڭ 6 ئايلىقى 52 كۈنلىكىنى بىرىشكە ئوخشىغان يېڭىلىقلار ئوتتۇرىغا چىقماقتا. ئى، مۇسۇلمانلار: ـ دىنىمىزدا بەلگىلەنمىگەن بەلكى مەنئىي قىلىنغان بۇ خىل نەزىر ـ چىراقلارنى ئۆتكۈزۈمىز دەپ، ئۆزلىرىمىزنى ۋە بۇ ئىشلارنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇش بىلەن باشقىلارنى قىيىنچىلىقلارغا دۇچار قىلمايلى! دىنىمىزغا ئەمەل قىلايلى! دىنىمىزدا ئۆلگۈچى ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك بولغان بەلگىلىمە بولسا، ئۆلگۈچىگە 3 كۈنلا ماتەم بىلدۈرۈش (يەنى ئۇنىڭغا تەزىيە بىلدۈرۈپ، خوشال، كۈلكىلەردىن ژىراق بولۇش)، ئۆلگۈچىنىڭ ئايالى يولدىشىغا تورت ئاي ئون كۈن ئىددەت تۇتۇشى ۋە ئۆلگۈچىگە ھەر ۋاقىت دۇئا قىلىش ئۇنىڭ گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەتلىكىنى ئاللادىن تىلەش قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر.

ژۇقۇرىدىكى نەزىر ـ چىراقلارنى ئۆتكۈزگۈچى ئەگەر بۇ ئىشلار دىنىمىزدا بار دېگەن ئېتىقات بىلەن ئۆتكۈزىدىكەن، ئۇ كىشى «بىدئەتنى» يەنى دىنىمىزدا بۇيرۇلمىغان ئىشنى سادىر قىلغانلىقى ئۈچۈن گۇناھكار بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىدئەتتىن توسۇپ مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىزنىڭ دىنىمىزدا بولمىغان بىر ئىشنى ئۇنىڭغا كىرگۈزۈۋالىدىكەن، ئۇ قەتئىي قوبۇل قىلىنمايدۇ». بۇ خىل نەزىر ـ چىراقلارنى ئۆتكۈزگۈچى ئەگەر بۇ ئىشلار ئۆرپى ـ ئادىتىمىز دېگەن ئېتىقات بىلەن ئۆتكۈزسە، ئۇ كىشى ئۆزىنى بىھۇدە ئاۋارە قىلغان بولىدۇ. چۈنكى بۇ ئىشلارغا سوۋاپ بېرىلمەيدۇ. ئەگەر بۇ خىل نەزىر ـ چىراقلارنى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق كەمبەغەل، يوقسۇللارنى ۋە يېتىم ـ يېسىرلارنى خۇش قىلىش ئارقىلىق ئاللانىڭ سوۋابىغا ئېرىشىمەن دېگەن نىيەت بىلەن قىلماقچى بولسا،ئۆلۈكنىڭ يەتتىسى، قىرىقى، يىلى ۋە ئالتەئايلىقى دەپ بەلگۈلىمەستىن، خالىغان ۋاقىتتا ئۆزى خالىغىنىچە پەقەت يېتىم ـ يېسىرلارغا، يوقسۇللارغا قىلسا بولىدۇ. ئاللا قايسىلا ۋاقىتتا قىلىنغان ئەمەللەرنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇنداق قىلسا، ئۇ كىشىمۇ ياخشى نىيىتىگە يارىشا سوۋاپتىن بەھرىمان بولىدۇ. بۇ سوۋاپنى ئۆلگۈچىسىگە ئاتىسا يېتىدۇ.

**— ئۆلگەن ئادەمنىڭ ئائىلە ئەزالىرى بىلەن يېقىن قېرىنداشلىرى ئۇنىڭ يەتتە نەزىرنى ئۆتكەزمىگىچە چاچ ـ ساقاللىرىنى چۈشەرمەيدىغان، يېڭى كىيىملەرنى كىيمەيدىغان ئادەتلەر بار. موشۇ ئىشلار ئىسلامدا بارمۇ؟**

— ئىسلام دىنىدا ئۆلۈك ئۈچۈن قىلىنىدىغان ئۈچ خىل پائالىيەت بەلگۈلىمە باردۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ قانداق قائىدە ـ يوسۇن يوقتۇر. ئاتا ـ ئانىمىز، پەرزەنتلىرىمىز ياكى قېرىنداشىمىز ئۆلدى دەپ چاچ ـ ساقالنى ئالدۇرماي، تازا كىيىملەرنى كىيمەي ئۆزىنى تاشلاپ ماتەم تۇتۇش ئىسلام دىنىغا ئىنتايىن خىلاپ بولىدىغان يامان پائالىيەتتۇر. بۇ ئىشلار ئەسلىدە بۇددا دىنىدىن قالغان قالاق ئادەتلەر بولۇپ، ئىسلام دىنى بۇنداق ئىشلارنى قىلىشنى ئاللاغا ئۇرۇش ئېلان قىلغانلىق ياكى ئاللانىڭ قازاسىغا رازى بولماي، ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرەلەشكەنلىك دەپ تەبىر بېرىدۇ.

ئىسلام قائىدىسى بويىچە مېيىت چىققان ئۆيدىكىلەر شۇ مېيىت ئارقىلىق ئۆلۈمنى ياد ئېتىپ، ئۆزلىرىنىڭمۇ ھامان بىر كۈنى ئۆلىدىغانلىقىنى ئەسكە ئېلىپ، ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىش بىلەن بىرگە ئۆلۈمگە ھازىرلىق كۆرۈش ۋە ئۆلۈككە ئاللادىن رەھمەت ۋە مەغپىرەت تىلەپ كۆكسىنى كەڭ تۇتۇشى قازاغا رازى بولۇپ ئاللاغا سىغىنىشى بەلگۈلەنگەن. ئىسلامدا «پاكىزلىق ئىماندىن» دەيدۇ. مۇسۇلمان كىشى ھەر ۋاقىت پاكىز ـ تازا، چىرايلىق يۈرۈشى كېرەك. بولۇپمۇ جۈمە ۋە ھېيت نامازلىرى كۈنلىرىدە يۇيۇنۇپ، يېڭى كىيىملەرنى كىيىش سۈننەت قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ چوڭ سوۋاپلىق بولۇشىنىڭ سەۋەبى، ئۇ كىشى جامائەت توپلاشقان يەردە جامائەت بىللە بولىدۇ. ئۇ كىشى پاكىز ـ تازا، خۇشبۇي بولسا باشقا جامائەتلەرمۇ ئۇنىڭدىن مەمنۇن بولىدۇ ۋە راھەتسىزلىك ھېس قىلمايدۇ. ئەگەر كىيىملىرى ۋە ئۆزى پاسكىنا، پۇرايدىغان بولسا، جامائەت ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىدۇ. مېيىت چىققان ئۆيدىكى توپلىشىشمۇ جۈمە ۋە ھېيت نامازلىرىدىكى توپلىشىشقا ئوخشاش جامائەتچىلىكتۇر. شۇڭا پاكىز ـ تازا بولۇش ئىماندىن دېيىلگەن.

— كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا كېيىنكى ۋاقىتلاردا تۇغۇلغان كۈننى خاتىرىلەش رەسمىيەتكە ئايلىنىپ كېتىپ بارىدۇ. ھەتتا بەزىدە ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ تۇغۇلغان كۈننى ئۆتكۈزۈش ئەھۋاللىرىمۇ يۈز بەرمەكتە. بۇنىڭ ئىسلام دىنىمىز قائىدە — تەرتىپلىرى بىلەن باغلىنىشى بارمۇ؟

— ئىسلام دىنىدا تۇغۇلغان كۈننى خاتىرىلەش دېگەندەك بىرەر قائىدە يوق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلارنىڭ دەۋرلىرىدە ۋە كېيىنكى ئىسلامنىڭ پارلاق دەۋرلىرىدە بۇنداق ئىشلار مەۋجۇت بولغان ئەمەس. پەقەت يېقىنقى بىر قانچە ئەسىر ئىچىدىلا بەزى مۇسۇلمانلار ياۋروپالىقلارنى دوراپ، بۇ ئادەتنى مەيدانغا چىقىرىۋالغان. تۇغۇلغان كۈننى خاتىرىلەش ئەسلى خرىستىانلاردا مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلار ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان كۈننى خاتىرىلەپ كەلگەن. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ يېقىنلىرىنىڭ تۇغۇلغان كۈنلىرىنى خاتىرىلەيدۇ. دېمەك بۇ ئادەت مۇسۇلمانلار ئادىتى ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى باشقا مىللەتلەرنى دوراشتىن توساپ، مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر قەۋمگە ئۆزىنى ئوخشىتىۋالسا (يەنى بىر قەۋمنىڭ ئادەتلىرىنى قوبۇل قىلىۋالسا) ئۇ كىشى شۇ قەۋمنىڭ قاتارىدىن بولۇپ كېتىدۇ». بۇ ھەدىسكە ئاساسلانغاندا، خرىستىانلارنىڭ ئادەتلىرىنى ئۆزلىرىگە قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى دوراۋالغان ھەر قانداق مۇسۇلمان خرىستىانلارنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ دېمەكتۇر. بىز، مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىمىزنى تولىمۇ خورلاۋاتىمىز. ئاللا قۇرئان كەرىمدە «ئەگەر مۆمىن بولساڭلار، ئۈستۈنلۈك قازىنىسىلەر» دەيدۇ. يەنە «ئىززەت ئاللاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە، مۆمىنلەرگە مەنسۇپتۇر» دەيدۇ. بىزلەر ئۆزلىرىمىزنىڭ ئىززەت، ئابرۇيلىرىمىزنى ۋە ئالاھىدىلىكلىرىمىزنى ساقلىماستىن، ياۋروپىلىقلارنى پۈتۈن ئىشلىرىمىزدا ئۆزلىرىمىزگە ئۈلگە قىلىۋاتىمىز. نەزىرىمىزدە، ياۋروپىلىقلارنى تولىمۇ كامالەتلىك ۋە ئۈلگىلىك ئادەملەر دەپ ھېس قىلىمىز. ھالبۇكى، ياۋروپىلىقلارمۇ بىزلەرگە ئوخشاش تۇپىدىن يارىتىلغان ئادەمنىڭ ئەۋلاتلىرى، ئۇلار باشقا سەييارىدىن كەلگەن ئادەملەر ئەمەس. بەلكى، ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشاش يەر يۈزىدە ئانىلاردىن تۇغۇلغان ئىنسانلاردۇر. بىر مىللەتنىڭ ئۆرپ — ئادەتلىرى ئۇ مىللەتنى يوقىلىپ كېتىشتىن ساقلاپ قالىدىغان بىردىن — بىر ئەنئەنىلىك نام — نىشانىسىدۇر. ئىسلام دىنى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ — ئادەتلىرىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ. شۇڭا ئىسلامدا، ئىسلام دىنى قايسى بىر مىللەتكە كىرسە، ئۇ مىللەتنىڭ ئۆرپ — ئادەتلىرى ئىسلام ئېتىقاتلىرىغا ۋە پرىنسىپلىرىغا زىت كەلمەيدىغان دەرىجىدە بولسا، بۇ ئۆرپ — ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر ئەرلىرىدە ئەزەلدىن چاچ قويۇش ئادىتى بولمىغان. ئىسلام دىنىنى تارقاتقۇچىلارنىڭ ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلارنىڭ چاچلىرى بار ئىدى. ئۇلار شۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىپ، ئۇلارنى چاچ قويۇشقا تەشەببۇس قىلمىغان. چۈنكى، بۇ ئادەت ئىسلام ئېتىقاتى ياكى پرىنسىپرىغا زىت كەلمەيدۇ. مىللەتنىڭ ئۆرپ — ئادىتى شۇنچىلىك ئەھمىيەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئىسلام دىنى ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ئەھمىيەت بەرگەن.

ئاما تۇغۇلغان كۈننى خاتىرىلەش بولسا، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئۆرپ — ئادەتلىرىمىزدىنمۇ ئەمەس ياكى دىنى ئادىتىمىزدىنمۇ ئەمەس، بەلكى خرىستىانلارنىڭ ئادىتىدىن.

شۇڭا بۇنى چەكلەش كېرەك. بىز ياۋروپىلىقلارنىڭ ئادەتلىرىنى دوراۋالمساقمۇ، بىزنىڭمۇ ئۆزىمىزگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىمىز ۋە ئۆرپ ــ ئادەتلىرىمىز يېتەرلىك. بىزلەرنىڭ روزى بايرىمى ۋە قۇربان بايرىمى قاتارلىق شەرەپلىك مىللىي ۋە دىنىي ئايەم كۈنلىرىمىز بار. بىز شۇ كۈنلەرنى خاتىرىلىسەك، بىزگە يېتىدۇ. ئەگەر ئۇرۇق ــ تۇققانلار ۋە يېقىنلار ئارا ھەدىيە بېرىشنى خالىساق ئايەم كۈنلىرىدە بولامدۇ ياكى باشقا كۈنلەردە بولامدۇ، قانداقلا بىر كۈندە ھەدىيە بەرسەك ۋە ئالساق بولىدۇ.

بىز ياۋروپالىقلارنى دورىماقچى بولساق، ئۇلارنىڭ ئادەملەرنى يولدىن چىقىرىدىغان، ھايا، ئەخلاق ۋە نومۇسقا تەسىر يەتكۈزىدىغان يارامسىز ئادەت ۋە ئەخلاقلىرىنى دورۇماستىن بەلكى ئۇلارنىڭ پەن، مەدەنىيەت ۋە تېخنىكا يېڭىلىقلىرىنى ئۆگەنسەك بولىدۇ. بىزمۇ ئۆزلىرىمىزنى بىچارە ھېس قىلماستىن ئۆزىمىزگە ئىشەنچ باغلاپ، دۇنيا بىلەن پۇتتۇلەشسەك بولىدۇ. مانا بۇ ئىشلارغا ئىسلام دىنى بىزلەرنى تەرغىپ قىلىپ كەلمەكتە. مۇندىن 14 ئەسىر بۇرۇن قۇرئان كەرىم بىزلەرنى بارلىق ئىلىم ــ پەنلەرنى ئېگىلەشكە چاقىرغاندا ۋە مۇسۇلمانلار تەرەققىي ئېتىپ، گۇللەنگەن دەۋرلەردە بۈگۈنكى ياۋروپالىقلار ھازىرقى ئۇچىنچى دۇنيا ئەللىرىدىنمۇ قالاق ۋە نامرات تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ھەتتا 14 ــ ئەسىردە ئىسلامنىڭ پايتەختى بولغان باغدات شەھىرىدە مۇسۇلمانلار ھەر خىل ئەسەرلەرنى ئۆزلىرى ئىشلەپ چىقارغان قەغەزلەرگە نەشر قىلغان بولسا، ياۋروپىلىقلار ئۆز ئەسەرلىرىنى تېرىلەرگە، يوپۇرماقلارغا يازغان ئىدى. پەقەت 16 ــ ئەسىردىن كېيىن مۇسۇلمانلار ئۆز ئارا بولۇنۇشلەر سەۋەبى بىلەن ئاجىزلىشىپ، مەدەنىيەت تەرەققىيات نۇۋىتىنى ياۋروپىلىقلارغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىنلا ئۇلار تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. بىزلەر بولساق، بايلىقلىرىمىزنى باشقىلارغا تارتقۇزۇپ قويۇپ، شۈمشىيىپ قالغان يوقسۇللاردىن بولۇپ قالدۇق.

**ــ ئاللانىڭ بۇيرۇغان پەرىزلىرىنى ئادا قىلماي، ھاراق ئىچىپ، كەيپى ــ ساپا بىلەن ئۆزگەن كىشلەر نەزىر ــ چىراق ئۆتكۈزسە، ئۇنىڭ نەزىرىنى يېيىشكە بولامدۇ؟**

ــ ئىسلام دىنىنىڭ كورسەتمىسى بويىچە، كاپىرلارنىڭ يېمەكلىرىنى يېيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ يېمەكلىرى مۇسۇلمانلارغا ھالال ئەمەس. ئامما باشقىلارنىڭ يېمەكلىرىنى يېيىشكە بولىدۇ. ھەتتا خرىستىئان ۋە يەھۇدىيلارنىڭ پاك يېمەكلىرى مۇسۇلمانلارغا ھالالدۇر. ئاللا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «بۈگۈن سىلەرگە پاك نەرسىلەر ھالال قىلىندى. كىتاپ بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە خرىستىئانلار) نىڭ تامىقى سىلەرگە ھالال ۋە سىلەرنىڭ تامىقىڭلار ئۇلارغا ھالالدۇر». (سۈرە مائىدە 4 ــ ئايەت).

بۇ ئايەتكە ئاساسەن ھەقىقىي دىندار يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلارنىڭ پاك تاماقلىرى بىزلەرگە ھالالدۇر. ھاراق ئىچىدىغان ئادەم بولسا ئۇ ئاللا ھارام قىلغان ھاراقنى ئىچكەنلىكى ئۈچۈن ئاللانىڭ ئالدىدا قاتتىق گۇناھكار بولىدۇ ۋە خەلق ئالدىدا ئەيىپكار بولىدۇ. بىراق ئۇ ھاراق ئىچكىنى ئۈچۈن (ئۇنى ھالال ساناپ ئىچمىگەن بولسا)، كاپىر بولۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ھارامنى ھالال سانىغان ئادەم كاپىر بولىدۇ.

ھاراق ئىچكۈچى ئۆزىنى «مەن مۇسۇلمان» دەپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئادىتىگە ئۇيغۇن ھالدا ئۆزرىدىكەن، ئۇنى مۇسۇلمان دەپ باھا بېرىمىز، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆيىدىن

پاك يېمەكلەرنى ۋە نەزىر — چىراقلىرىنى يېيىش ھالالدۇر.

**— نىكا قىلغىنىدا، قۇرئان ئوقۇغىنىدا، جىنازا نامىزىنى چۈشەرگىنىدە ۋە باشقىمۇ ھا-**
**لەتلەردە بەزى موللىلىرىمىزنىڭ نەپسى ئاۋارىگەرچىلىككە بېرىلىپ، ھەق ئېلىشقا**
**تاماگەرچىلىكى بايقىلىدۇ. بۇ توغرىسىدىكى پىكرىڭىزنى ئېيتسىڭىز؟**

— دۇنيانىڭ ھەر قايسى شەھەر ۋە مەھەللىرىدىكى ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋات-
قان ئالىملار ۋە ئىمام، خاتىپلار دىنىمىزنىڭ پېشۋالىرىدۇر. بۈگۈنكى ئىسلام دىنىمىز
شۇ زاتلارنىڭ تۆھپىلىرى ئارقىلىق بىزگە يېتىپ كەلمەكتە. بىز دىنى ئالىملارغا، ئىمام،
خاتىپلارغا شۇنچىلىك زور ئېھتىياجىمىزكى، قىسقىسى، بۇ زاتلار بولمايدىغان بولسا، بىز
ئۆلۈكلىرىمىزنى دىنى يوسۇندا يۇيۇپ، تاراپ ۋە نامىزىنى چۈشۈرۈپ، دەپنە قىلالماي-
مىز،ھەتتا كۈندىلىك بەش ۋاقىت نامازلىرىمىزنىمۇ شۇ زاتلار بىلەن كامىل ئادا قىلالايمىز.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كائىنات ئۈچۈن بىر قۇياش بولسا، ھەر قايسى شەھەر، مەھەللى-
لەردە ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان بۇ زاتلار شۇ شەھەر ۋە مەھەللىرىنىڭ چىراقلى-
رىدۇر. سۇ بىلەن يەر كۆكەرسە، بىزنىڭ ئىسلامى ھاياتىمىز بۇ زاتلارنىڭ تۆھپىسى بى-
لەن ياشناپ، گۈللىنىپ كەلمەكتە. شۇڭا ئىسلام نەزىرىدە «ئالىمنىڭ ئۆلگىنى — ئالەم-
نىڭ ئۆلگىنىگە ئوخشاش» دېيىلىدۇ. بۇ زاتلارنىڭ مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىگە قوشۇۋاتقان
تۆھپىلىرى ئاز ئەمەس. يەنە ئۇنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈش يولىدىمۇ تۈرلۈك قىيىنچىلىقلار-
غا دۇچار بولىدۇ. ئىسلام دىنى بۇ زاتلارنىڭ تۆھپىلىرىنى مەدھىيىلەيدۇ ۋە قەدىرلەيدۇ.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى ئاللا يولىدا شېھىت
بولغان شېھىتلارنىڭ قېنى بىلەن ئالىملارنىڭ دىن ئۈچۈن كىتاپلارنى تەلىپ قىلىپ،
سەرىپ قىلغان دۇۋاتلىرى تارازىدا تارتىلىدۇ. ئالىملارنىڭ دۇۋاتلىرى شېھىتلارنىڭ قې-
نىدىن سالماق كېلىدۇ». بۇ زاتلارنى ئىسلام دىنى شۇنچىلىك قەدىرلىگەن ئىكەن. ئەلۋەتتە،
بىزلەرمۇ ئۇلارنى قەدىرلىشىمىز ۋە ھۆرمەتلىشىمىزگە تېگىشلىك. بىراق ئۇلارنى قەدىر-
لەش ۋە ھۆرمەتلەش ئۇلارنىڭ يانچۇقلىرىغا پۇل سېلىپ قويۇش بىلەن بولمايدۇ. بەلكى
ئۇلارنىڭ ۋەز — نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سېلىش ۋە ئۇلارغا ئەگىشىش بىلەن بولىدۇ.

بىز ئۇلارغا پۈتۈن دۇنيانىڭ بايلىقلىرىنى توكۈپ بەرگەندىمۇ، ئۇلارنىڭ بىزگە بۇ دى-
نىنى يەتكۈزگەن تۆھپىلىرىگە يېتەرلىك مۇكاپات بېرەلمەيمىز. بۇ دۇنيانىڭ ئاقىۋەتسىز
بايلىقلىرى ئاخىرەتتە ئاللا تەرىپىدىن ئۇلارغا بېرىلىدىغان سانسىز مۇكاپاتلارنىڭ ئالدى-
دا ھېچ نەرسە ئەمەستۇر. شۇڭا ئۇلارنىڭ دىن ئۈچۈن ۋە خەلق ئاممىسى ئۈچۈن قىلغان
خىزمەتلىرىگە مۇكاپات بېرىشكە پەقەت ئاللا يېتەرلىك. ھېچ قانداق ئالىم، ئىمام ۋە خا-
تىپ ئۆزىنىڭ ئاللا ئۈچۈن جامائەتكە ناماز ۋە قۇرئان ئوقۇپ بەرگىنىگە — ئەگەر تەقۋا بولسا — كىشىلەر-
دىن ھەق ئالىمەن دېگەن مەخسىتىنى ئويلىمايدۇ ۋە تەلەپ قىلمايدۇ، بەلكى پەقەت ئال-
لا رازىلىقىنى ئويلاپ قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرى بولغان ئې-
كەن، پۈتۈن ئىشلاردا پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشىشى كېرەك. ئاللا تەرىپىدىن كەلگەن پەي-
غەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنى دىنغا دەۋەت قىلىشنى باشلاشتىن بۇرۇن، ئۇلار-
غا «مەن بۇ ئىشىم ئۈچۈن سىلەردىن ھەق سورىمايمەن، مېنىڭ ئەجرىمنى پەقەت ئاللا
بېرىدۇ» دېگەن سۆزنى ئېيتىش ئارقىلىق كىشىلەرگە ئۆزلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرغان. ئالىم

لىرىمىز، ئىمام ۋە خاتىپلىرىمىز ۋۇقۇرىدىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋەتلىرىنى داۋاملاشتۇر-
ماقتا. ئۇلارمۇ قىلغان ئىشلىرى ئۈچۈن ھەق سورىغىنى يوق، بىراق خەلىق ئۆزىمىز ئۇ-
لارنى تەكلىككە سېلىپ، ئۇلارنى پۇل ئېلىشقا مەجبۇر قىلىۋاتىمىز. بەزىلىرى كىشىلەر-
نىڭ كۆڭلىنى ئاسراپ، رەنجىپ قالمىسۇن دەپ ئېلىشى مۇمكىن. بەزىلىرى ئالسىمۇ،
باشقا يوقسۇللارغا سەدىقە قىلىۋېتىشى مۇمكىن ياكى ياخشى ئورۇنلارغا ياردەم قىلىشى
مۇمكىن. ئى، مۇسۇلمانلار! ئۆزلىرىمىزنىمۇ قىيىنچىلىقلارغا سالىدىغان ۋە ئۇ زاتلارنىمۇ
تەكلىكتە قويىدىغان بۇنداق ئىشلارنى قىلمايلى. پۇل بەرمىسەك، نامىزىمىزنى چۈشەر-
مەيدۇ ياكى نەزىرىمىزگە كەلمەيدۇ دەپ قورقمايلى. ئاللانىڭ ھالال نىيەت، ياخشى ئا-
لىم ۋە ئىماملىرى ئاز ئەمەس، بىرسى كەلمىسە، بىرسى كېلىدۇ. ئىشىنىمەنكى، پەيغەم-
بەرلەرنىڭ ۋارىسلىرى بولغان ھەقىقىي ئالىملار، ئىمام، خاتىپلار ۋە قارىلار ئۆزلىرىنىڭ
ئاللا يولىدا قىلغان ئىشلىرىغا يەنى جامائەتكە بېغىشلاپ ئوقۇپ بەرگەن نامازلىرىغا، كى-
شىلەرگە ئوقۇپ بەرگەن قۇرئانلىرىغا كىشىلەردىن ھەق ئېلىپ، ئۇنى خەشلەپ، ئۆزلى-
رىنىڭ ئاخىرەتتىكى بۈيۈك ئەجىرلىرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار قۇرئان كە-
رىمدىكى مۇنۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى ئوبدان بىلىدۇ: «كىمكى (ئۆزىنىڭ ئەمەلى بىلەن)
ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى كۆزلىسە ئۇنىڭ ساۋابىنى زىيادە بېرىمىز، كىمكى (ئەمەلي بىلەن)
دۇنيانىڭ مەنپىيىتىنى كۆزلىسە، (ئۇنىڭ تىلىگەن) مەنپىيەتىنىڭ بەزىسىنى بېرىمىز. ئۇ-
نىڭغا ئاخىرەتتە (ساۋابتىن) ھېچ نېسىۋە يوق». (سۈرە شۇرا 20 ئايەت).

**— ئىسلامدا ئەر كىشىگە بىردىن ئارتۇق ئايالنى بىر ۋاقىتتا نىكاھىدا ساقلىشىدا رۇخسەت قىلىنىشىنىڭ ھېكمىتى نېمە؟**

— شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ ھېچ بىرى ئالىي ھېكمەتلەردىن ۋە ئېسىل غايەلەردىن
خالىي ئەمەستۇر. ئەر كىشىگە بىردىن ئارتۇق ئايالنى بىر ۋاقىتتا نىكاھىدا ساقلىشىغا رۇخ-
سەت قىلىنىشىمۇ بەزى ھېكمەتلەر ئۈچۈن بۇيرۇلغان، بۇنىڭ ھېكمىتى تۆۋەندىكىچە:

1. ئىنسان بەزى ۋاقىتلاردا بىردىن ئارتۇق ئايالنى نىكاھىدا ساقلاشقا ھەقىقىي ئېھ-
تىياجلىق بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن، بەزى كىشىلەرنىڭ ئاياللىرى تۇغماس چىقىپ قال-
دۇ. ئۇ كىشىلەر بولسا پەرزەنت كۆرۈشنى ھېرىس قىلىدۇ. بەزى كىشىلەرنىڭ ئاياللىرى
ياشىنىپ قالغانلىق ياكى كېسەللىك سەۋەبىدىن ئۇ كىشىلەرنىڭ مەنىۋىي ئېھتىياجلىرى-
دىن چىقالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇ خىل شارائىتلاردا ئۇلار ئاياللىرىنى ۋۇقارقى سە-
ۋەبلەر بىلەن قويىۋەتسە، ئۇ ئاياللارغا زۇلۇم قىلغان بولىدۇ. ئىسلام دىنى بۇنداق ۋاپا-
سىزلىقلارنى ياقتۇرمايدۇ. باشقا ئايال ئالماي دېسە، كىشىلەر ھارام — پاھىشە ئىشلارغا
بېرىپ قېلىشىدىن قورقىدۇ. شۇڭا ئىسلام دىنى كىشىلەرنىڭ بېشىغا كېلىدىغان بۇ
خىل شارائىتلارنى ۋە قىيىنچىلىقلارنى كۆزدە تۇتۇپ، بەزى كىشىلەرگە بۇ خىل ئەھۋال-
لار ئاستىدا بىردىن ئارتۇق ئايالنى بىرلا ۋاقىتتا نىكاھىدا ساقلىشىغا رۇخسەت قىلغان.

2. كىشى بىردىن ئارتۇق ئايالنى نىكاھىدا ساقلاش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ماددىي ۋە
مەنىۋىي ئېھتىياجلىرىدىن چىقىدۇ. بۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتتە كۆپلىگەن تۇل ئاياللارمۇ
تۇرمۇشتىن بەھرىمان بولالايدۇ.

3. كىشى بىردىن ئارتۇق ئايالنى نىكاھىدا ساقلىشى ئارقىلىق كۆپلىگەن ئائىلىلەر بى-

لەن تۇتقانلىق ئالاقىسىنى تۇرىدۇ. بۇ ئارقىلىق جەمىيەتتە ئىنسانلار ئارىسىدىكى يېقىنلىق ۋە تۇتقانلىق مۇناسىۋەتلىرى كۆپىيىدۇ. بۇنداق مۇناسىۋەتلەر ئىتتىپاقنى كەلتۈرۈپ چىقىدۇ. ئىتتىپاق بولسا، ئامانلىق ۋە بەخت، سائادەتنىڭ نىشانىدۇر.

بىردىن ئارتۇق ئايالنى بىر ۋاقىتتا نىكاھىدا ساقلاشنىڭ شەرتى شۇكى، بىردىن ئارتۇق ئايالنى بىر ۋاقىتتا نىكاھىدا ساقلىغان كىشىنىڭ، بۇ ئاياللارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، قاتارلىق ماددىي كېرەكلىكلىرىنى ۋە مەنىۋىي ئېھتىياجلىرىنى ئادىللىق بىلەن ئادا قىلىشتۇر. ئەگەر ئۇ كىشى بۇ ھەقلەرنى ئادىللىق بىلەن ئادا قىلمىسا، ئاللاھنىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولىدۇ. ئاللا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئۆزەڭلار ياقتۇرغان ئاياللاردىن ئىككىنى، ئۈچنى ۋە تۆرتىنى ئالساڭلار بولىدۇ، ئەگەر (ئۇلارنىڭ ئارىسىدا) ئادىل بولالماسلىقىڭلاردىن قورقساڭلار بىر خوتۇن بىلەن كۇپايە قىلساڭلار بولىدۇ». (سۈرە نىسا 3 ـ ئايەت).

بۇ ئايەتكە ئاساسەن، ئەر كىشى بىردىن تۆرتكىچە ئاياللارنى بىر ۋاقىتتا نىكاھىدا ساقلالايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادىل بولۇش شەرتتۇر. ئەگەر ئادىل بولالمىسا، گۇناھكار بولىدۇ. بۇ شارائىتتا ئۇنىڭغا بىردىن ئارتۇق ئايالنى نىكاھىدا ساقلىشىغا بولمايدۇ.

**ـ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەنىگە تىل تەككۈزگۈچىلەر ئۇنى بىر ۋاقىتتا كۆپ ئاياللار بىلەن نىكادا تۇرغانلىقى بىلەن قارىلاشقا ئىنتىلىدۇ. ئۇنى قانداق رەت قىلىش مۇمكىن؟**

ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىردىن ئارتۇق ئاياللىرىنى بىر ۋاقىتتا نىكاھىدا ساقلىشى، ئۇنىڭ شەخسىي ھەۋەسى ئۈچۈن بولماستىن، بەلكى كۆپلىگەن ئالىي مەخسەت ۋە غايىلەر ئۈچۈن ۋەسىلە ئىدى.

1. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىردىن ئارتۇق ئاياللارنى بىر ۋاقىتتا نىكاھىدا ساقلاشتا، مەدىنىدىكى بىر ـ بىرىگە قارشى بولغان زىدىيەتلىك قەبىلىلەرنى ئۆز ـ ئارا ئىناقلاشتۇرۇش ۋە بۇ ئارقىلىق ئىسلامغا دەۋەت قىلىشنى مەخسەت قىلغان. شۇڭا ئۇ، بۇ ئايالارنى بىر قەبىلىدىنلا ئالمىغان.

2. جىھادتا شېھىت بولۇپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ تول قالغان ئاياللىرىنى ئۇلارغا تەسەللى قىلىش ۋە تۇرمۇش ئېھتىياجلىرىنى بۇ ئارقىلىق قامداپ بېرىش ئۈچۈن ئالغان.

3. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاھارىتىگە سۇ بېرىش ئارقىلىق دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە شەرەپلىك بولۇشنى خالاپ، ئۆزلىكىدىن ئۇنىڭغا خوتۇن بولۇشنى سوراپ كەلگەن ئاياللارنىڭمۇ كۆڭۈللىرىنى يەردە قويماسلىق ئۈچۈن ئۇلارغا ئۆيلەنگەن.

4. شەرىئەتتىكى ئاياللارغا تەئەللۇق بولغان بەزى مەسىلىلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا بىۋاسىتە ئېيتىشقا ھايا قىلغانلىقتىن، ئۇ ئاياللىرىغا چۈشەندۈرەتتى ئاندىن ئاياللىرى باشقا ئاياللارغا ئۆگىتەتتى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىردىن ئارتۇق ئايالنى نىكاھىدا بىر ۋاقىتتا ساقلاشقا ئېھتىياجلىق بولغان. شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى، ئەگەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ ئاياللارغا شەخسىي غەرىزى ۋە ھەۋەسى بولۇپ ئالغان بولسا ھەممىسىنى قىز ئالغان بولاتتى. بىراق ئۇ بىرىنىلا قىز ئالغان، باشقىلارنى چوكان ھالىتىدە ئالغان.

زامانىمىزدىكى قۇدرەتلىك يەتكەن ھەر قانداق مۇسۇلمان ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدەك ئالىي جاناپ بولۇپ، ئالىي مەخسەتلەرنى كۆزلەپ، جەمئىيەتتىكى تۇل ئاياللارنى كەمەيتمىگەن بولسا، ئۇلارنى باقالماي، بەدەنلىرىنى سېتىۋاتقان نومۇسسىز ئاياللارمۇ جەمئىيەتتە ئازايغان بولاتتى. تۇل ئاياللارمۇ تۇرمۇشتىن بەھرىمان بولغان بولاتتى، بۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتتە بەرىكەت بولغان بولاتتى.

— داخان، رەمچىلەرگە ئىشىنىشكە بولامدۇ؟

— ئىسلام شەرىئەت قانۇنى بويىچە، داخان، رەمچى، كاھىنلارنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنگەن ياكى بۇ ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان ئادەم كاپىر بولىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى، داخان، كاھىنلارنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىدىكەن، ئۇ ماڭا كەلگەن دىنغا كاپىر بولغان بولىدۇ». چۈنكى كېلەچەكتە بولىدىغان ئىشلارنى بىلىش پەقەت ئاللاغا خاستۇر. ئاللادىن باشقا كىشى غەيبلەرنى بىلمەيدۇ. ھەتتا پەيغەمبەرلەرمۇ بىلمەيدۇ. ئاللا مۇنداق دەيدۇ: «غەيبنى ئاللادىن باشقا ھېچ كىم بىلمەيدۇ». داخان، رەمچى ۋە كاھىنلارغا ئىشەنگەن ياكى ئۇنىڭ بىلەن شۇغۇللانغان كىشىنىڭ كاپىر بولۇشىدىكى سەۋەپ شۇكى، غەيبنى بىلىش ئاللاغا خاس بولغان ئالاھىدە ئىلاھلىق بىر سۈپەت بولغاچقا، ئاللادىن باشقا بىرسىنى غەيبنى بىلىدۇ دەپ ئېتىقات قىلغان كىشى ئاللادىن يۈز ئۆرۈپ، مەخلۇقاتقا ئىشەنگەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كاپىر بولىدۇ. بۇ ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان رەمچىلەرگە كەلسەك، ئۇلار ئاللاغا خاس بولغان غەيبنى بىلىشتىن ئىبارەت ئىلاھى سۈپەتنى ئاللادىن تالاشقان بولىدۇ ۋە ئۆزىنى ئىلاھى خىسلەت بىلەن سۈپەتلىگەن بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن رەمچىلەر كاپىر بولىدۇ.

سوھبەتنى ژۇرگۇزگەن ساۋۇت ئىسكەندەرىي.

«يېڭى ھايات» 1996 — ژىل، 6 — ۋە 13 — ئىيۇل

# ھەج ئادەمنى گۇناھتىن پاكلايدۇ

جۈمە كۈنى ئىدى. قۇياش مەغرىپ تامان ئېگىلگەن. ئەرەپات تېغى بولسا چوڭ - كىچىك چېدىرلار بىلەن قاپلانغان. بىر مىليون بەش يۈز مىڭ ھاجى بۇ جايدا ئاق ئېھراملار بىلەن خۇددى ئاق كەپتەرلەردەك مىغ - مىغ ئەتراپتا توپ ژۇرىشەتتى. ئۇلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېلىش قىيىن. بۇ يەردە مىللەتلەرنىڭ پەرقلىرى پۈتۈنلەي يوقالغان ئىدى. ھەتتا ئۇلارنىڭ تىللىرىمۇ ئورتاق بىر تىلغا ئايلانغان. ئۇلار ئاق تەنلىك، قارا تەنلىك بولغىنىغا قارىماي، ئەرەپ تىلىدا سۆزلەتتى. بەزىلىرى تولۇق سۆزلىسە، بەزىلىرى بىر ئاز بۇزۇپ سۆزلەتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ «لەببەيكەللاھۇممەلەببەيكە، لاشەرىكەلەكەلەببەيكە» دېگەن ئەرەپچە دۇئانى ئوقۇۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا ئېچىلىق سوراشلىرىمۇ «ئەسسالامۇئەلەيكۇم»دىن ئىبارەت بىر تىلدا ئىدى. بىز ئورۇنلاشقان چېدىرنىڭ ئىچىدە 15 مىللەت ۋەكىللىرى بىر ئائىلە ئەزالىرىدەك دەستىخاننىڭ ئەتراپىغا زىچ ئولتۇرۇپ، يېمەك - ئىچمەكلەرنى ئورتاق ئىستېمال قىلىشتى. بىر ئاز نېرىدا يۈزدىن ئارتۇق پاكىستانلىق بىر ئادەمنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ھېلىقى ئادەم ئوقۇغان دۇئالارنى تەكرارلاتتى. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن ھەج قىلىش ئۈچۈن كەلگەنلەرنىڭ تولىسى ئەرەپچە دۇئالارنىڭ مەناسىنى بىلمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئاللاغا يۈزلەنگەن قەلبلىرى، ئەلۋەتتە، ھېس قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى موشۇ دۇئالار ئارقىلىق ئاللاغا ئىلتىجا قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى. ئۇلار بۇ لەھزىلەردە ئىنسانلىقنىڭ پەخرى بولغان پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ناماز ئوقۇغان يەرلىرىدە ناماز ئوقۇشقا، ئۇنىڭ تۇرغان يەرلىرىدە تۇرۇشقا، ئۇنىڭ ئوقۇغان دۇئالىرىنى ئوقۇشقا مۇيەسسەر بولغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئىنتايىن بەختلىك ھېس قىلماقتا ۋە ھاۋانىڭ 40 دەرىجە ئىسسىغىدا ئەرەپات تېغىدا تارتقان جاپالىرىدىن لەززەت ئالماقتا ئىدى. ئىسلام دىنىدا قۇدرىتى يەتكەن مۇسۇلمانغا بۇيرۇلغان ھەج تاۋاپ قىلىش بولسا ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىبادەتتۇر. ئاللا ئۈچۈن خالىس ھەج قىلىپ، ھەججى مەقبۇل بولغان كىشى ئانىدىن تۇغۇلغان بوۋاقتەك پۈتۈن گۇنالاردىن پاكلىنىدۇ. ھەج ئاللانىڭ نەزىرىدە ھەممە مىللەت، مەيلى ئۇ باي بولسۇن، گاداي بولسۇن ھەممىسى ئوخشاش باراۋەر ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدىغان ئەمەلىي پائالىيەتتۇر. شۇڭا بۇ پائالىيەت جەريانىدا بىر مىللەتنى يەنە بىر مىللەتتىن، باينى گادايدىن ئايرىغىلى بولمايدۇ. ئۇلار ھەممىسى ئاللانىڭ ئالدىدا شۇنداق ئوخشاش بەندىلەردۇر.

بەزى كىشىلەر مۇنداق دەپ سورىشىدۇ: ئاللا نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنى مەككىگە بېرىپ، ھەج قىلىشقا بۇيرىغان؟ ئاللا ھەمىشەم بىز بىلەن بىللە بولىدۇ، قانداقلا يەردە بولمىسۇن قىلىنغان ئىبادەتلەرنى مەقبۇل قىلىدۇ. ئاللا بىزنىڭ قىلغان ياخشى - يامان ئىشلىرىمىزنى بىلىپ تۇرىدۇ. شۇنداق ئىكەن ئادەملەر جاپا چېكىپ مەككىگە بارمىسا بولمامدۇ؟ بۇ سوئالغا بىزنىڭ جاۋابىمىز مۇنداق: ھەق راست، ئاللا بىزگە ئەڭ يېقىن، ھەتتا ئۇ بىزنىڭ قان تومۇرلىرىمىزدىنمۇ يېقىن. ئامما بىز تۇرمۇش تەلۋىي سەۋەبىدىن ئاللادىن ئۆزىمىز ئۇزاقلىشىپ، باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ قالىمىز. ئاللا ھەمىشەم بىزلەرگە نەزەر سېلىپ تۇرسىمۇ، بىزلەر گاھىدا ئاللانى ئۇنتۇپ كېتىمىز. گاھىدا دۇنيا قوغلىشىپ، ئاللانىڭ ھۆكمىگە قۇلاق سالمايمىز. شۇڭلاشقا، ئىسسىق ئۆيىمىزدىن، پەرزەنتلەردىن، يۇرتتىن ئايرىلىپ، يەككە - يېگانە بولۇپ، ئاللا تەرەپكە ھىجرەت قىلىشقا مۇھتاج بولىمىز. ھەتتا بۇ ھىجرەتنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش ئۈچۈن مەككىگە بارغاندىن كېيىنمۇ

ھەج پائالىيىتىنى ئىككى پۇتىمىز بىلەن مېڭىپ ۋۇرۇپ ئادا قىلىمىز. مانا بۇ ئۆزىمىزنى، نەپسىمىزنى، پىكىر- خىيال، ۋۇرۇش - تۇرۇشىمىزنى تۈزەپ، دۇنيالىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن قول ئۈزۈپ، بىر ئاللاغا يۈزلەنگەنلىكىنىڭ ئەمەلىي ئىسپاتىدۇر. ئەراپات ئەرەپچە سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ مەناسى«تونۇشۇش»دېگەنلىكتۇر.يەنى ئاللا بىلەن دەقەمتە تۇرۇپ تونۇشۇش، ئاللانىڭ رەھمەت ۋەمەغپىرەتلىرىگە ئېرىشىش ۋە دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن مۇسۇلمانلار بىلەن ئۆز ئارا تونۇشۇش، ياخشى پەزىلەتلەرنى ئۆگىنىش دېمەكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەڭ ياخشى كۈن ئەرەپاھ كۈنىدۇر. چۈنكى بۇ كۈندە زېمىن ئەھلى ئاسمان ئەھلى بىلەن تونۇشىدۇ»دېگەن. دېمەك، ئەرەپات ھەر تەرەپتىن تونۇشۇش بولۇپ، ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ئىنتايىن چوڭدۇر. بەزىكىشىلەر: ھاجىلار نېمە ئۈچۈن تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيىشنى مەنئىي قىلىدۇ ۋە ئىككى پارچە رەختنى يۆگىنىپ ئۆزلىرىنى قىينايدۇ؟ دەپ سورىشىدۇ. ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ جاۋاپ بېرىمىز: «ئىنسان دۇنياغا كىيىمسىز تۇغۇلىدۇ ۋە ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئاخىرەتكە ئىككى پارچە رەختنى يۆگىنىپ كېتىدۇ. ھەرەمگە بېرىپ ھەج قىلغان كىشى مەنىۋىي جەھەتتىن بۇ دۇنيادىن ئايرىلىپ ئاللا تەرىپىگە بارغان بولىدۇ. دۇنيادىن ئەمەلىيەتتە ئايرىلغان كىشىمۇ ئىككى پارچە رەخت بىلەن ئاللانىڭ دەرگاھىغا ۋۇرىدۇ، شۇڭا ھاجىلار ھەجدە ئىككى پارچە رەختنى يۆگىنىدۇ. ئەراپاتتا ھاجىلارنىڭ ئىككى پارچە رەختكە قىلغان چېقىم ئارتۇق بولامدۇ؟ بۇ سوئالغا مۇنداق جاۋاپ بېرىمىز: بىر قانچە مىڭ كىلومېتىر ئۇزاق جايلاردىن ئاللا ئۈچۈن ھەرەمگە كەلگەن ھاجىلارنىڭ ھەجىسىنىڭ كامىل بولۇشى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىشى كېرەك. قۇربانلىق قىلىش بولسا ھەقىقەتتە نەپسىنىڭ ھەۋەسلىرىنى، دۇنيانىڭ تاتلىق مېھرىنى ئاللا ئۈچۈن قۇربان قىلغانلىقتۇر. بۇنىڭ بىلەن ھاجى ئاللا ئۈچۈن ئۆزىنى، مال - دۇنياسىنى پىدا قىلغان بولىدۇ. شۇڭا ھەج قىلغان كىشى ئەگەر ھەجىسى مەقبۇل بولسا، گۇناھلاردىن ئۇزۇل - كېسىل پاك بولىدۇ.

بەزىلەر نېمە ئۈچۈن ھاجىلار كەبىنى ئايلىنىپ تاۋاپ قىلىدۇ - دەپ سورىشىدۇ. راست، كەبە ئاللا ئەمەس، ئامما سىز ياخشى كۆرگەن مەھبۇبىڭىزنى قۇرۇق سۆز بىلەنلا ياخشى كۆرۈشنى كۇپايە دەپ ئويلىمايسىز، بەلكى ئۇنىڭغا بولغان ئىشق - سۆيگۈڭىزنى ھەم سۆز، ھەم ھەرىكەت پائالىيەتلەر بىلەن ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنى خالايسىز. ئىنسان ئاللاغا ئەقلى ۋە قەلبى بىلەن مۇھەببەت ئىخلاسىنى نامايان قىلغانلىقتىن تاشقىرى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئاللانىڭ چاقىرىقىغا قۇلاق سېلىپ، ئىككى ئايىغى بىلەن ئاللا مۇقەددەس قىلىپ بەلگۈلىگەن كەبىگە بېرىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىشى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئاللاغا بولغان ئىخلاس ۋە مۇھەببىتىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىدۇ. كەبە بولسا بىز ۋۇقۇرىدا ئېيتقاندەك خۇدا ئەمەس. ئۇ پەقەت تاشتىن قۇرۇلغان ئۆي، ئامما ئاللا بىزنى ئەشۇ كەبىگە قاراپ ناماز ئوقۇشۇڭلار ۋە كەبىنى ئايلىنىپ، ماڭا مۇھەببەت، سۆيۈشمەنچىلىك ئىزھار قىلساڭلار، ماڭا بىۋاستە يېتىدۇ، دەپ ئەمىر قىلغاشقا، بىز كەبىگە قاراپ ناماز ئوقۇيمىز ۋە ئۇنى ئايلىنىمىز.

بەزىلەر: نېمە ئۈچۈن ھاجىلار شەيتانغا تاش ئاتىدۇ؟ - دەپ سورىشىدۇ. ئۇنىڭغا بىزنىڭ جاۋابىمىز مۇنداق: ئادەتتە كىشىلەر ۋەتەن ئۈچۈن قۇربان بولغانلارنىڭ قەبرىگە گۈل قويۇپ، ھەيكەللىرىگە ئېھتىرام بىلدۈرىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ھەيكەللەر قۇربان بولغانلارنىڭ ئۆزى ئەمەسقۇ! ياق ئۇلار پەقەت نىشانە قىلىنغان ھەيكەللەرگە گۈل قويۇش ئارقىلىق ئۇلارغا ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ. شەيتانغا ھاجىلارنىڭ تاش ئېتىشلىرىمۇ شەيتان ئۈچۈن نىشانە قىلىنغان جايغا تاش ئېتىپ، غەزەپلىنىش ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ دۈشمىنى بولغان شەيتانغا لەنەت ئېيتىشتىن ئىبارەتتۇر.

ئەندى ھاجىلارنىڭ ھەجرى ئەسۋەد ـ قارا تاشنى سۆيۈپ تاۋاپ قىلىشىغا كەلسەك، ئۇ قارا تاش كەبىنىڭ بىنا قىلىنىشىدا بار بولغان قەدىمىي مۇبارەك تاش بولغانلىقتىن ئۇنى ھۆرمەت يۈزىسىدىن سۆيىدۇ. بۇ ئۇ تاشنى ئۇلۇغلاپ ئۇنىڭغا چوقۇنغانلىقتىن ئەمەس، پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆزىنى بولغانلىقتىن سۆيۈشتۇر. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەجەرىلئەسۋەدنى سۆيۈپ تۇرۇپ، مۇنداق دېگەن ئىكەن: «سەن بولساڭ بىر تاش، سەن پايدا ياكى زىيان يەتكۈزەلمەيسەن. پەقەت سېنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆيگەنلىكى ئۈچۈنلا سۆيۈۋاتىمەن». دېمەك، كەبىنى ئايلىنىش، شەيتانغا تاش ئېتىش ۋە ئەرەپاتتا تۇرۇش قاتارلىقلار پەقەت ئاللاغا ئىبادەت قىلىشتا نىشانە سۈپىتى بىلەن قىلىنىدىغان پائالىيەتلەردۇر. ئەمەلىيەتتە كەبە ياكى قارا تاش ئۇلۇغلانمايدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ ئېگىسى بولغان ياراتقان ئاللا ئۇلۇغلىنىدۇ. كىمكى كەبىنى ياكى قارا تاشنىلا ئۇلۇغلاپ، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدىكەن، ئۇ ئىماندىن چىقىپ كېتىدۇ.

بەزىلەر: ھاجىلارنىڭ شەيتانغا يەتتە تاش ئېتىشىغا ۋە كەبىنى يەتتە قېتىم ئايلىنىشىغا ھەجەپلىنىپ، بۇنىڭ ھېكمىتى نېمىدە؟ دەپ سورىشىدۇ. ئۇ يەتتە كامالەتنىڭ بەلگۈسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئاننىڭ قوسىقىدىكى بوۋاقمۇ يەتتە ھەپتىدىن كېيىنلا رەسمىي ئادەم شەكلىگە كىرىدۇ.

بەزىلەر:كەبە قاچان بىنا بولغانلىقىنى سورىشىدۇ. كەبە ئەڭ دەسلەپكى ئىبادەت ئۆيى بولۇپ،ئۇنى ئادەم ئەلەيھىسسالام جەبرائىل پەرىشتەنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە مەككىدىكى ھازىرقى ئورنىغا بىنا قىلغان. قارا تاش شۇ ۋاقىتتا كەبىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا قويۇلغان. كېيىن نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە ئالەمنى توپان سۈيى باسقاندا، كەبە سۇغا غەرق بولغان. بىراق قارا تاشنى(ھەجەرىلئەسۋەدنى) ئاللا پەرىشتەلەرگە بۇيرۇپ، ئەبۇقەيس تېغىدا ساقلىغان. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغىچە بولغان پەيغەمبەرلەر كەبىنىڭ ئورنىنى تاراپ قىلاتتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن ئوغلى ئىسمائىل بىلەن كەبىنى يېڭىدىن بىنا قىلغاندا، جەبرائىل پەرىشتە قارا تاشنى كەبىدىكى ئورنىغا قايتۇرۇپ ئەكىلىپ قويغان.شۇنىڭدىن بېرى كەبە ۋە قارا تاش شۇ ئورنىدا تۇرۇپ كەلمەكتە.

**«يېڭى ھايات» 1996 ـ يىل، 12 ـ ئۆكتەبر**

# ئىسلام شەرىئىتىدىكى ئەر ـ ئايالنىڭ هوقۇقلىرى ۋە ئۆزگىچىلىكلىرى

ئىسلام شەرىئىتىنىڭ چىن ماهىيىتىگە چۈشەنمەيدىغان، ياكى ئۇنى قەستەن بۇرمىلاشقا ئۇرۇنىدىغان بەزى ئاتېيىستىك كۆز قاراشتىكى شەخسلەر ئىسلام شەرىئىتىدە ئاياللار بىلەن ئەرلەرنىڭ هوقۇقلىرى بىردەك ئەمەس، ئاياللارنىڭ كىشىلىك شەنى دەپسەندە قىلىنىدۇ. پىكىرنى ئالغا سۈرۈپ، ئىسلام شەرىئىتىنى كامسىتىشقا، هاقارەتلەشكە ئۇرۇنىدۇ. بەندىلەرنى هەق يولدىن ئازدۇرۇشقا قارىتىلغان بۇ پىكىرنى بەزى كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ هەقلىقى پاكلىقىغا بولغان ئىشەنچىسىنى سۇسلاشتۇرۇشقا ئېلىپ كېلىدىغانلىقى تەبىي.

ئەمەلىيەتتە شۇنداقمۇ؟ هالبۇكى قۇرئانى كەرىمدە هەدىس شەرىفلەردە كىشىلىك جەمئىيەتتىكى ئەر ـ ئاياللارنىڭ هوقۇقلىرى ۋە ئۆزگىچىلىكلىرى ئەتراپلىق تۈردە هەم ئېنىق ئىزاهلانغان.

ئىسلام دىنى پۈتكۈل ئىنسانلارنى ياراتقان ۋە ئۇلارنىڭ تەبىئەت خاراكتېرىنى ئوبدان بىلىدىغان ئاللا تەرىپىدىن كەلگەن ساۋاۋىدىن بولغاچقا ئۇنىڭ قانۇن، پرىنسىپلىرىدا ئىنسانلارنىڭ تەبىي هوقۇقلىرى ئالاهىدە كۆزدە تۇتۇلغان. شۇڭلاشقا ئىسلام دىنى ئىنسانىيەت دىنى تەبىئەت دىنى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئاللا ئۆز هېكمىتى بىلەن ئىنسان ۋە باشقىمۇ هەر خىل مەخلۇقلارنى ئەركەك ـ چىشى قىلىپ ياراتتى. ئىنسانلار ئارىسىدا ئەر ـ ئايال ئىككى جىنسنىڭ يارىلىش تەبىئىتى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىغىنىدەك، ئۇلارنىڭ هاياتتىكى ۋەزىپىلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. هەر بىرىنىڭ ئۆزىگە لايىق خۇسۇسىيىتى ۋە هاياتلىقتا ئاتقۇرىدىغان ئۆزىگە خاس ئالاهىدە رولى بار. شۇنىڭغا باغلىنىشلىق ئىسلام قانۇن پرىنسىپلىرىدا ئەر ـ ئايال ئىككى جىنسنىڭ باراۋەر بولىدىغان يەرلىرىمۇ، باراۋەر بولالمايدىغان يەرلىرىمۇ بار. ئەر بىلەن ئايال باراۋەر بولىدىغان مەسىلىلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1 ـ ئەر بىلەن ئايال ئىنسانلىق خۇسۇسىيەتلىرىدە ۋە ئىنسانلىق هۆرمەتتە ئوخشاشتۇر. ئاللا ئەر ـ ئايال پۈتكۈل ئىنسانلارنى بىر خىل هۆرمەتتە ياراتقانلىقى هەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «شەك ـ شۈبهىسىزكى، بىز ئىنسان بالىلىرىغا بىر خىل هۆرمەت ئاتا قىلدۇق».

**(سۈرە ئىسرا، 70 ـ ئايەت)**

2 ـ ئەر بىلەن ئايال ئىسلام شەرىئىتىدە بۇيرۇلغان ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى بەجا كەلتۈرۈش ۋەزىپىسىدە ئوخشاشتۇر. يەنى ئەر كىشىگە پەرز بولغان كۈندە بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇش، روزا، زاكات، هەج ۋە باشقىمۇ ئىبادەتلەر ئايال كىشىگىمۇ ئوخشاشلا پەرزدۇر. شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىگە بېرىلىدىغان ئاللانىڭ راپاۋىتىمۇ ئوخشاش بولىدۇ. ئاللا بۇ هەقتە مۇنداق دەيدۇ: «مەن سىلەردىن ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، هەر قانداق بىر ياخشى ئىش قىلغۇچىنىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتمەيمەن».

**(سۈرە ئالئىمران. 195 ـ ئايەت).**

3 ـ ئەر بىلەن ئايال ئىسلام شەرىئىتىدە مەنئىي قىلىنغان ئىشلاردىن توسۇلۇشتا ئوخشاشتۇر. يەنى قۇرئاندا ۋە هەدىسلەردە گۇناھ ياكى هارام قىلىنغان ئىشلار ئەر ـ ئاياللار ئۈچۈن بىردەك

ئاللا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئەر ياكى ئايال بولسۇن يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇلارغا قىلغان يامانلىقلىرىغا يارىشا جازا بېرىلىدۇ».

4 ـ ئەر بىلەن ئايال قىساستا ئوخشاشتۇر. بىر ئەر بىلەن ئايالنى ئەيىپسىز ئۆلتۈرگەن بولسا، ئۇ كىشى ئايال ئۈچۈن ئۆلتۈرىلىدۇ. ئەكسى ھالەتتە ئەرنى ئۆلتۈرگەن ئايالغىمۇ شۇ جازا قوللىنىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللا مۇنداق دەيدۇ: «ئېي مومىنلەر! ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۈچۈن قىساس ئېلىش سىلەرگە پەرز قىلىندى».

**(سۈرە بەقەر. 178 ـ ئايەت)**

ژۇقۇرىدىكى ئايەتتە بايان قىلىنغان «مومىنلەر» دېگەن سوز ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن ھەر قانداق مومىن كىشىلەرگە قارىتىلغان.

5 ـ ئەر بىلەن ئايال ئىلىم ـ مەرىپەت ئۆگىنىش ئەركىدە ئوخشاش. يەنى ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارغا ئىلىم ئۆگىنىشتە ئەر بىلەن ئايالنى ئايرىماستىن ھەر ئىككىسىگە ئوخشاش ئەمىر قىلىدۇ. بۇ مەسىلە قۇرئانى كەرىمدە ئوچۇق كورسىتىلگەن بولسىمۇ، يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتۈن مۇسۇلمانلارنى ئىلىم ئۆگىنىشكە چاقىرغان ھەدىسلىرىدە ئۇنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىلىم ئۆگىنىش ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن ھەر قانداق مۇسۇلمان كىشىگە پەرزدۇر».

**(ھەدىس شەرىف)**

6 ـ ئەر بىلەن ئايال ئۆي ـ بىساتى، مال ـ مۈلكىگە ئىگىدارچىلىق قىلىشتا ئوخشاشتۇر. بۇ خۇسۇستا ئۇلار تەڭ ھوقۇقلۇق. بۇ ھەقتە ئاللا مۇنداق دەيدۇ: «ئەرلەرمۇ، ئاياللارمۇ قىلغان ئەمەللىرىدىن ھەسسىدار بولىدۇ».

**(سۈرە نىسا. 32 ـ ئايەت)**

7 ـ ئەر بىلەن ئايال مىراس ئېلىش ھوقۇقىدا ئوخشاش. «ئاتا ـ ئانىسى ۋە تۇققانلىرى قالدۇرغان مىراستا ئەرلەرنىڭ ھەسسىسى بولغىنىدەك ئاياللارنىڭمۇ ھەسسىسى بار»، دەيدۇ ئاللا قۇرئاندا.

**(سۈرە نىسا 32 ـ ئايەت)**

8 ـ ئەر بىلەن ئايال ئوز مۈلكىنى تەسەررۇپ قىلىشتا ئوخشاشتۇر. يەنى ئوز مۈلكىنى خالىغانچە قوللىنىش، ئېلىش ۋە سېتىش ئىشلىرىدا ئەر بىلەن ئايال بىردەك ھوقۇققا ئىگىدۇر.

9 ـ ئەر بىلەن ئايال نىكاھلىنىشتا بىر خىل ھوقۇققا ئىگە. ئەرلەر ئوزلىرى خالىغان ئاياللار بىلەن ئويلىنىش، ياكى ئاياللار ئوزلىرى مۇناسىپ كورگەن ئەرلەر بىلەن تۇرمۇش قۇرۇش ئىختىيارى چەكلەنمەيدۇ. ئىسلام شەرئىتىدە ئوغۇل ـ قىزلارنى ئوزلىرى خالىمىغان كىشىلەر بىلەن نىكاھلىنىشقا زورلاش مەنئىي قىلىنىدۇ.

ئۇمۇمەن ئەر بىلەن ئايالنىڭ باراۋەر بولمايدىغانلىقى توۋەندىكى تورت تۈرلۈك مەسىلىگە ئىخچاملىنىدۇ.

1 ـ ئىنسان مەدەنىي مەخلۇقتۇر. ئۇ ئوزى يالغۇز ياشىماي، باشقىلار بىلەن كىشىلىك

مۇناسىۋەتتە ئۆمۈر سۈرىدۇ. كۆپلىگەن ئىنسانلار بىللە توپلىشىپ ياشىغانلىقتىن ئۇلارنىڭ
ئارىسىدا ئىختىلاپلار، بىرى ئىككىنچىسىنىڭ مۈلكىگە قول سېلىش، ھەقسىزلىك ھايان-
كەشلىك ئۆتكۈزىدىغان ئەھۋاللارمۇ يۈز بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادالەتلىكنى بەرپا
قىلىش ئۈچۈن دۆلەت — ھۆكۈمەت، كىچىك مەنادا ئائىلە ئىدارە قىلىش، باشقۇرۇش ئىش
لىرىنى ئېلىپ بارىدۇ. بۇ ئەڭ قىيىن ۋە ئېغىر مەسىلىدۇر. ئىنسانلارنى باشقۇرۇپ، ئى-
دارە قىلغۇچىلار ئەقىللىق، مۇستەھكەم ئىرادىلىك، ئۆتكۈر پىكىرلىك بولۇشى كېرەك.
ھالبۇكى، بۇ سۈپەتلەر جىسمانىي ئاجىزلىقىغا يارىشا ئاياللاردا ئىنتايىن ئاز تېپىلىدۇ. ئايال
لار يارىتىلىشىدىنلا مېھرىبان، رەھىمدىل، كۆڭلى يۇمشاق، كۆڭۈلچەك بولغانلىقى ئۈچۈن
ئۇلار كۆپىنچە كىشىلەرنى باشقۇرۇش مەسئۇلىيەتلىكىنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقالماي-
دۇ. شۇڭلاشقا ئىسلامدا ئاياللارنى ھىمايە قىلىش يۈزىسىدىن بۇ خىل جاۋاپكەرلىك ۋە-
زىپىسى ئەرلەرگە تاپشۇرۇلىدۇ. ھەتتا ئاياللار ئائىلىسىنىمۇ مۇستەقىل ئىدارە قىلالمايدۇ.
گەرچە بەزى ئاياللار ئائىلىسىنى ۋاقىتلىق ئىدارە قىلىپ، كەلسىمۇ، قىيىن مەسىلىلەرگە دۇچ
كەلگەندە ئۇنى ھەل قىلىشقا قابىل بولالمايدۇ. بۇ كىشىلىك تۇرمۇشتا ھەر قاچان ئۇچرى-
شىپ تۇرىدىغان ھالەتتۇر.

2 — ھەر قانداق گۇۋالىق تەلەپ قىلىنىدىغان مەسىلىلەردە ئىككى ئايال كىشىنىڭ
گۇۋاھلىق بېرىشى بىر ئەر كىشىنىڭ گۇۋاھلىقىغا باراۋەر كېلىدۇ. مانا بۇ ئىنسانلار ئارىسىدا
ناھەقچىلىككە يول قويماسلىق ۋە ئادالەتلىكنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن ھاجەتلىك. چۈنكى
ئىسلام شەرىئىتىدە ھەر قانداق ئەرز — شىكايەتلەرنى ئادىللانە ھەل قىلىش ئۈچۈن گۇۋا-
چىلار تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇنداق ئىنچىكە مەسىلىدە بىر ئەر كىشىنىڭ ئورنىغا ئىككى ئايال
كىشىنىڭ گۇۋالىقى كېرەك. ئۇنىڭ سەۋەبى توۋەندىكىچە:

ئاياللار جىسمانىي تەرەپتىن ئەرلەرگە نىسبەتەن ئاجىز بولغانلىقتىن. شۇنىڭغا باغلىنىش
لىق پىكىر قىلىش، بىرەر نەرسىلەردىن مۇۋاپىق خۇلاسە چىقىرىش ۋە مەۋقە مەسىلىلە-
رىدىنمۇ ئاجىزلىق كۆرسىتىدۇ. بىر ئايالنىڭ گۇۋاچىلىقىنىڭ ئۆتمەيدىغانلىقى شۇنىڭدىن-
دۇر. ئەگەر ئىككى ئايال بولسا كۆڭۈلچەكلىك قىلىش، ئەينى ئەھۋالدىن چەتنەپ كېتىش
يۈز بەرمەي، ئۇلار بىر — بىرىنىڭ پىكىرىنى تولۇقلاپ، مەسىلىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى
مۇۋاپىق تۈردە ئېيتىپ بېرىدىغان بولىدۇ. بىرى ئىككىنچىسىنىڭ خاتاسىنى تۈزىتىدۇ.
بۇ ھەقتە ئاللا مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر ئىككى ئەر كىشىنى گۇۋاھلىققا تەكلىپ قىلىڭلار.
ئەگەر ئىككى ئەر كىشى يوق بولسا سىلەر ئادالىتىگە، دىيانىتىگە ئىشىنىشكە بولىدىغان
بىر ئەر، ئىككى ئايال كىشىنى گۇۋاھلىققا تەكلىپ قىلىڭلار. ئىككى ئايال كىشىنىڭ بىرسى
ئۇنتۇپ قالسا، ئىككىنچىسى ئېسىگە سالىدۇ».

3 — ساماۋىي دىنلارنىڭ ئاخىرقىسى ۋە ئادالەتنىڭ مەنبەئى بولغان ئىسلام دىنى بار-
لىققا كەلگەندە مەيلى ئەرەپ زېمىنىدا بولسۇن، مەيلى باشقا ئەللەردە بولسۇن ھېچ بىر
يەردە ئاياللارنىڭ مىراس ئېلىش ھوقۇقى يوق ئىدى. ئاياللارنىڭ مىراس ئېلىشى بۇ ياقتا
تۇرسۇن، ئاياللارنىڭ ئۆزلىرى باشقىلارنىڭ مىراسى بولۇپ ھېساپلىناتتى. ئىسلام دىنى-

نىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرى نازىل بولغاندىن كېيىن بۇ ھەقسىزلىكلەر يوقىتىلىپ، ئايال-
لارنىڭمۇ ئەرلەرگە ئوخشاش مىراس ئېلىش ھوقۇقى ئىسلام مىراس قانۇنىدا بېكىتىلدى.
بۈگۈنكى كۈندە ئىسلام دىنىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنمەي، ئۇنىڭ شەنىگە داغ كەلتۈرۈش-
نى كۆزلەيدىغان بەزى شەخسلەر «ئىسلامدا ئاياللارغا ئەر كىشىلەرگە بېرىلىدىغان مىراس-
نىڭ يېرىمى بەلگىلەنگەن. بۇ ئاياللارنى كەمسىتكەنلىك» دېگەندە ئوخشاش ئەيىپلەرنى
توقۇپ كەلمەكتە. ھالبۇكى، ئىسلام شەرىئىتىدىكى مىراس قانۇنىنى چوڭقۇرراق ئويلاپ،
پىكىر يۈرگۈزىدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئادالەتلىك ۋە توغرا ئىكەنلىكىگە كۆز يەتكۈزىمىز.

ئىسلامدىكى مىراس مەسىلىسى ئائىلە تۈزۈمىگە باغلىق بىر مەسىلە. بۇ ئىككىسىنى بىر-
بىرىدىن ئايرىپ، قاراشقا بولمايدۇ. بىر ئائىلىدىكى ئەر كىشىنىڭ ئانىسى، ئايالى، قىزى
ۋە ھەدە — سىڭىللىرى بولىدۇ. بۇ ئۆيدىكى خىراجەت چىقىملىرىنىڭ ھەممىسى ئاساسىي
جەھەتتىن ئەرنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. دېمەك، ئاياللارنىڭ تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلغۇ-
چى ئەرلەر ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بىز شۇنى تۇتقا قىلىپ ھۆكۈم چىقىرىدىغان بولساق، ئايال-
لارغا مىراس بولۇپ بېرىشنىڭ نامۇۋاپىقلىقى قارارىغا كېلىمىز. لېكىن ئىسلامدا ئاياللار-
نىڭ قەدرىنى كۆتۈرۈش، رەھىمدارچىلىق قىلىش يۈزىسىدىن ئۇلارغا مەلۇم مىقداردا مى-
راس بولۇنۇپ بېرىش بەلگىلەنگەن. ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ھېچ قانداق چىقىم قىلىش
لازىم قىلىنمايدۇ. شۇڭدا تۇرمۇشنىڭ پۈتۈن خىراجەت، ئېھتىياجلىرىنى تەمىن قىلىش ۋە-
زىپىسى ئۈستىگە يۈكلەنگەن، ئائىلىدىكى بارلىق نەرسە كېرەكلەرنى بەرپا قىلغۇچى، يە-
نى زىممىسىگە ئايال كىشىنىڭ نەرسە كېرەكلىرىنى تەمىن قىلىش جاۋابكەرچىلىكى ئارتىل-
غان ئەر كىشى ئايال كىشى بىلەن تەڭ مىراس ئېلىشى كېرەكمۇ؟

مىراس ئىسلام شەرىئىتىدە مۇنداق بولۇپ بېرىلىدۇ. مەسىلەن، بىر ئادەمنىڭ بىر ئو-
غۇل، بىر قىز ئىككىلا پەرزەندى بولغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلارغا 3 مىڭ
تەڭگىلىك مىراس قالغان بولسا، ئۇنىڭ 2 مىڭ تەڭگىسى ئوغۇلغا، مىڭ تەڭگىسى قىزىغا
بېرىلىدۇ. ئاخىرقى ھېساپتا 2 ھەسسە ئارتۇق مىراس ئالغان ئوغۇل ئۇنى ئۆز ئايالىنىڭ،
يەنى ئائىلىسىنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن سەرىپ قىلىدۇ. بۇ ئۇنىڭ مەجبۇرىيىتى. ئەگەر
ئۇنداق قىلمىسا شەرىئەت قانۇنى بويىچە گۇناھكار بولىدۇ. ئەندى مىڭ تەڭگە ئالغان قى-
زىغا ئۆز ئائىلىسىنىڭ چىقىملىرىنى تەمىنلەش ۋەزىپىسى يۈكلەنمەيدۇ. ئۇنى ئېمىگە، قان-
داق ئىشلىتىمەن دېسە ئۆزىنىڭ ئىختىيارىدا. يەنى ئۇ ئايال مىراس ئالغان مىڭ تەڭگىنى
ئۆلگىچە يېنىدا ساقلىسىمۇ ئۆزىنىڭ ئىشى. ئەگەر ئائىلىسىنىڭ مۇھتاجىغا ئىشلىتىمەن دې-
سە يەنە ئۆز مەيلى. لېكىن ئۇنى مىراسخورىنىڭ رازىلىقىسىز، زورلاپ ئېلىشقا بولمايدۇ.
ئەمەلىياتتا سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، مىراس ئېلىشتىن كىم ئارتۇقراق مەنپىيەتدار بولىدۇ.
2 مىڭ تەڭگە ئالغان ئوغۇلمۇ؟ مىڭ تەڭگە ئالغان قىزمۇ؟ ھەقىقەت ۋە ئادالەتلىكىنىڭ
ئۆلچىمى بولغان مۇقەددەس ئىسلام دىنىدا بۇ خىل نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى چوڭقۇر ئوي-
لاشتۇرۇلغان ھالدا يولغا قويۇلغان.

4. كىشىلەر تۇرمۇش قۇرغاندىن كېيىن ئائىلە ھاياتىدا ھېمىشەم ئىناق، ئۇرۇش — تا-

لاشىسىز، رەنجىشىسىز ياشاپ ئۆتەلمەيدۇ. گايىدا ئەر – خوتۇنلار ئارىسىدا جېدەل – ماجىرالار يۈز بېرىپ قالىدۇ. مۇنداق ۋاقىتتا بىرىنىڭ ئاچچىغى يېنىپ، ئۆزىگە كەلگۈچىلىك قارشى تەرەپنىڭ سەۋر قىلىشى كېرەك. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا بىر دەملىك ئاچچىق ھەسرىتىدە ئائىلە بۇزۇلىدۇ. ئاياللار ئادەتتە جىسمانىي ئاجىز بولغانلىقتىن ھېسسىياتىنى ئىدارە قىلالماستىن ئالدىراڭغۇلۇق ۋە سەۋرسىزلىككە يول قويىدۇ. مۇنداق ھالەتتە ئەر كىشىلەر ئۆزىنى تۇتۇپ ئالىدىغان بولۇشى كېرەك. ئەكسى ھالەتتە جېدەل – ماجىرالار ئۇلغىيىپ، ئائىلىنىڭ بۇزۇلۇشىغا ئېلىپ كېلىدۇ. مۇنداق كەسكىن پەيتلەردە ئائىلىنى ساقلاپ قېلىش، ياكى ئايالنى تالاق قىلىش ھوقۇقىنى ئەرلەرگە بەرگەن. بۇمۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئەر بىلەن ئايالنىڭ تەبىئىتىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا ئۇيغۇنلاشتۇرغان قائىدە - قانۇنى. شۇنىمۇ ئەستە تۇتۇش لازىمكى، نىكاھلىنىشىپ ئائىلە قۇرۇشتا ئايالنىڭ ئىختىيارى ھەل قىلغۇچى رول ئاتقۇرىدۇ. ئەگەر ئايال كىشى رازى بولمايدىكەن، ئەرنىڭ ئۇنى قېتىم ئالدىم دېگىنى بىكار. بۇ مەسىلىلەرنى ئەينە شۇنداق كەڭ دائىرىدە چۈشەنگىنىمىزدە ئىسلام دىنىنىڭ نەقەدەر ئەقىلگە مۇۋاپىق، ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىگە ئۇيغۇن دىن ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز.

**«يېڭى ھايات» 1997 – يىل، 29 – مارت**

# ئىسلام دىنى ۋە ئويلاپ چىقىرىلغان بەزى «پەتۋالار»

ئىسلام دىنى ـ ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىل ـ پاراستى پىشىپ يېتىلگەن، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان بىر ۋەزىيەتتە ئاللا تائالا تەرىپىدىن ئىنسانلىقنىڭ ئىشتىقارى، ياخشىلىقلارنىڭ ئۆلگىسى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى ھەزرىتى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا پۈتۈنلەنگەن ۋە كامالىغا يەتكەن ھالدا، تا قىيامەت كۈنىگىچە يەر يۈزىدىكى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزگەرمەس، بىرلا ھەق دىنى بولۇشقا تاللانغان ئىمتىيازى بىلەن چۈشۈرۈلگەن ئەڭ توغرا ۋە ئۇلۇغ دىندۇر. يەتمىش ژىلدىن ئارتۇق ھۆكۈم سۈرگەن كوممۇنىستىك تۈزۈم بەربات بولغاندىن كېيىن، خۇداغا مىڭ قەتلە شۈكرىكى، مۇقەددەس ئىسلام دىنىمىز قايتىدىن تىكلىنىپ، ئادەملەرنىڭ قەلبى ئىمان نۇرى بىلەن يورۇشقا، قېدىمىي ئۆرپ ـ ئادەت، رەسىم ـ قائىدىلىرىمىز ياڭلىۋاشتىن تەنتەنە قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئايرىم چالا ساۋاتلىق «موللىلارنىڭ» «تەشەببۇسى» ئارقىسىدا يېڭى ـ يېڭى پەتۋالار مەيدانغا چىقماقتا. مەخسۇس مۇخبىرىمىزنىڭ ئىشىكتە شەھرىدىكى قازاق ـ تۈرك لىتسېيىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، مىسىر ئەزھەل ئۇنىۋېرسىتېتى شەرىئەت فاكۇلتېتىنى تاماملىغان مۇھەممەت يۈسۈپ بىلەن سۆھبىتى موشۇ ھەقتە بولماقچى.

— سوھبىتىمىزنى جامائەت ۋە مېچىت جامائىتى ھەققىدىكى ھەر خىل پىكىر ۋە كۆز قاراشلاردىن باشلىساق؟

— «جامائەت» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، بىر قانچە كىشىلەردىن ئىبارەت توپنى شۇنداق دەپ ئاتايدۇ. مېچىتقا بارغان كىشىلەر بىرلىكتە توپلىشىپ ناماز ئوقۇغاچقا، جامائەت سۆزى مېچىتقا بارىدىغان كىشىلەرنىلا ئىپادىلەيدىغان بولۇپ قالغان، خالاس. ئامما جامائەت سۆزى مېچىتتا، مەھەللىدە ياكى باشقا جايلاردا توپلىشىپ ئىش ئېلىپ بارغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئايرىم ھاللاردا بەزى كىشىلەر مېچىتتىن كەلگەن كىشىلەرنىلا جامائەت دەپ، مەھەللىدىن كەلگەنلەرنى جامائەت ئەمەس دەپ چۈشەنگەنلىكتىن، بىر مۇسۇلمانلارنى ئىككى توپقا بۆلۈپ مۇئامىلە قىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ توغرا ئەمەس. مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى قەدىرلىك زاتلىرىمىزدۇر. خولۇم ـ خوشنا، ئۇرۇق ـ تۇققانلار ئالاھىدە قىممەتلىك كىشىلىرىمىزدۇر. شۇڭا بىرەر مەراسىم ئۆتكۈزۈلگەندە، مېچىتتىن كېلىدىغانلارنىلا كۈتۈپ، باشقىلارنى رەنجىتىپ قويۇش ياخشى ئەمەس. خەتمە قۇرئاننى پەقەتلا ئىمامنىڭ قىلىشى شەرت ئەمەس. قۇرئاندىن بىرەر ئايەت بولسىمۇ ئوقۇيالايدىغان ھەر قانداق مۇسۇلمان كىشى خەتمە قۇرئان قىلسا بولىدۇ.

— ھازىرقى ۋاقىتتا بىرەر مۇسۇلمان ۋاپات بولسا، مەرھۇمنىڭ قىرقى نەزىرىگىچە

پەيشەنبىلىك ئۆتكۈزۈش ئايرىم جايلاردا چوڭ بىر نەزىرنىڭ تۈسىگە كىرىۋاتىدۇ. شۇ-
نىڭ بىلەن بىللە ئۈچ نەزىرى، يەتتە نەزىرى، قىرقى نەزىرى ۋە يىل نەزىرگە قوشۇم-
چە يەنە 52 كۈنلىكى، 6 ئايلىقى قاتارلىق نەزىرلەرمۇ پەيدا بولدى. ئايرىم «موللى-
لارنىڭ» چىقارغان «پەتۋاسى» بويىچە، 52 كۈندە ئۆلگەن ئادەمنىڭ ئۇستىخىنى-
دىن گۆشى ئاجرارمىش، بۇ كۈنى نەزىر قىلسا، ئۆلۈك قىينىلىپ - ئازاپلانماسمىش،
سوۋابى كوپ بولارمىش. ئىسلام دىنى تارقالغان ئەرەپستاندا مۇنداق نەزىرلەر ئۆت-
كۈزۈلمەيدىكەن، دەپ ئاڭلايمىز. موشۇ رەسىم - قائىدىلەر ھەققىدە ئىسلام دىنى-
نىڭ كۆرسەتمىسى توغرىلىق چۈشەنچە بەرسىڭىز.

- ئىسلام دىنىدا ۋاپات بولغان كىشى ئۈچۈن ھېچ قانداق بىر نەزىر ئۆتكۈزۈش بەلگۈ-
لەنمىگەن. ۋۇقۇرىدا ئاتالغان نەزىرلەرنىڭ ھېچ بىرسى ئىسلام دىنىدا كۆرسىتىلگەن ئە-
مەس. بەزى مۇسۇلمانلار، جۈملىدىن بىزنىڭ ئۇيغۇرلار، ئەشۇنداق نەزىرلەرنى چىقىرىۋال-
غان. نەزىر ئۆتكۈزۈش ۋاپات بولغان كىشى ئۈچۈن ئىبادەت سانالمايدۇ، بەلكى ئۇ ئادەتتۇر. چۈن-
كى ئىبادەت - دىندا بۇيرۇلغان ۋە قىلسا سوۋاپ بولىدىغان ئىشلار. ئادەت - دىندا بۇيرۇلمى-
غان، يەنى دىن بىلەن ھېچ بىر مۇناسىۋىتى بولمىغان ئىشلار. ئادەت پەقەت كىشىلەر
تەرىپىدىن يولغا قويۇلغان. دىندا بۇيرۇلمىغان ئىشنى دىندا بار دەپ ئىتىقات قىلسا، ياكى ئىشلىسە
بىدئەتنى (دىندا بۇيرۇلمىغان ئىشنى) سادىر قىلغان بولۇپ، قىلغۇچىلار ياكى شۇنداق
دەپ ئىتىقات قىلغۇچىلار گۇناكار بولىدۇ. ئۆلگەن كىشىگە قىلىنىدىغان ۋۇقۇرىدىكى
نەزىرلەرمۇ قىلسا سوۋاپ بولمايدىغان ئادەتلەردۇر.

پەيغەمبىر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «كىمكى موشۇ دىنىمىزدا بولمىغان بىر ئىشنى
دىنغا پەيدا قىلىدىكەن، ئۇنىڭ بۇ ئەمەلى (ئىشى) مەقبۇل ئەمەستۇر» دېگەن. يەنە بىر
ھەدىسىدە: «بىدئەتنىڭ ھەر قاندىقى ئازغۇنلۇقتۇر. ئازغانلارنىڭ ھەممىسى دوزاقتىدۇر»
دېگەن. ئىسلام دىنىمىز ئىشنىڭ بېشىدىنلا بىدئەتكە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ئۇنى كە-
سكىن چەكلەپ كەلگەچكە، بىزنىڭ دىنىمىز ئۆز ئەسلىنى يوقاتمىغان ۋە ئاللادىن چۈشۈ-
رۇلگەن بويىچە داۋام قىلىپ كەلگەن بىرلا ھەق دىندۇر. شۇڭا ئىسلام دىنىنى باشقا دىن-
لاردىن پاك ۋە ئەۋزەل دەيمىز. سەئۇدىيە ئەرەپستان بىدئەتلەرگە قارشى تۇرۇشتا ئەڭ
ئىجابىي يولنى تۇتۇۋاتىدۇ. شۇڭا ئۇلار بىزدىكى نەزىر- چىراقلارنى قىلمايدۇ. بەلكى ئۇ-
لار سوۋاپ بولىدىغان ئىشلارنى قىلىدۇ.

ۋۇقۇرىدىكى نەزىرلەرنى سوۋاپ ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇزاق يىللاردىن بۇيان ئا-
دەتكە ئايلىنىپ قالغاچقا ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتىمىز. ئۇنى قىلغۇچىلارمۇ ۋە ئۇنىڭغا يول قوي-
غۇچىلارمۇ ھازىر ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق زاماندا خەلقنى قىيناشنىڭ سىرتىدا كىشى-
لەرنىڭ ۋاقىتلىرىنى بىھۇدە ئىسراپ قىلىدۇ. سىز ئېيتقان 52 كۈنلۈك نەزىر بولسا، ئادەم
ئۆلۈپ 52 كۈندىن كېيىن گۆش ئۇستىخىنىدىن ئاجرايدۇ دېگەن سۆز قۇرئان، ھەدىس-
لەردە يېزىلمىغان. بۇ بولسىمۇ مايلىق پولۇنى يەپ، ئاچچىق دەملىگەن چاينى ئىچىپ
يۈرگەن ئايرىم چالا ساۋات «موللىلارنىڭ» چىقىرىۋالغان «پەتۋاسى»، خالاس.

ئىسلام دىنىدا ۋاپات بولغان كىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئائىلە- تاۋابىئاتىغا، ئۇرۇق - تۇققان-
لىرىغا بۇيرۇلغان بىرلا ئىش بار. ئۇ بولسىمۇ، ئىددەت ۋە تەزىيەدۇر. ۋاپات بولغان كىشى-

ـنىڭ ئايالى 4 ئاي 10كۈن ئىددەت تۇتىدۇ. بۇ ئارىدا خۇشبۇي، زىبۇ- زىنەتلەرنى تە-
رك ئېتىدۇ ئۆزىنى پەدەزلىمەيدۇ. 4ئاي 10كۈندىن كېيىن تۇرمۇشقا چىقسىمۇ بولىدۇ.
ئەندى مەرھۇمنىڭ ئاتا- ئانىلىرى،باللىرى، ئۇرۇق - تۇققانلىرى ئۈچ كۈن تەزىيە بىلدۈ-
رىدۇ. بۇ ئەسنادا خوشال - كۈلكە، ئويۇن تاماشىلاردىن ژىراق بولىدۇ. مانا بۇلار ئىسلام
دىنىنىڭ بەلگۈلىمىسىدۇر.

قىلسا سوۋاپ بولىدىغان ۋە مەرھۇمغا پايدىسى بولىدىغان ئىشلار ئىككىدۇر. بىرىنچى-
سى، مەرھۇمنىڭ گۇنالىرىنىڭ مەغپىرەتلىگىنى ئاللادىن تىلەپ دۇئا قىلىش. ئىككىنچى-
سى، سەدىقە بېرىش، قۇرئان ئوقۇش، يەنى قۇرئاننى ھەق بەرمەي ئوقۇتۇش ئارقىلىق
بۇلارنىڭ سوۋاۋىنى مەرھۇمغا ئاتىسا، ئۇنىڭ سوۋاۋى مەرھۇمغا يېتىدۇ.

بۇ مۇقەددەس قۇرئانۇ كەرىمدىمۇ يېزىلغان. ھەق ئالماستىن ئوقۇلغان قۇرئاننىڭ سو-
ۋاۋىنى مەرھۇمغا بېغىشلىسا، بۇ سوۋاپ ئۇنىڭغا يېتىدۇ. شۇنىڭدەك ئاللا ئۈچۈن مەيتقە
ئاتاپ قىلىنغان ھەج، روزا، سەدىقىلەرنىڭ سوۋاۋى بولىدۇ. بۈيۈك ئىسلام ئالىمى ئىبنى-
تەييۇم مۇنداق دېگەن: «مەيتقە ئاتاپ قىلىنىدىغان ئەڭ ئەۋزەل نەرسە - ھەدىيە.ئۇنىڭ
ھەققىدە سەدىقە قىلىش، ئۇنىڭ گۇنالىرىنىڭ مەغپىرەتلىگە دۇئا قىلىش، ھەج قىلىش
ئەجىرسىز قۇرئان ئوقۇپ سوۋاۋىنى ئاتاش قاتارلىقلاردۇر. بۇلارنىڭ سوۋاۋى مەيتكە
يېتىدۇ».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەيتكە سوۋاۋىنى ئاتاپ قىلىنغان ئەمەللەرنىڭ دۇرۇسلىغى
توغرىلىق مۇنداق دەيدۇ:«ئۆلۈكلەرگە قىلىنغان دۇئا، ھەج ۋە سەدىقىلەرنىڭ سوۋاۋى ئۇ-
لارغا يېتىدۇ. بۇ سوۋاپلار بىلەن خۇددى بىرىگلارغا ھەدىيە بېرىلسە، مەمنۇن بولغاندەك،
مەمنۇن بولۇشىدۇ».

**- ئاللا يولىدا، مۇقەددەس ئىسلام دىنىمىز يولىدا خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتقان
دىنىي زاتلىرىمىزغا مەيتقە بېغىشلاپ ئوقۇتقان قۇرئان ئۈچۈن، نەزىر - چىراقلاردى-
كى قىلغان خەتمە قۇرئان ئۈچۈن كونۋېرت بېرىش (ئاخچا قويۇش ) ئەنئەنىگە ئاي-
لىنىپ قېلىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە جىنازا نامىزىنى چۈشەرگەن ئادەمگە ناماز
ھەققى، مېچىت ھەققى دەپ ئاخچا بېرىلىدىغان بولدى. موشۇلار توغرىمۇ؟**

- قۇرئان ئوقۇتۇش بولسۇن، جىنازا نامىزىنى چۈشۈرۈش بولسۇن، ھەر قانداق بىر ئى-
بادەت ئۈچۈن كىشىلەردىن ئاخچا ئېلىش قۇرئان كەرىمنىڭ ھۆكمى بىلەن قەتئىي ھا-
رامدۇر. چۈنكى ئىبادەت ئاللاغىلا خاستۇر. ئاللاغا قىلىنغان ئىبادەتلەر ئۈچۈن كىشىلەردىن ھەق
سوراش،تەلەپ قىلىش ياكى ئېلىش هارامدۇر.ئىبادەتلەرنىڭ ئەجرىنى ئاللادىنلا كۈتۈش كې-
رەك. ئاللا مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى (ئۆزىنىڭ ئەمەلى بىلەن) ئاخىرەتنىڭ سوۋاۋىنى كوز
لىسە، ئۇنىڭ سوۋاۋىنى زىيادە قىلىمىز. كىمكى (ئەمەلى بىلەن) دۇنيانىڭ مەنپىيتىنى
كوزلىسە، ئۇنىڭ تىلىگەن مەنپەئەتىنىڭ بەزىسىنى بېرىمىز. ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە (سوۋاپلىق-
تىن) ھېچ نەسۋە يوقتۇر» (شۇرا سۈرىسى، 20- ئايەت). دېمەك، هارام يېگەن كىشى-
نىڭ ئىبادەت ۋە دۇئاسى قوبۇل بولمايدۇ.

**- يېقىندا ئالمۇتىنىڭ ئۇيغۇرلار زىچ جايلاشقان بىر مەھەللىسىدە، جىنازا نامىزىنى
چۈشىرىش ۋاقتىدا مېچىت جامائىتى مەيتنى مېچىتقا ئېلىپ بارمىغانلىغىنى، ئۆزلە-**

**رىنى بۇ يەرگە ئاۋارە قىلىپ ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ، مەرھۇمنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتىغا، ژىگىت بېشىغا رەنجىشنى بىلدۈردى. ئەگەر موللىلارنىڭ ئېيتىشىچە، جىنازا نامىزىنى مېچىتتا چۈشەرسە، ئۇنىڭ سوۋابى 27 ھەسسە كوپ بولىدىكەن ۋە قۇرئاندا شۇنداق يېزىلغانمىش. بۇ توغرىمۇ ياكى ئويلاپ چىقىرىلغان پەتىۋامۇ؟**

— جىنازا نامىزىنى مېچىتتا ئوقۇش شەرت قىلىنمىغان. پەقەت جامائەت پاتقىدەك كەڭ جاي بولسا بولىدۇ. چۈنكى جىنازا نامىزى ئەسلىدە ناماز ئەمەس، بەلكى مەيىتكە قىلىنىدىغان دۇئادۇر. شۇڭا جىنازا نامىزىنى مېچىتتا چۈشۈرۈش شەرت ئەمەس. ئەندى مېچىتتا چۈشۈرۈلسە 27 ھەسسە كۆپ سوۋاپ بولىدۇ، دېگەن سۆزگە كەلسەك، كۈندىلىك بەش ۋاقىت نامازنى مېچىتتا جامائەت بولۇپ ئوقۇسا، 27 ھەسسە ئارتۇق سوۋاپ بولىدىغانلىقىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىستە بايان قىلغان. شۇڭا بەش ۋاقىت نامازنى مېچىتتا ئوقۇش سۈننەت بولغاچقا سوۋابلىقتۇر. جىنازا نامىزى بۇ ھوكۈمگە كىرمەيدۇ. چۈنكى ئۇ، ژۇقۇرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ناماز ئەمەس، دۇئادۇر. قۇرئان كەرىمدە ياكى ھەدىسلەردە جىنازا نامىزىنى مېچىتتا چۈشۈرۈش بەلگۈلەنمىگەن.

**— ئايرىم جايلاردا تويى بولغان ژىگىت بىلەن قىزنى مېچىتقا ئاپىرىپ نىكا قىلىش ئەھۋاللىرى قېلىپلىشىۋاتىدۇ. مېچىتتا قىلىنغان نىكانىڭ سوۋابى كوپ بولىدىكەن. بۇنىڭغا سىزنىڭ كۆز قارىشىڭىز قانداق؟**

— نىكانىڭ شەرتلىرى ئىككى بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى، ژىگىت بىلەن قىزنىڭ ئۆز ئارا رازىلىقى. ئىككىنچىسى، نىكا قىلىنغۇچىدىن باشقا ئىككى مۇسۇلمان ئەر كىشىنىڭ گۇۋاچى بولۇپ، نىكا ئۈستىدە ھازىر بولۇشى. كېيىن نىكانى، يەنى توينى كىشلەرگە ئېلان قىلىش سۈننەتتۇر. نىكانى ئۆيدە قىلسۇن، مېچىتتا قىلسۇن ياكى باشقا جايلاردا قىلسۇن نىكانىڭ ژۇقۇرىدىكى شەرتى ھازىر بولغان ئىكەن، ئۇ دۇرۇس بولىدۇ. نىكانى مېچىتتا قىلىش شەرت ئەمەس.

**— ئۆز ئەجىلىدىن بۇرۇن ئېسىلىپ، زەھەرلىك نەرسىلەرنى ئىچىپ ياكى باشقا يوللار بىلەن ئۆلۈۋالغان كىشلەرنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈشكە ئايرىم جايلاردىكى ئىمام، موللىلار قارشى چىقىدۇ. موشۇ ھەقتە چۈشەنچە بەرسىڭىز؟**

— ژۇقۇرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، جىنازا نامىزى مۇسۇلمان ئەھلىنىڭ مەيىتكە ئاللادىن مەغپىرەت تىلەش يۈزىسىدىن ئوقۇلىدىغان دۇئادىن ئىبارەتتۇر. شۇڭا كاپىر ۋە مۇناپىقلار (ئېغىزىدا ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ، دىلىدا ئىشەنمىگۈچىلەر) نىڭ نامىزى ئوقۇلمايدۇ. چۈنكى ئۇلارغا مەغپىرەت تىلەشكە بولمايدۇ. ئامما مۇسۇلمانلارنىڭ نامىزى ئوقۇلىدۇ. قانچىلىك ئاسى ۋە گۇناكار بولۇپ كەتسۇن، ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ، مۇسۇلمانچە ژۈرگەن كىشلەرنىڭ نامىزى ئوقۇلىدۇ. ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغان كىشلەرنىڭ نامىزىمۇ شەرىئەت ۋە مەزھەب ئالىملىرىدىن كۆپ سانلىقىنىڭ رايى بويىچە ئوقۇلىدۇ. ئاز سانىدىكى ئالىملار ۋە بەزى مەزھەبلەردە ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغان كىشىنىڭ نامىزىنى ئوقۇماسلىقنى قارار قىلىدۇ. بۇلارنىڭ دەلىلى شۇكى، ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغان ئادەم ئاللانىڭ ھۆكمىگە ئالدىراپ، ئۆزىنى ھالاك قىلغان بولىدۇ. بۇ ئەڭ چوڭ گۇنالاردىن سانىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە «ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغان ئادەم دوزاققا كىرىدۇ ۋە قانداق ئۆلگەن بولسا، شۇن

داق ئازاپلىنىدۇ» دەيدۇ.

ئەمما ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان كىشىنىڭ نامىزى ئوقۇلىدۇ دەپ قارايدىغان كۆپ ساندىكى ئالىملار ۋە مەزھەبلەرنىڭ دەلىلى شۇكى، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان ئادەم كاپىر بولۇپ كەتمەيدۇ، بەلكى چوڭ گۇناكار بولىدۇ. گۇناكار بولسىمۇ، مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ نامىزى ئوقۇلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان ئادەم دوزاققا كىرىدۇ، دېگەن ھەدىسىگە ئۇنىڭ نامىزىنى ئوقۇش زىت كەلمەيدۇ. چۈنكى، دوزاققا پەقەت كاپىرلارلا ئەمەس، مۇسۇلمان گۇناكارلارمۇ كىرىدۇ. گۇنارى تۈگىگەندىن كېيىن، ئاللانىڭ رەھمىتى بىلەن ئىمانىنىڭ يۈزىسىدىن دوزاقتىن چىقىرىلىپ، جەننەتكە كىرگۈزۈلىدۇ. بۇ قاراش ناھايىتى توغرىدۇر.

**— ئاز ساندىكى ئايرىم دىنىي زاتلار بەزى شەخسلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە- تاۋابىئاتلىرىنى «بۇلار ئۇنداق ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ، مۇنداق ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ، بۇلار جەزمەن جەننىتى ئادەملەر» دېسە، بەزىلەرنى «بۇ ئۇنداقچى، مۇنداقچى، بۇ جەزمەن دوزىغى ئادەم» دەپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ. موشۇ ھەقتە قىسقىچە ئېيتىسىڭىز؟**

— ئاللا تائاللا قۇرئان كەرىمدە جەننەت ئەھلى ۋە دوزاق ئەھلى بولىدىغانلارنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى (كۇپرىدا، گۇناھتا) چېكىدىن ئاشىدىكەن، دۇنيا تىرىكچىلىكىنى (ئاخىرەتتىن) ئارتۇق كۆرىدىكەن، ئۇنىڭ جايى ھەقىقەتەن دوزاق بولىدۇ. پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا (سوراق قىلىنىشتىن) قورققان، ئۆزىنى نەپسى خاھىشىغا بېرىلىشتىن (يەنى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) چەكلىگەن ئادەمگە كەلسەك، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ جايى جەننەت بولىدۇ» (نازىئات سۈرىسى، 41- ئايەت).

بۇ ئايەتتە جەننەت ۋە دوزاق ئەھلى بولىدىغانلارنىڭ سۈپەتلىرى كۆرسىتىلگەن. بۇ ئۇمۇمىي ھۆكۈمدۇر. بۇ ھۆكۈمدە كىشىلەرنىڭ ئىسىم - زاتلىرى بەلگۈلەنمىگەن. ئەمما ئىسلام دىنىدا جەننەتكە كىرىدۇ دەپ ئىسىم- زاتلىرى بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن زاتلار قۇرئاندا بايان قىلىنغان 25 پەيغەمبەر ۋە ئۇلاردىن باشقا قۇرئاندا ئىسىملىرى بايان قىلىنمىغان بولسىمۇ، ئاللا تەرىپىدىن كەلگەن ھەق پەيغەمبەرلەر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جەننەتكە كىرىدىغانلىقىدىن بەشارەت بەرگەن ئون ساھابىدۇر. ئۇلار: ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى، تەلھا، زۇبەيىر، ئابدۇراخمان ئىبنى ئەۋف، سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس، سەئىد ئىبنى زەيد ئىبنى ئەمر، ئوبەيدە ئىبنى جەرراھ قاتارلىقلاردۇر. ئۇلارنى ئىسىم - زاتلىرى بىلەن جەننىتى دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەشارەت بەرگەن ئىكەن، ئۇلارنىڭ چوقۇم جەننەتكە كىرىدىغانلىقى ئېنىقلانغان.

ئەندى دوزاققا كىرىدىغان شەخسلەرنىڭ ئىسىم - زاتلىرى: ئىبلىس، فىرئەۋن، ھامان، قارۇن، ئەبۇلەھەب، ئەبۇجەھىل قاتارلىقلار. بۇلارنىڭ ئىسىم - زاتلىرى قۇرئان ۋە ھەدىسلەر بىلەن بايان قىلىنغان. ۋۇقۇرىدىكىلەرنى ئىسىم - زاتلىرى بىلەن دوزاق ئەھلى دېيىشكە بولىدۇ.

ئەمما ۋۇقۇرىدىكىلەردىن باشقا ئىنسانلارنى پالانى جەننەتكە كىرىدۇ، پالانى دوزاققا كىرىدۇ دەپ، ئىسىملىرى بىلەن ئاتاشقا بولمايدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «بەزى كىشىلەر پۈتكۈل ئۆمرىدە دوزاق ئەھلىنىڭ ئەمەللىرىنى قىلىدۇ، ئۆلەرۋاق-

تىدا جەننەت ئەھلىنىڭ ئەملىنى قىلىپ ئۆلىدۇ. بەزى كىشىلەر پۈتكۈل ئۆمرىدە جەننەت ئەھلىنىڭ ئەمەللىرىنى قىلىدۇ، ئۇلەر ۋاقتىدا دوزاق ئەھلىنىڭ ئەمەلىنى قىلىپ ئۆلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. بىز پەقەت ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغان، ھاراملاردىن ژىراق تۇرىدىغان مۆمىن مۇسۇلمانلارنى ئۇمۇمەن جەننەت ئەھلى دەلەيمىز. ئامما پالانچى، پالانچىلار چوقۇم جەننىتى، ئۇلار ئۆلگەندە چوقۇم جەننەتكە كىرىدۇ، دەپ بەلگۈلەلمەيمىز. شۇنىڭدەك كاپىرلارنى ۋە ئاسى، گۇناكار مۇسۇلمانلارنى ئۇمۇمەن دوزاق ئەھلى دەپ ئېيتالساقمۇ، ئۇلارنى ئىسىم ـ زاتلىرى بىلەن دوزىخى دەپ بەلگۈليەلمەيمىز.ۋە ھۆكۈم قىلالمايمىز. بۇ پەقەت بىر ئاللانىڭ ئۆزىگىلا خاس ئىش.

**ـ ئاخىرقى سوئال:بەزى ھاجىملىرىمىزنى«ھاجىم،ھاجىكا»دەپ ئاتىمىسا خاپابولغاندەك، رەنجىگەندەك قىلىپ، ئوچۇق چىراي ئاچمىغاندەك ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ. زادى ھاجىملارنى «ھاجىم» دېيىش شەرتمۇ، كېرەكمۇ؟ ئېنىغىراق ئېيتقاندا، ھاجىلىق ئاتاقمۇ؟**

ـ ئاللا تائاللا قۇرئان كەرىمدە: «قادىر بولالىغانكىشىلەرنىڭ ئاللا ئۈچۈن كەبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرىزقىلىندى» (ئالئىمران سۈرىسى، 97ـ ئايەت) دەپ ئەمىر قىلىدۇ. بۇ ئايەتتىن شۇ ئېنىقلىنىدۇكى، ھەج پەقەت ئاللا ئۈچۈنلا قىلىنىدۇ. ئاللا ئۈچۈن ھەج قىلغانلارنى ھاجىم دېسۇن ياكى دېمىسۇن، ئۇلار ئۈچۈن بەرى بىردۇر. ئەڭ مۇھىمى،ئاللانىڭ نەزەرىدە ھەجىسى قوبۇل بولسا يېتەرلىك. ئامما ئايرىم كىشىلەر ھاجىلىق ئاتاقنى ئېلىپ، ھۆرمەت تېپىش ئۈچۈن ھەج قىلغانلىقتىن، ئۆزلىرىنى «ھاجىم» دەپ ئاتىمىسا خاپا بولۇشىدۇ. خۇددى «پۇل خەشلەپ، ئۇلۇق جايلارنى بېسىپ كەلدۇق، نېمىشكە بىزنى ھاجىم دېمەيدۇ» دېگەندەك، ئاچچىق قىلىدۇ. مانا بۇ، ئاللا ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى كىشىلەر ئۈچۈن ھاجىم بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. پەيغەمبىر ئەلەيھىسسالام: «ئەمەللەرنىڭ دۇرۇس بولۇشى پەقەت نىيەتلەر بىلەن بولىدۇ.ھەر كىشى ئۆزى نىيەت قىلغان نەرسىسىگە يېتىدۇ» (بۇخارى رىۋايىتى) دەپ كۆرسەتكەن.

بەزى ھاجىملىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ خاتالىقلىرىنى تەن ئالمايدۇ. گوياكى ئۇلار ھەج قىلىپ پاك بولۇپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆلگىچە شۇنداق ئاق سانىلىدۇ. بۇ خاتا چۈشەنچە. كىشى ھەج قىلىپتەكەببۇر، يالغانچى، جازانىخور بولۇپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ ھەجىسى سەياھەت ئېكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ، خالاس. ئاللا ئۈچۈن ھاجى بولۇپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئەخلاقى، تەقۋالىغى ۋە مۇسۇلمانلىقى بۇرۇنقىدىنمۇ، ئەلۋەتتە، كۆرۈنەرلىك ئاشىدۇ. ئۇلار كەمتەر، ئالىيجاناپ، مېھرى ـ شەپقەتلىك بولىدۇ. مانا بۇ، قوبۇل بولغان ھەجنىڭ ئىپادىسى. چۈنكى ھەج ئىبادىتى كىشىلەرنى تەربىيلەپ، ياخشىلىققا ئۆزگەرتىدۇ. مۇنداق ھاجىملار كۆپىتۈر. ئاللا ئۈچۈن ھەج قىلغان ھاجىملارنىڭ نىيىتىگە قاراپ ئاللا ئۇلارنى ياخشى كۆرگەندىن كېيىن، بەندىلەرنىڭ قەلبىگە شۇ سۆيگۈنى سالىدۇ. ئىنسانلارمۇ ئۇنداق ھاجىملارنى ھۆرمەت قىلىدۇ، قەدىرلەيدۇ، سۆيىدۇ.

**سۆھبەتلەشكەن ئالىمجان باۋدىنوۋ.**
**«يېڭى ھايات» 1998ـ ژىل، 18ـ ئاپرېل.**

# مىللىي قەدرىياتىمىزنىڭ بەلگۈسى

تىل ـ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاقە قىلىش قورالى. جەمىيەتتە ئىنسانلار پەقەت شۇ تىل ۋاستىسى ئارقىلىقلا بىر ـ بىرىنى چۈشىنىپ، تەرەققىيات باسقۇچىغا ئىلگىرىلەيدۇ. تىلدىن باشقا ھەر قانداق ۋاستە بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقالمايدۇ. تىل بولمىسا جەمىيەتمۇ خەمىيەت بولۇپ تۇرالمايدۇ. بىر مىللەتنىڭ تىلى شۇ مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ كاپالىتىدۇر. ھەر قانداق مىللەت ئۆزىنىڭ تىلى بىلەن تونۇلىدۇ ۋە ئۆز مەۋجۇدىيىتىنى ساقلاپ قالالايدۇ. ئۇنىڭدەك تىل ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ روناق تېپىشىغا، ياكى ئەكسىنچە دۇنيا يۈزىدىن غايىپ بولۇپ كېتىشىگە سەۋەپ بولىدىغان ئامىلدۇر. ئىنگلىزلار ئۆز تىلىنى رىۋاجلاندۇرۇپ، دۇنياغا تارتىشقا ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن بۈگۈنلەردە ئۇ دۇنيا يۈزلۈك تىلغا ئايلىنىپ قالدى. خىتاي دۆلىتىنى بىر نەچچە ئەسىر ئۆز ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدارە قىلغان مانجۇرلار مىللىتىنىڭ ئاسمىلىيەتسىيە بولۇپ كېتىش خوۋۇپىغا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكتىن، تىلىنى كوز قارچۇغىدەك ساقلاپ قالالمىغانلىقىدىن ئاخىرى ئۇلار قۇملۇق يەرگە سىڭىپ كەتكەن سۇدەك دۇنيادىن غايىپ بولۇپ كەتتى. تىل ئەينە شۇنداق مىللەت تەغدىرى بىلەن ئۇتتاش مۇھىم ئامىلدۇر.

ئۇيغۇر خەلقى ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا، يۈكسەك مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ساھىپ بولغان مۇنەۋۋەر بىر مىللەتتۇر. ئۆتمۈشتە ئەجدادلىرىمىز تىلى ئوتتۇرا ئاسىيا، ھەتتا ئەرەپ مەملىكەتلىرىگىچە تاراپ كەڭ دائىرىدە قوللىنىشقا ئىگە بولۇپ كەلگەن ئىدى. ھازىر مىسىرنىڭ يەرلىك شېۋىلىرىدە ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى ئاتالغۇلار ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئارىسىدىن يېتىلىپ چىققان ئەللامە ئالىملىرىمىز تىلىمىز بايلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ چوڭ ھەجىملىك قامۇسلارنى يېزىپ قالدۇرغانلىقى ئۆتمۈش تارىخىمىزدىن مەلۇم: مەھمۇت قەشقەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ئەسەرلىرى شۇنىڭ ئەمەلىي مىسالىدۇر. بۇ ئارقىلىق ئالىملىرىمىز ئۇيغۇر تىلىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئۇنى تەرغىپ قىلىشتا چوڭ رول ئوينىغان. چۈنكى ئۇ ۋاقىتلاردا ئىسلام دىنى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىغا يېڭىدىن تاراپ، ئىسلام ئەھكاملىرىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئەرەپ تىلىنى ئۆگىنىش ھەۋىسى خەلق ئارىسىدا كەڭ قانات يايغان مەزگىل ئىدى. ئىسلام دىنى مەملىكىتىمىزگە ئىران تەرەپتىن كىرىپ كەلگەچكە شۇ قاتاردا پارس تىلىنىڭمۇ تەسىرى ئاز بولمىدى. نەتىجىدە تۈرك خەلقلىرى (يەنى ئۇيغۇرلار) ئۇيغۇر تىلىنى ئەرەپ ۋە پارس تىللىرىغا ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەيدىغان، ھەتتا ئەرەپ، پارس تىللىرىدىن بەزى ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىش نەتىجىسىدە ئۇلار ئۆز تىلىدىكى شۇ ئاتالغۇلارنى قوللانمايدىغان ھالەتلەر پەيدا بولۇشقا ئۆتكەن. دەل شۇ ۋاقىتتا بىزنىڭ مىللەتپەرۋەر، دانىشمەن بۇۋىمىز مەھمۇت قەشقەرىي كىشىلەرنىڭ ئەرەپ، پارس تىللىرىغىلا بېرىلىپ كېتىپ ئۆز تىلىنى ئۇنتۇپ كەتمەسلىكى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ خەلقلەرنىڭمۇ تۈرك (ئۇيغۇر) تىلىنى ئۆگىنىشلىرىگە ياردەمچى قوللانما بولۇشى مەقسىتىدە مەزكۇر دىۋاننى يېزىپ چىقىدۇ.

ئۇ دەۋردە شۇنداق بىر چۈشەنچە بولۇشقا ئۇتكەنكى، ئەينى ۋاقىتتىكى ئەدىبلەرنىڭ يازغان ئەسەرلىرىدە ئەرەب ياكى پارس تىللىرى ئارىلاش بولمىسا ئۇ ئەسەر ھەقىقىي بەدىئىي ئەسەر سۈپىتىدە باھالانمايدىغان بولغان ئىدى. شۇنداق بىر شارائىتتا ئەمەل قىلماي يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۇنياغا داڭلىق «قۇتادغۇ بىلىك» ئەسەرىنى تازا ئۇيغۇر تىلىدا يېزىپ چىقتى. «قۇتادغۇ بىلىكنى» تەتقىق قىلىپ كېلىۋاتقان ئالىملار شۇنى ئېنىق ئىپادىلىدىكى، ئۇ ئەسەردە تۈرك تىلىدىن باشقا تىللاردىن كىرگەن سۆزلەر يوقنىڭ ئورنىدا، بىرەن - سارانلا ئۇچرىشىپ قالىدۇ. شۇ يۇنىلىش تەسىرىدە 14 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى 15 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ماۋەرا ئۇننەھىردە ئىجادىي پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارغان لۇتفىي، ئاتائىي ۋە سەككاكىيلارنىڭ غەزەللىرىمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا يېزىلغان. دېمەك، شۇ دەۋر شارائىتىدىمۇ ئەجدادلىرىمىز ئانا تىلىمىزنى كۆز قارچۇغىدەك قوغداپ كەلدى.

مانجۇرلار ۋەتىنىمىزنى ئىككىنچى قېتىم ئىستېلا قىلغىنىدا، ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش مەخسىتىدە ئۆز تىلىنى خەلقىمىزگە زورلاپ ئۆگىتىپ، شۇ تۈپەيلى يېزا - قىشلاقلاردا مانجۇر تىلىدا مەكتەپلەرنى ئاچقان بولسىمۇ خەلقىمىز ئارىسىدىكى مىللەتپەرۋەر، ئىلغار پېكىرلىك كىشىلەر ئۇيغۇر بالىلىرىنى ئۇلارنىڭ مەكتەپلىرىدە ئوقۇشىدىن توساپ كەلدى. بۇ پەقەت تىلىمىز ئارقىلىق مىللىيلىكىمىزنى ساقلاپ قېلىشقا قارىتىلغان ئىش ئىدى. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىۋاتقان كۆپچىلىك ئاتا - ئانىلىرىمىز ھېلىمۇ تىلىمىزنى سىرتقى تەسىرلەردىن ساقلاپ كەلمەكتە. ئەگەر سىز ئانا ۋەتىنىمىزنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا بارسىڭىز، خىتاي تىلىنى بىلمەيدىغان، ئۆز تىلىنى تازا ساقلاپ كېلىۋاتقان ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قالغانلىقىڭىزنى بىردىن ھېس قىلىسىز. ئۇ يەردە ئۆز تىلىنى بىلمەيدىغان بىرمۇ ئۇيغۇر تېپىلمايدۇ. شۇنداقلا ئۇيغۇر خەلقىگە خاس بولغان مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەرنى شۇ جايدا كۆرىسىز.

شۇنىسى ئېچىنارلىقكى، قازاقىستاندا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىز ھەققىدە گەپ قىلساق، بۇ يەردە ئۇتكەنكى ژىللار مابەينىدە رۇس تىلى ھۆكۈمرانلىق دەرىجىگە كۆتۈرۈلۈپ، كۆپلىگەن كىشىلەر ئۆز ئانا تىلىنى ئۇنتۇشقا ئۇتكەنلىكى، بولۇپمۇ بىزگە ئوخشاش سىرتتىن كەلگەن كىشىلەرگە ھەيران قالغىدەك بىلىنىپ كېتىدىكەن. بىز ئالمۇتىغا كەلگەن دەسلەپكى ۋاقىتلىرىمىزدا رۇس تىلىنى بىلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن بىرەر نەرسىنى سوراشقا توغرا كەلگىنىدە چىرايىغا قاراپ ئۇيغۇرغا ئوخشىغان بىرىدىن سوراشقا مەجبۇر بولاتتۇق. بىز مۇراجىئەت قىلغان، بولۇپمۇ ياشلار ئۆزلىرى ئۇيغۇر بولسىمۇ بىزگە رۇسچە جاۋاپ بېرەتتى. بىز ئۇلارنىڭ رۇسچە جاۋاپلىرىغا چۈشەنمىگەچكە «سىز ئۇيغۇر ئىكەنسىز، بىز رۇس تىلىنى بىلمىگەچكە سىزدىن سوراۋاتىمىز، بىزگە ئۇيغۇرچە ئېيتىپ بەرسىڭىز» دېگىنىمىزدىن كېيىنلا ئۇيغۇرچە دۇدۇقلاپ سۆزلەپ، ئامالسىزلىقتىن بىزنى ياقتۇرمىغاندەك قىياپەتتە سوئالىمىزغا جاۋاپ بېرەتتى. ئۇيغۇر پەرزەنتىنىڭ ئۆز تىلىدا شۇنچىلىك قىينىلىپ سۆزلەۋاتقانلىقى بىزنى ھەيران قالدۇراتتى. بىر خوش بولارلىق ھالەت، كېيىنكى ژىللاردا بۇ ئەھۋال ئۆزگەرتىلىپ، ياشلارنىڭ ئانا تىلىدا ئەركىن سۆزلىشىشى قانات يېيىۋاتىدۇ. شۇنداقمۇ بەزى ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدە ئەھۋالنىڭ شۇ پېتىچە

داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقى بايقىلىدۇ. ئۇ ئائىلىلەرنىڭ بەزىلىرىدە ھەتتا بوۋاقلارنىڭ تىلىمۇ رۇس تىلى بىلەن چىقىش ئادەتتىكى ئىشقا ئايلىنىپ قالغان.

تىل – ئۇ مىللەت. مىللىي ئۆرپ – ئادەتلەرنىڭ شەكىللىنىشىمۇ تىل ۋاستىسىغا مۇناسىۋەتلىك. شۇڭلاشقا ئۆز ئانا تىلىنى بىلمەيدىغان بالىنىڭ مىجەز – خۇلقىمۇ ئۆزى سۆزلىشىپ يۈرگەن تىلدىكى غەيرى مىللەتنىڭ ئۆزگىچىلىكىگە ماس شەكىللىنىدۇ. دېمەك، ئۆز ئانا تىلىنى بىلمىگەن بالا خەلقىمىزنىڭ مىللىي ئەنئەنە، ئۆرپ – ئادەتلىرى، مۇزىكا، سەنئىتىگە يۇقۇشمايدىغان بولۇپ ئۆسىدىغانلىقى مۇقەررەر، كىچىك – چوڭغا بولغان ھۆرمەت – ئىززەت قائىدە يوسۇنلىرىمىزدىنمۇ ئۇلارنىڭ پەرۋاسىز ئۆسىدىغانلىقىمۇ ئەينە شۇنىڭدىن. بۇ ئىشتىكى چوڭ مەسئۇلىيەتلىك ئاتا – ئانىلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ.

بەزى كىشىلەر ئۆز ئانا تىلىنى ياخشى بىلىپ تۇرسىمۇ، خۇددى ئۆزىنى شۇ ئارقىلىق بىر كورسەتكۈسى كەلگەندەك، ئۇنىڭدىن شۆھرەتكە ئېرىشىدىغاندەك رۇس تىلىدا سۆزلىشىدۇ. بۇ دورامچىلىقنىڭ نېمە ھاجىتى بار ئىكەنلىكى چۈشىنىكسىز. ئەمەلىيەتتە بۇ ئۆز مىللىتىنى، مىللىي تىلىنى خورلىغانلىقتۇر. راست، بۇ تەۋەدە رۇس تىلىنىڭ تەسىرى بېسىم بولغىنى بىلەن ئۇلارنى ھېچ بىر رۇس بېسىمدارلىقى رۇسچە سۆزلىشىشكە مەجبۇرلىمىغانلىقى ئېنىق. ھەتتا ئازمىللەت ھېساۋىدا تەبىي ھالدا ئاسمىلىيەتسىيە قىلىنىشقا ئۇچراۋاتقان تۇڭگان خەلقىنىڭ ئۆز تىلىنى ساقلاپ قېلىشتىكى مىللىي غورۇرىغا قايىل بولىسىز.

يات ئەلدە يۈرۈپ مىللىي تىل ۋە غورۇرىدىن ئايرىلىشقا ئۆتكەن بەزى شەخسلەرنىڭ ئاغزىدىن «بولدى بىز ئەندى تۈگەشتۇق» دېگەن گەپلەرنىمۇ ئاڭلاپ يۈرىمىز. ھۆرمەتلىك قېرىنداش، شۇندا بىز ئەۋلادلىرىمىزنى تۈگىتىشكە يول باشلاپ بەرگەن بولىدۇقمۇ؟! «ئۈمۈتسىز – شەيتان» دەپ ئېيتىلىدىغىنىدەك ياق، ھېچ قاچان ئۇنداق ئۈمۈتسىزلىك چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالماسلىقىمىز كېرەك. بىز ئەمەلگە ئاشۇرالماي كەتكەن ئۇلۇغ غايىلارنى ئەگەر ئۆز نەسلىنى يوقاتمىغان بولسا ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرىدىغانلىقى چوقۇم. يات ئەلدە ياشاپ شۇ خەلقنىڭ تىلىنى بىلمەسلىك ئۇيات ئەمەس، بىراق ھازىر دۇنيانىڭ قايسى يېرىدە ياشمايلى ئۆز ئانا تىلىمىزنى بىلمەسلىكىمىز ئېچىنىشلىق ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىز ئالدىدىكى جىنايىتىمىزدۇر. قىسقىسى ئۆز ئانا تىلىمىزنى بىلمەي تۇرۇپ قانداقمۇ ئۆزىمىزنى شۇ مىللەت قاتارىغا قويالايمىز.

كۆپ تىل بىلىش ئۇ كىشىنىڭ بىلىم – سەۋىيەسىنىڭ يۇقۇرى بولۇشىغا تۈرتكە بولىدىغانلىقى ھەقىقەت. ئەلۋەتتە، ئۇنى ئالقىشلاشقا ئەرزىيدۇ. لېكىن باشقا تىلنىڭ ھورىغا جىمقىپ، ئۆز ئانا تىلىنى ئۇنتۇپ كېتىش، ياكى ئۇنى ئۆگەنمەسلىك بۇ نومۇس ۋە شەرمەندىچىلىكتۇر.

ھەر بىر مىللەتنىڭ قەدىر – قىممىتى تىلى ئارقىلىق تونۇلۇۋاتقان مۇشۇ دەۋىردە ئۆز تىلىنى كۆزگە ئىلمەي، ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىپ، باشقا مىللەتنىڭ تىلىغا بېقىنغان ئادەم ئۆز ئانا تىلىنى ھاقارەت قىلغان بولىدۇ. ئۆز مىللىتىدىن يۈز ئۆرىگەن ئەۋلادلارنىڭ كەلگۈسىنى دەپسەندە قىلغان بولىدۇ. دېمەك، تىل مىللەتنى ساقلاپ قالىدىغان مۇھىم ئامىل.

**«يېڭى ھايات» 1997 – يىل، 16 – ئاۋغۇست**

# بايلىقنى ھېچ كىم ئۇ دۇنياغا ئېلىپ كېتەلمەيدۇ

دۇنيادا مەرتلىكنى ۋە سېخىلىقنى ماختىمايدىغان مىللەت بولمىسا كېرەك. ئەرەپلەردە مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كېلىشتىن بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەن ھاتەم تاي دېگەن بىر ئادەم مەرتلىك ۋە سېخىلىقنىڭ بىردىن - بىر ئۈلگىسى ۋە نەمۇنىسى بولۇپ كەلمەكتە. ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى شائىرلاردىن باشلاپ تا ھازىرغىچە ھەر قانداق شائىر شېئىرلىرىدا ھاتەمنى سېخىلىق ۋە مەرتلىكنىڭ ئابىدىسى قىلىپ ماختايدۇ. بىز ئۇيغۇرلاردىمۇ سېخىي بىر ئادەمنى كۆرسە، «ھاتەمتايدەك ئادەم ئىكەن» دەيدىغان تەمسىلىمۇ بار.

دۇنيادا تونۇلۇپ ئالتۇن ۋە مىلياردلاپ دوللار تاپقان مىلياردېرلارنىڭ نام - شۆھرىتى قالماستىن، پەقەت ئاز بايلىغى بولسىمۇ شۇ بايلىغىدىن ئىنسانىيەتكە، خۇسۇسەن، ئۆز مىللىتىنىڭ يۈكسىلىشىگە ياردەم قىلغان جان كۆيەر، سېخىي كىشىلەرنىڭ نام - نىشانىسى خەلقنىڭ ئېغىزىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە.

ھاتەمتاينىڭ ئەكسىچە، مۇسا پەيغەمبەرنىڭ زامانىدا ئۆتكەن بېخىل باي قارۇن بولسا، بېخىللىقنىڭ ۋە نامەرتلىكنىڭ بىردىن - بىر ئۈلگىسى بولۇپ، دۇنيادىكى پۈتۈن مۇسۇلمان خەلقلىرىنىڭ قەلبىدە قارۇن لەنەتكار بولۇپ ساقلىنىپ كەلمەكتە.

تارىخلارغا ئاساسلانغاندا، قارۇن ئىنتايىن چوڭ باي ئىكەن، ئۇنىڭ غەزىنىلىرىنىڭ ئاچقۇچلىرىنى 40 تۆگە ئاران توشۇيدىكەن. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا «ئازراق بولسىمۇ ئاللا بۇيرىغان زاكاتنى ئادا قىلساڭ» دەپ تەلەپ قويغاندا، ئۇ: «مېنىڭ ئالاھىدە بىلىمىم بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ بايلىققا ئېرىشتىم» (قەسەس سۈرىسى 78 ئايەت) دەپ بۇ بايلىقلارنىڭ ئاللادىن بېرىلگەن ئىنئام ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىپ، زاكات بېرىشنى رەت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئاللا ئۇنى تىرىك تۇرغۇزۇپ يەرگە چۆكتۈرۈۋەتكەن.

دۇنيادا ھەر قانداق كىشى نام - نىشانىنىڭ مەڭگۈلىشىشىنى، ھاتەمتايدەك ياخشىلىقتا ئۈلگە بولۇپ ئەۋلادلارنىڭ تىللىرىدا ماختىنىشىنى ياختۇرىدۇ، ئەلۋەتتە! ھېچ قانداق كىشى ئۆزىنىڭ نام - نىشانىنىڭ قارۇندەك نامەرتلىككە ئۈلگە بولۇپ قېلىشىنى ۋە خەلقنىڭ ئېغىزىدا لەنەتكار بولۇشىنى ھەرگىز خالىمايدۇ. ھەر قانداق جەمىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىپ يۈكسىلىشىدە شۇ جەمىيەتتىكى بايلار يەنى مەرت بايلار ئالاھىدە سالماق ئورۇن تۇتىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە «بايلىرىڭلار بېخىللىشىپ كەتكەندە سىلەرگە يەرنىڭ ئۈستىدىن ئۇنىڭ ئاستى ياخشىراق بولۇپ قالىدۇ» دېگەن.

بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى: «جەمىيەتتىكى بايلىرىڭلار بېخىللىق قىلىپ ئاللا بەرگەن بايلىقلاردىن باشقا بىچارىلەرگىمۇ بېرىپ ئۇلارنى قۇتقازمىسا، ئىلىم - پەن كەشپىياتلىرىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەپ، پۇل - ماللىرىدىن سەرىپ قىلمىسا، ئۇنداقلارنىڭ ئۆلگىنى ياخشىراق، ۋە سىلەرنىڭمۇ ھاياتىڭلار مەنىسىزدۇر، چۈنكى بۇنداق ھاياتتىن مەنپىيەت يوقتۇر - دېگەنلىكتۇر. دۇنيادا ئۇرغۇنلىغان ئىلىم - پەن، كەشپىياتلار نەق ئاۋۋال بايلارنىڭ قوللىشى ۋە ياردەم قىلىشى ئارقىسىدا ئۆز مېۋىلىرىنى بېرەلىگەن.

ئىلىم – دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت – سائادەتنىڭ ئاچقۇچىسىدۇر. كۆپ ھاللاردا بۇ ئىلىمنى تارقىتىش ۋە ئۆگىنىش ئىشلىرى ئىختىساتقا ئېھتىياجلىق، ئادەتتە ئىلىم بىلەن بايلىق بىر شەخستە جەم بولمايدۇ. شۇڭا ئالىم ئىلمى بىلەن، باي پۇل، مېلى بىلەن جەمئىيەتكە خىزمەت قىلىدۇ. ئاللا بىر ئادەمگە بايلىقنى بەرسە ئۇنى ئىككى مەخسەت بىلەن بېرىدۇ. بىرى، ئۇ ئادەمگە ئىنئام يۈزىسىدىن، يەنە بىرى، ئۇ ئادەمنى سىناش ئۈچۈن، يەنى بۇ بايلىقنى سېخىلىق بىلەن ئۆز يولىدا ئىشلىتەمدۇ ياكى بېخىللىق قىلىپ ئۇنى بېسىپ ياتامدۇ؟ دەپ ئىمتىھان قىلىش ئۈچۈن بېرىلىدۇ. بايلىقنىڭ ئاللادىن كەلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئاللانىڭ ئېھتىياجلىق بەندىلىرىگە ئازىراق بولسىمۇ سەرىپ قىلىپ بەرگەنلەرنىڭ بايلىقى ھەسسىلەپ ئاشىدۇ، ئۇنىڭ يۈزى يورۇق بولىدۇ. بايلىقنى ئاللانىڭ ئىنئامى دەپ بىلمەستىن، ئۆز كۈچۈم بىلەن تاپتىمغۇ دەپ مەغرۇرلىنىپ ئاللانىڭ بەندىلىرىگە بېرىشتىن باش تارتىپ بېخىللىق قىلىدىكەن، ئاللا ئۇنى قارۇننى پاتۇرغاندەك يەرگە پاتۇرۇۋېتىدۇ. ژىققان بايلىقى ئۇنى قۇتقۇزالمايدۇ، بەلكى ئۆزىگە دۈشمەن بولىدۇ. چۈنكى، ئىنساننىڭ ئۆزى ۋە پۈتۈن مۈلكى ئاللانىڭكىدۇر. ئاللا باي ۋە يوقسۇلنى ياراتتى. ئوخشاش دىپلومغا ئېگە ئوخشاش ئىشتا ئىشلەيدىغان، ئوخشاش ئەقىل – پاراسەتلىك ئىككى كىشىنىڭ بىرىنى ئاللا باي قىلدى، بىرىنى يوقسۇل ياكى بايدىن تۆۋەن قىلدى.

بىزنىڭ ئىسلام دىنىمىزدا ئاللا بايلارغا زاكاتنى پەرىز قىلغانىنىڭ سىرتىدا ئۆز ئىختىيارى بىلەن قىلىدىغان سەدىقە، ياردەمنىمۇ ئەمر قىلغان. ھەتتا بىر تەڭگە سەدىقە قىلغان كىشىگە يەتتە يۈز ھەسسە، ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ بېرىدىغانلىقىنى قۇرئاندا ۋەدە قىلغان. ئاللا: «خالىغان كىشىگە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ بېرىدۇ» دېگەن. مانا بۇلار سەدىقە ياردەمنىڭ بۇ دۇنيادىكى پايدىسى. ئاخىرەتتىكى پايدىسى ئۈچۈن ئاللا مۇنداق دەيدۇ: «ماللىرىنى كېچە – كۈندۈز (يەنى ھەممە ۋاقىت) يوشۇرۇن ۋە ئاشكارە ھالدا خەيرى ئېھسان قىلىدىغانلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا سوۋاپ تاپىدۇ، (ئاخىرەتتە) ئۇلارغا قورقۇنۇچ ۋە غەم – قايغۇ بولمايدۇ». (بەقەرە سۈرىسى 274 – ئايەت.) يەنى «دۇنيادىكى قىلغان ياخشىلىقلىرىدىن مەمنۇن بولۇپ، پۇشايمان قىلمايدۇ» دېگەنلىكتۇر. ئاللا تائالا بېخىللارغا قارىتىپ: «زالىملار (يەنى زاكاتنى مەنئى قىلغۇچىلار) ياكى پۇل – مېلىنى ژىتىم – يېسىرلارغا ياردەم قىلماستىن گۇناھ ئىشلارغا سەرىپ قىلغانلارغا ھېچ قانداق مەدەتكار چىقمايدۇ.» (بەقەرە سۈرىسى 270 – ئايەت).

رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە: بۇرۇنقى زاماندا قابۇس دېگەن بىر باي ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ ئۆلىدىغان ۋاقتىدا: «مېنى تاۋۇتقا سالغاندا ئىككى قولۇمنى تاۋۇتتىن چىقىرىپ قويۇڭلار...» دەپ ۋەسىيەت قىپتۇ. بۇ ئۇنىڭ مەن ئۆلمەيدىغاندەك دۇنيا ژىغدىم. ئەندى ئۆلگىنىمدە مال – دۇنيالىرىم شۇنداقلا قالدى. ئاخىرەتكە ئۇنى ئېلىپ كېتەلمىدىم. شۇڭا مېنىڭ قۇرۇق قول كەتكىنىمنى كىشىلەر كورسۇن» دېگىنى ئىكەن.

خوتەن خەلقىنىڭ ئاغزىدا مەشھۇر بولۇپ قالغان مۇنداق بىر قىسسە بار. مۇھەممەت ئەمىن بۇغرا خوتەندە ئىنقىلاپ باشلىغاندا ناھايىتى كۆپ يىلقىسى بار بىر بايدىن پىدائىيلار ئۈچۈن بىر قانچە ئات سورايدۇ. بېخىل باي بىر ئېتىنىمۇ ئۇلارغا بەرمەيدۇ. كېيىن

ئىنقىلاپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن شىڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ ھېلىقى باينىڭ پۈتۈن مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلغانىنىڭ سىرتىدا باينى ئۆز ئاتلىرىغا سۆرەتكۈزۈپ، بويىنىنى سىم بىلەن بوغقۇزۇپ ئۆلتۈرىدۇ.

ئىسلام تارىخلىرىدا ئېيتىلىشىچە: چىڭگىزخان باغداتنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن باغداتپادىشاسىنى تۇتۇپ ئۇنىڭ ئۆز ئالتۇنىنى ئېرىتىپ ئاغزىغا قۇيۇپ ئۇنى ئازاپلاپ ئۆلتۈرگەن ئىكەن. بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراشقانلارغا چىڭگىزخان: «بۇ پادىشا شۇنچە ئالتۇننى ژىغىپ ياتقىچە ئۇنى سەرىپ قىلىپ ئەسكەر توپلاپ بىزگە قارشى تۇرغان بولسا، مەملىكىتىنى ئامان ساقلاپ قالاتتى. سىلەرنىڭ بېخىللىغىڭلارنىڭ سەۋەبىدىن ئاللا مېنى سىلەرگە جازا قىلىپ ئەۋەتتى» دەپ جاۋاپ بەرگەن ئىكەن.

ھازىر جەمىيىتىمىزدە ئۇرغۇتۇلغان مىلليونېرلارنىڭ رېكتىيورلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ دۇنيا، ماللىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشى بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. پۇل، ماللىرىنى مەكتەپ، مەسچىت ۋە مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ يۈكسىلىشى ئۈچۈن ياردەم بېرىۋاتقانلار ئامان، خاتىرجەم ياشاۋاتىدۇ.

بىز ئەزەلدىن تىرىشچان، ھەرىكەتچان مىللەت بولغاچقا دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقالغان بولساقمۇ باشقىلارغا قارىغاندا خېلىلا ياخشى ياشاۋاتىمىز. بىراق، بىزدىكى مەرتلىك، سېخىلىق ئۆز ئارا ياردەملىشىش ۋە مېھماندوستلۇقتىن ئىبارەت مىللىي ئەنئەنىمىز ۋە مۇقەددەس ئەخلاقىمىز تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇزۇلغاندىن كېيىن بېغەم، ھەسسىياتسىز، ئۆزىمىزنىلا ئويلاپ ياشاۋاتىمىز. ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىز، ئەۋلاتلىرىمىز سەرسان، بېچارە، خورلۇقتا ياشاۋاتسىمۇ بىز ئۇلارنى ئېسىمىزگىمۇ ئېلىپ قويمايمىز. بۇرۇن بىزدىن ھاتەمتايلارنى تۇغقان ئۇيغۇر ئانىلىرى ئەندى قارۇنلارنىلا تۇغمىغان بولۇشى كېرەك...

تۈركىيە پەقەت قازاقىستاندىلا 30 مەكتىۋى، 480 ئوقۇتقۇچىسى بار مەكتەپ ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ پۈتۈن چىقىمىنى تۈركىيەدىكى بايلار كۆتىرىپ كەلمەكتە. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بايلارنىڭ بايلىقى ھەسسىلەپ ئاشماقتا.

ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ روناق تېپىپ گۈللىنىشى ۋە ئۆز دۆلىتىگە ئۆزى خوجا بولۇپ تۇرالىشى ۋە قەد كۆتىرىشىدىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى شۇ مىللەت خەلقىنىڭ ئۆز ئارا قېرىنداشلارچە مېھرىۋانلىقى، بىر ـ بىرىنى قىينچىلىقتىن قۇتقۇزۇشى ۋە خالىسانە ياردەملىشىشى بولسا كېرەك. ئۆز ئارا بىر ـ بىرىنى قۇتقۇزۇپ، ياردەم قىلىشمىغان بىر مىللەتنى باشقىلارنىڭ ياردەم قىلىپ ۋە يۆلۈشى مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر بايلىرىمىز يوقسۇللارغا قېرىنداشلارچە ياردەم قىلىپ، ئوقۇيالمىغان باللىرىنى ئوقۇشقا كىرگۈزۈپ، ھەر خىل ماددىي قىينچىلىقنى تەڭ كۆتىرىپ، پۈتۈنلىشىدىغان بولساق بەختلىك بىر مىللەت بولغان بولار ئىدۇق!

«يېڭى ھايات» 1998 ـ ژىل، 7 ـ مارت

# ئىسلام دىنىنىڭ ئىلىم بىلەن جىپسىلىقى

ئۆمرىدە بىرەر قېتىم مەن كىممەن؟ قانداق ياشىشىم كېرەك؟ يارىتىلىش ۋە ھاياتلىقنىڭ مەزمۇنى نېمە؟ دېگەن سوئاللارنى ئۆزىگە قويۇپ كۆرمىگەن كىشىلەرنى چىن مەنادىكى ئىنسانىي ھاياتلىق ئىگىلىرى دەپ ئېيتىش قىيىن. كىمدە كىم ھاياتلىقنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنمەي، ئاللانىڭ ھەقلىقىگە شەك كەلتۈرۈپ، ئىماندىن ئايرىلىدىكەن، ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرى نېمەئالىق بىلەن ئاياقلىشىدۇ. ھاياتلىقنى پەيدا قىلىپ، ئۇنى پەرۋىش قىلىپ تۇرغۇچى پەقەت بىر ئاللادۇر. ئاللانىڭ مەۋجۇتلىقى كائىنات ئۈچۈن تەبىي زۆرۈرىيەتتۇر.

دىن بىلەن ئىلىمنىڭ ئارىسىنى ئايرىغۇچىلار بىر پۈتۈن ھەقىقەتنى كىچىك پارچىلارغا بولۇپ، ھەر بىر پارچىغا ئايرىم — ئايرىم كىيىم كىيگۈزمەكچى بولۇشىدۇر. شۇڭا ئۇلار دىن بىلەن ئىلىمنى باشقا نەرسىلەر دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشىدۇ. ئۇلار شۇنى ئەسلىرىگە ئالمايدۇكى، دىننىڭ ئۆزى ئىلىمدۇر. يەنى دىننىڭ جەۋھىرى ئاللانى تونۇشتۇر. ئاللانى بىلىش، ئۇنىڭ مەخلۇقاتلىرىنى بىلىشتىن چەتنەپ كېتەلمەيدۇ. چۈنكى مەخلۇقاتلارنىڭ ماھىيىتىنى بىلىش ئىلىمدىن باشقا نەرسە ئەمەس. مەخلۇقاتلار ئارقىلىق ئۇنىڭ ياراتقۇچى ۋە پەرۋىش قىلغۇچىسى ئاللانى تونۇشنىڭ ئۆزىمۇ ئىلىم دېمەكلىكتۇر. ئىجاتكارنىڭ ماھىرلىقى ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ئارقىلىق تونۇلىدۇ. كائىناتتىكى پۈتكۈل جانلىق، جانسىز شەيئىلەر ۋە ئۇنىڭدىكى ئىنچىكە نىزام قائىدە — قانۇنىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاللانىڭ بارلىقىغا بىرلىكىگە گۇۋالىق بېرىدۇ. ئاللاغا ئىمانى بولغان ھەر قانداق مۇسۇلمان كىشى كائىناتتىكى ئاللانىڭ مەخلۇقاتلىرى ئارقىلىق ئۇنى تونالايدۇ. ئامما ئىمانسىز كىشىلەرنىڭ كۆرۈش دائىرىسى مىكروسكوپ ۋە تېلىسكوپ بىلەنلا چەكلىنىدۇ. چۈنكى ئۇلار پەقەت ماددىغىلا ئىشىنىدۇ. مۇسۇلمانلار بولسا كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان شەيئىلەرنى ئويغاق دىللىرى بىلەن كۆرەلەيدۇ. باشقىلارنىڭ بىلمىگەن ئىلىملىرىنى مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى قۇۋۋىتى بىلەن بىلەلەيدۇ.

ئاللانى تونۇش ھەر قانداق ئىلىمنىڭ باشلىنىشىدۇر. ئىسلام دىنى ئۈچۈن ئىلىم خۇددى بېلىق ئۈچۈن سۇ بولغانغا ئوخشاشتۇر. شۇڭلاشقا پەيغەمبىرىمىزگە ئەڭ ئاۋۋال قىلىنغان ۋەھى «ئوقۇ» بىلەن باشلانغان ئىلىم ئوقۇش ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى ھېمىشەم ئوقۇشقا ئۈندەتتى. ھەتتا مۇشرىكلەردىن ئەسىرگە چۈشكەن ساۋاتلىقلىرىنىڭ ھەر بىرى مۇسۇلمانلاردىن 10 كىشىنىڭ ساۋادىنى چىقارسا، ئۇلارنى ئەركىنلىككە قويۇپ بېرىش سىياسىتىنى قوللانغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى ئەسىرلەردىكى مۇسۇلمانلارمۇ ئىسلامنىڭ بۇ خىل ئەۋزەللىكلىرىنى ياخشى چۈشەنگەن. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ھۈنەر — بىلىمگە ئىنتىلىشى تۈپەيلى ئۆزگە ئىخلىملارغا ئۈلگە بولۇپ ياشىغان. شۇ سەۋەپلىك دۇنيانى سورىغان. مەسىلەن، ئىبىن سىنا تونۇلغان تېۋىپ، شائىر، ئالىم ۋە فىلوسوف ئېدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئىمام رازى، ئىبىن رۇشدى، ئىبىن ھەيسەم قاتارلىقلارمۇ دىننى بىر تەرەپكە ئاي-

رىپ قارىماستىن، ھەر ئىككىلا تەرەپتىن ئەتراپلىق يېتىشكەن كىشىلەر بولغان. ھەتتا بۇرۇنقى مۇپەسسىرلەرمۇ ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنىنى چۈشەندۈرۈشتە دىنىي بىلىملەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، شۇ زاماندىكى پەلسەپە، لوگىكا، ئاسترونومىيە قاتارلىق ھەر ساھا بىلىملىرىنى ئەتراپلىق پايدىلانغان. مۇسۇلمان ئەھلى ئارىسىدىن بۇ ساھالاردا تونۇلغان ئالىملار ئاز ئەمەس.

ئىسلام دىنىنىڭ ئىلىم ئەھلىنىڭ دەرىجىسىنى ژۇقۇرى باھالايدىغانلىقىنىڭ بىر دەلىلى شۇكى، ھەتتا ئاللا ئۆزىنىڭ بىرلىكىگە گۇۋالىق بېرىشتە ئۆزىنىڭ مۇبارەك ئىسمىغا ئىلىم ئەھلى ۋە پەرىشتەلەرنىڭ ئىسمىنى قوشۇپ ئاتاپ كېتىدۇ. «ئاللا ئادالەتنى بەرپا قىلغان ھالدا گۇۋالىق بېرىدۇكى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ بىر مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. ئۇنىڭغا پەرىشتەلەرمۇ ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ شۇنداق گۇۋالىق بېرىدۇ». ئاللا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللا سىلەردىن ئىمان ئېيتقان ۋە ئىلىم بېرىلگەن كىشىلەرنى بىر قانچە دەرىجە كوتىرىدۇ»، يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار تەڭ بولامدۇ؟» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىلىم ئەھلىنىڭ تۆھپىسىنى مەدھىيلەپ مۇنداق دەيدۇ: «قىيامەت كۈنى شېھىتلارنىڭ ئاللا يولىدا ئاققۇزغان قېنى بىلەن ئالىملارنىڭ كىتاپ يېزىپ سەرىپ قىلغان دوۋاتلىرى تارازىغا قويۇلىدۇ. ئالىملارنىڭ دوۋاتلىرى شېھىتلارنىڭ قېنىدىن ئېغىر كېلىدۇ».

خرىستىان دىنى بولسا ئۆزىنىڭ چەكلىك ئېتىقاتىغا ئاساسەن چىركو راھىپلىرى ۋە ئۆزىنىڭ دىنىي ئادەملىرىدىن باشقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئۇ تەلىم ۋارىسچىلىرى ئىلىمدا بىرەر كەشپىيات ياراتقۇچىلارنى تەقىپلىنىش ئاستىغا ئېلىپ كەلگەن. شۇنداق كىشىلەرنىڭ بىرى ئىتالىيەلىك ئالىم گالىلى گالىلېيۇ يەر شارىنىڭ دۇگلەك شەكلىدە ئېكەنلىكىنى ئېلان قىلغىنىدا، ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى ئېلان قىلغانلىقى شۇنىڭ بىر مىسالىدۇر.

**«يېڭى ھايات» 1997 - ژىل، 27 - سېنتەبىر**

# ھەج سەپىرى تەسىراتلىرى

مەككە مۇكەررەمە ۋە مەدىنە مۇنەۋۋەرىدىن ئىبارەت مۇقەددەس جايلارنى كۆرۈپ، زىيارەت قىلىش ھەر قانداق مۇسۇلماننىڭ كۆڭلىدىكى ئارمىنى بولغىنىدەك، ئۇ يەرلەرگە بېرىپ قايتىدىن تاۋاپ قىلىپ قايتىش ئىستىكى مېنىڭمۇ ئويۇمدىن كەتمەي ژۈردى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە تەلىيىمگە يارىشا تۈركىيەدىكى بىر دوستۇمدىن تېلېفون كېلىپ، مېنىڭ ھەج سەپىرىگە چاقىرتىلغانلىقىمنى، دەررۇ يولغا چىقىشىم كېرەكلىكىنى ئېيتتى. شۇ يەردىن ۋىزا ئاچتۇرۇپ كېتىشىم كېرەك ئىكەن. شۇ بويىچە يولغا چىقىپ، تۈركىيەدە ماڭا ئوخشاش سەپەرگە ئاتلانغان بىر نەچچە ۋەتەنداشلىرىمغا دۈچ كەلدىم. ئۇلارنىڭ ئىش ھەرىكەتلىرىدە بۇ ئۇلۇغ سەپەرگە بولغان قىزغىنلىق بايقالسىمۇ، لېكىن چىرايلىرى سولغۇن، پەرىشانلىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. يېنىمدا تۇرغان ھەمشەھەرلەرنىڭ بىرى ئۇلارغا سىنچىلاپ قاراپ چىقىپ، ماڭا سوئال نەزىرىدە، «بۇ ئادەملەر مىڭ بىرمەشەقەتتە تاپقان پۇللىرىنى ئەرەپلەرگە ئاپىرىپ بېرىمىز دەپ مۇنداق ئۆزلىرىنى قىيىنغىچە ئۇستىلىرىدىكى كىيىملىرىنى بولسىمۇ بىر قۇر تۈزەپ كىيىۋالسا بوپتىكەن. سىزنىيېتىڭگا، موشۇنداق ئەھۋالدىكى كىشىلەرگە ھەج قىلىش پەرزمۇ؟» دەپ قالدى. مەن ئۇنىڭغا «بۇ ئادەملەرگە ئۇنداق كامىستىش بىلەن قارىماڭ. بۇلارنىڭ تارتقان جاپالىرى ئۈچۈن ئاللا ساۋاپ بېرىدۇ. بىچارىلەرنىڭ تولىسى دېھقان. بۇلار سىزگە، ماڭا ئوخشاشلارغا نان بېرىپ بېقىۋاتقان ئاللا ئالدىدىكى ئەزىز كىشىلەر. سىزدەك، مەندەك چىرايلىق كىيىنىپ، بويىنىغا گالستۇك تاقاش ئىختىدارىغا ئىگە بولالمىسىمۇ ئۇلارنىڭ قەلبى پاك. سىز ئۇلارنىڭ ۋەتىنىدىكى دېھقانلارنىڭ ھالىنى بىلمەيسىز. ئەگەر سىزمۇ ئۇ يەردە ياشىغان بولسىڭىز، ئۇلاردىن پەرقلەنمەيتتىڭىز. مېنىڭچە، باشقىلاردىن كۆرە بۇ خىل ھالال ئەمگىكى بىلەن ئاللانىڭ پەرزىنى ئادا قىلىشقا بەل باغلىغان بۇ ئادەملەرنىڭ نىيەتلىرىنى ئاللا قوبۇل قىلىدۇ».

**تەلمۈرۈپ يىلبويى ئىنتىزار بولغان،**
**ئاتلىنىپ چىقتىم بۇ شانلىق سەپەرگە.**
**كىممۇ يۈرەكتىن كۆيۈپ كۆل بولمىسۇن،**
**مۇقەددەس قىبلىگاھ ـ شۇ ئۇلۇغ يەرگە.**

**كۆرمىگەن ئارماندا، كۆرگەنگە تىلەك،**
**ياندۇ دىللاردا ۋىسالنىڭ ئوتى.**
**قانداقمۇ كۆيمىسۇن دىللار تۇرسا ئۇ،**
**ۋەھىينىڭ بۆشىكى، پەيغەمبەر يۇرتى.**

**ئىلاھىم نېسىپ ئەتكەن مۇرادىمنى،**
**ۋىسالىم قۇچاغلاپ كۆڭلۈم ياشارسۇن.**

**يۇيۇلۇپ تاغدەك بۈيۈك گۇناھلىرىم،**
**قارايغان كۆمۈردەك دىلىم ئاقارسۇن.**

ئاقىۋەت ئارمىنىمىز ئەمەلگە ئېشىپ، ئۇ مۇقەددەس جايلاردا زىيارەتلىرىمىزنى ئاللا نە-
سىپ قىلدى. ھەج سەپىرىنى ئادا قىلىشتىن ئالدىدىكى كۈنلەردە قىلغان زىيارەتلىرىمىز-
دە بىز ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ بۇ يەرلەردە قالدۇرغان خەيرىلىك ئىشلىرىدىن مەغرۇرلان-
دۇق. بۇرۇن ۋەتىنىمىزدىن ھەجگە كەلگەن پۇلدار كىشىلەر مەككىنىڭ مەسچىت ھە-
رەمگە، مەدىنىنىڭ پەيغەمبەر مەسچىتىگە يېقىن بولغان جايلاردىن بىر نەچچە قەۋەتلىك،
ھاشامەتلىك چوڭ بىنالارنى سېتىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ ھەر قايسىسىنى ئۆز شەھەرلىرىنىڭ
نامىدا ئاتاپ، ۋەتەندىن ھەجگە كەلگۈچىلەرنىڭ يېتىپ قونۇشلىرى ئۈچۈن ئاللا يولى-
دا ۋەقىف قىلىپ قالدۇرغان ئىكەن.

بۇ بىنالار «خوتەن رىبات» (يەنى خوتەن ھاجىلىرىنىڭ ياتاقخانىسى)، «قەشقەر رى-
بات»، «ئاتۇش رىبات»، «كۇچا رىبات»، «شايار رىبات» دېگەن ناملار بىلەن ھازىرغى-
چە ئاتىلىپ كەلمەكتە. مەن ۋەتەندىن ھەجگە كەلگۈچىلەرگە ھەج پائالىيەتلىرىنىڭ قائى-
دە ـ تەرتىپلىرىنى چۈشەندۈرۈش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردىم. ئۇنى ئەڭ ئالدى بىلەن
«كېرىيە رىباتتىن» باشلىدىم. مەككە ۋە مەدىنىدە كېرىيەلىكلەر نامىدا 2 رىبات بار ئې-
كەن. لېكىن مەسچىت ھەرەم ۋە پەيغەمبەر مەسچىتىنى كېڭەيتىشتە ئۇلار چېقىلىپ كې-
تىپتۇ. ئۇلارنىڭ بەدىلىگە ئەرەبىستان ھۆكۈمىتى پۇل تاجىرىتىپتۇ. ھازىرچە ئۇلارنى سې-
لىش ئورنى بەلگۈلەنمىگەنلىكتىن كېرىيەلىك بايلار بۇ بىنانى ۋاقىتلىق سېتىپ ئالغان
ئىكەن. ئۇ يەردىكى ۋەتەنداشلار بىلەن ئۇچرىشىش مېنىڭ قەلبىمدە ئەجايىپ ئىللىق
تەسىراتلارنى ھاسىل قىلدى. مەن قاتاردىكىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، يەتمىش ياشلار چامى-
سىدىكى ئاپپاق ساقاللىق بىر كىشىنىڭ ئالدىغا توغرىلاندىم. ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ
كۆرۈشۈش ھېسسىياتىدا ئىنتىلگىنىمدە، ئۇ مويسۇپەت سەل قىسىلىۋاتقاندەك قىياپەت كۆر-
سەتتى. سەۋەبى ئىراق يولدىن كەلگەچكە كىيىملىرىنى توپا ـ چاڭ بېسىپ، سەل كىرلى-
شىپ قالغان ئىكەن. مەن ئۈچۈن ئۇنىڭ كىيىمىدىكى توپا ـ چاڭلار ئەزىز ۋەتىنىمىنىڭ
تەۋەررۈك زەررىسىدەك بىلىندى. شۇندا كۆڭلۈمدە مۇنداق شېرىي ھېسسىياتلار تۇغۇلدى.

**قاقىماي تۇرۇڭ ئۈستىڭىزنى ئەي بوۋا،**
**يۇرتۇمنىڭ توزاڭلىرى ماڭا قونسۇن.**
**ياق توزاڭ ئەمەس، بەلكى ئىپار ھىدى،**
**ئۇنتۇلۇپ ھىجران، تەشنالىغىم قانسۇن.**

مۇڭدىشىش جەريانىدا ئۇ كىشى بىزنىڭ يۇرتلۇق ئۇردى ئاخۇن ئۇستام بولۇپ چىقتى.
شۇ ئەسنادا ئەرەبچە كىيىنگەن بىر ياش ئىگىت كىرىپ كەلدى. ئۇ ھەممىمىز بىلەن سە-
ممىي كۆرۈشۈپ چىققاندىن كېيىن «مەن تاپىپتىن» كەلدىم. سىلەرگە ئاتاپ تاماق ئې-
لىپ كەلدۇق. ھەممىڭلار بىر يەرگە جەملىنىپ تاماقلىنىپ ئېلىڭلار» دەپ ئىلتىپات
كۆرسەتتى. ئۇنىڭ تەكلىۋى بىلەن ئۇينىڭ ئوتتۇرىسىغا كەڭ دەستىخان سېلىنىپ، ئۇ-
نىڭ ئۈستىگە گۆشلۈك پولۇ، بانان، ئەپلىسىن، قېتىق، خورما، ئۈزۈم قاتارلىق يېمەك ـ ئىچ

مەك، مىۋە ـ چېۋىلەر كەلتۈرۈلدى. تاماقتىن كېيىن رىباتنىڭ باشقۇرغۇچىسى چال كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ «ۋەتەنداشلار، بۇ تائاملارنى كەلتۈرگەن كېرىيەلىك تۇرسۇن ھاجىم مەرھۇمنىڭ بالىلىرى. ئۇ تىرىكىدە ھەر ژىلى ھەج سەپىرىگە كەلگەن قېرىنداشلىرىنى موشۇنداق مېھمان قىلاتتى. بۈگۈن ئۇنىڭ بالىلىرى دادىسىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە سىلەرنى يوقلاپ كەپتۇ. مەرھۇمنىڭ روھىغا دۇئا قىلىپ قويساڭلار» دەپ بۇ ئىشنىڭ ماھىيىتىنى بىزگە چۈشەندۈردى. بىز ھەممىمىز دۇئاغا قول كوتەردۇق. ئۇ كىشى بىزگە ھەر كۈنى پېشىن نامىزىدىن كېيىن بۇ يەرگە كېلىپ تاماقلىنىشىمىزنى ئېيتتى.

مەن بۇ يەردىن قوزغۇلۇپ خوتەن رىباتىغا باردىم. مەسچىت ھەرەمگە ئەڭ يېقىن ئورۇنلاشقان بۇ تورت قەۋەتلىك بىنادا ماڭا تونۇش ناسىرجان ھاجىم ئىشلەيدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ئۇ مېنى قىزغىن قارشى ئالدى. ئۇ يەردىكى ۋەتەندىن كەلگەن ھاجىلارغىمۇ ھەج سەپىرىنىڭ رەسمىيەتلىرىنى تونۇشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلدىم. بۇ رىباتتىمۇ ھەمشەھەرلەر ئوز خىراجىتى بىلەن ۋەتەنداشلىرىنى تاماقلاندۇرىدىكەن. ئۇ يەردىن دوستۇم ئابدۇل ھەفىز بىلەن سىرتقا چىققىنىمىزدا، خوتەن شىۋىسىدە ئوز ئارا سوھبەتلىشىپ ئولتارغانلارنى ئۇچراتتۇق. ئۇلار جىددى شەھىرىدىكى ئۇيغۇرچە رادىو ئاڭلىتىش ستانسىيەسىدە ئىشلەيدىغان ئابلەت ھاجىم، سىراجىدىن ھاجىملارنىڭ ئوز ئانا تىلىدا ناھايىتى راۋان سوزلەيدىغانلىقى، بېرىۋاتقان خەۋەرلىرىنى بۇ يەردە قىزىقارلىق بىلەن تىڭشاپ بەھىرلەنگەنلىكى ھەققىدە سوزلىشىپ ئولتىرىشىپتۇ، ئۇلارنىڭ بىرى ئوزى ئۇچراشقان رەھمەتۇللا ئەپەندىم، قۇربان ھاجىم، ئابدۇقادىر تاش ھاجىم، ئابدۇغوپۇر ھاجىمنىڭ بالىسى ئىمىن ھاجىملارنىڭ بۇ يەردىكى ھەققىي ئۇيغۇر سۇپەت، ئالىم ئادەملەردىن ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ كېلىپ، بولۇپمۇ رەھمەتۇللا ھاجىمنىڭ نامى ئالتىشەر خەلقىگىمۇ مەلۇم ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن كوپ ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقى ۋەتەندىن چەتكە ئاڭقىپ كەتكەن ياشلارغا غەمخورلۇق قىلىپ، ئۇلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىۋاتقانلىقى توغرىسىدا سوزلەپ بېرىۋېتىپتۇ.

نوۋەتتە بىز بارغان ئاتۇش رىباتى ھەرەمدىن سەل ژىراقتا ئىكەن. ئۇنى باشقۇرىدىغان ئابدۇرېھىم ھاجىمغا بىز مەخسەت ـ مۇددىئامىزنى بىلدۈرگىنىمىزدە، ئۇ سىياسەت ھەققىدە سوز قىلماي، پەقەت دىنىمىز ھەققىدە سوزلىشىمىزگە بولىدىغانلىقىنى جېكىپ، قولىمىزغا مىكروفوننى بەردى. ئۇنىڭ ئېيتقىنىدەك، شۇ قېلىپتا ئېيتارىمىزنى ئېيتىپ، ئاندىن كۇچار رىباتىغا قاراپ يول ئالدۇق. ئۇ يەردىمۇ ۋەتەنداشلار بىلەن دىدارلىشىپ، ھەج سەپىرى ھەققىدە ئۇزاق سوھبەتلەشتۇق.

مەن نامازشامدىن كېيىن خۇپتەنگىچە بولغان ئارىلىقتا پات ـ پات قۇربان ھاجىمنىڭ دۇكىنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتىرىدىغان بولدۇم. بىر كۈنى ئۇ كىشى دۇكىنىدا كىتاپ ئوقۇپ ئولتارغان ئىكەن، مېنى كورۇپ قىزغىن قارشى ئالدى. بۇ ئادەم بىزگە ئوقۇش دەۋرىمىزدە كوپ ياردەم قىلغان ۋە ياخشى مەسلىھەتلەرنى كورسەتكەن دىيانەتلىك، مەرىپەتپەرۋەر كىشى. ئۇ ھەر تەرەپلىمە مەلۇماتلىقلىقى، ھوشيارلىقى بىلەن باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ پۇل تېپىشنى بىلىدىغان، ئۇنى مىللەت، ۋەتەننىڭ مەنپىيىتى ئۈچۈن ئىشلىتىشكە ئايىمايدىغان مەردانە كىشى ئىكەنلىگـ

نى ياخشى بىلەتتىم. سوھبەت ئارا قۇربان ھاجىم ماڭا قەشقەر ناھىيەلىك ھوكۇمەتتىن كەلگەن بىر پارچە خەتنى كورسىتىپ «مەن قەشقەرگە بىر ئۇيغۇر مەكتىۋى سېلىپ بېرىشنى نىيەت قىلغان. شۇ مەخسەت بىلەن ھوكۇمەت ئورۇنلىرىغا مەكتەپنىڭ سېلىنىشىغا كېتىدىغان خىراجەتلەرنى ھېساپلاپ ئەۋەتىڭلار دېگەن ئىدىم. مانا شۇنىڭغا بۇ خەت كەپتۇ. ئۇنىڭغا 300 مىڭ دوللار ئەتراپىدا پۇل كېتىدىغان ئوخشايدۇ. ئاللا يار بەرسە مەن بۇ ئىشنى ئورۇنلىماي قالمايمەن دەپ قەتئىي نىيەتتە ژۇرۇۋاتىمەن» دېدى. مەن ئىچىمدە ئاللا موشۇنداق سېخى كىشلەرنىڭ تېنىنى سالامەت، بايلىقىنى زىيادە قىلسۇن، دەپ تىلەك بىلدۇردۇم.

ھەج پائالىيەتلىرى ئاياقلىشىشقا ئوتكەن بىر كۈنى دوستۇم سىراجىدىن ھاجىمدىن رەخمەتۇللا تۇركىستانىينىڭ ياۋروپىغا كەتكەن سەپىرىدىن قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىپ، ئەھۋال سوراشتىم. ئۇ مېنىڭ ئوزىگە كېلىشىمنى ئېيتتى. ئەتىسى ئەتىگەن رابۇتۇل ئىسلامدىكى ئۇنىڭ ئىش ئورنىغا بېرىپ، ئۇزاق سوھبەتلىشىپ ئولتاردۇق. ئۇ ئوزىنىڭ بارغان مەملىكەتلىرىدىكى ئاللاھىدىلىكلەرنى، ھەر قانداق ئەللەردىكى ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ۋەتەن، مىللەت تەغدىرىگە باغلىق ئىشلاردا ئاكتىپ بولۇشلىرىنىڭ كېرەكلىكىنى تەكىتلەپ ئوتتى. ئۇستازنىڭ مەنالىق سوزلىرى مېنىڭدە چوڭقۇر تەسىراتلار ھاسىل قىلدى. ئۇ مېنىڭدىن «يېڭى ھايات» ۋە «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتلىرىنى ئېلىپ كەلگەن، كەلمىگەنلىكىم ھەققىدە سورىدى. مەن ئۇلارنى يەتكۇزۇپ بېرىدىغانلىقىمنى ۋەدە قىلدىم. ئەتىسى ئۇنىڭ چاقىرىشى بىلەن ئابلەھەت ھاجىم، سىراجىدىن ھاجىملارنىڭ ھەمرالىقىدا ئۇنىڭ ئويىگە باردۇق. ئويىدىكى ئۇزۇن زالنىڭ بىر تەرىپى ھەر خىل تىللاردىكى كىتاپلار بىلەن تولغان ئېكەن. ئوزىنىڭ ئەرەپچە، ئۇيغۇرچە، ئەنگلىسچە يازغان ماقالىلىرىمۇ ئۇ يەردىن ئورۇن ئاپتۇ. ئۇستاز ناھايىتى مۇلايىم ۋە كەمتەرلىك بىلەن سوزۇمىزگە قۇلاق سېلىپ، كۇلۇمسىرەپ قويۇپ ئولتىرىدۇ. قىزغىن سوھبەت جەريانىدا بىز ئۇنىڭ مەنالىق سوزلىرىدىن مەدەت ئېلىپ خوشلاشتۇق.

ھەج ئىبادىتىنىڭ ئۇلۇغ بىر ئاساسى شۇكى، ھەجگە بارغان ئىنسانلار ئاللانىڭ پەرزىنى ئادا قىلىشتىن تاشقىرى ئۇ يەردىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمان ئەھلى بىلەن ئۇچرىشىش ئارقىلىق ئۇلاردىن ئەخلاقى پەزىلەت، قائىدە ـ يوسۇنلارنى سىڭدۇرۇپ، شۇ خىسلەتلەرنى خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغان ئەتىر گۇللەردەك ئوز جايلىرىغا ئېلىپ كېتىدىغان بولىدۇ. شۇ خىل ھاجىلارنى كىشلەر ھورمەتلەيدىغان بولىدۇ. ئەپسۇسكى، ئەمەلىيەتتە ئوزىدە ئۇنداق خىسلەتلەرنى ئوزلەشتۇرمىگەن، ئاتاق ئۇچۇنلا ھەجگە بېرىپ كەلگىنىنى داملايدىغانلارمۇ ئۇچرايدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ ساخاۋىتىنى، ئىنسانىي كەمتەرلىك، مېھرى ـ شەپقەتنى ئوزلەشتۇرۇپ، كىشلەرگە ئۇنىڭ ئەمەلىيىتىنى كورسىتىشمۇ ھەقىقىي ھاجىلىقنىڭ نىشانىدۇر.

**«يېڭى ھايات» 1998 ـ ژىل، 8 ـ ئاۋغۇست**

# دىنىمىزنىڭ پاكلىقىنى ساقلايلى

ئىسلام دىنىمىزنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، ھاياتىيلىقىنى كەڭ جارى قىلىپ كېلىۋاتقان سۆيۈملۈك «يېڭى ھايات» ۋە «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتلىرىدىكى قېرىنداشلىرىمىزغا ۋە پىداكارلىق بىلەن دىنىمىزنىڭ ئەسلا ماھىيىتىنى كىشىلەرگە توغرا يەتكۈزۈپ بېرىۋاتقان ئىنىمىز مۇھەممەت يۈسۈپ ئەپەندىگە، شۇنداقلا مۇسۇلمان جامائەتچىلىكىگە سالام.

قەدىرلىك ئىنىمىز مۇھەممەت يۈسۈپ، بىز سىزنىڭ بىدئەتلەرنى (دىندا بولمىغان ئىشلار) يوق قىلىپ، دىنىمىزنى ساغلاملاشتۇرۇش يولىدا كۆرسىتىۋاتقان ئۇلۇق خىزمەتلىرىڭىزگە كۆپ ـ كۆپ رەخمەت ئېيتىمىز. سىزنى بىز قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەيمىز. سىزنىڭ يازغان ماقالىلىرىڭىز ھەقىقەتەن بۈيۈك دىنىي تەلىماتلاردۇر. ئىشىڭىزنى داۋام قىلىپ، چوڭ نەتىجىلەر قازىنىشىڭىزنى ئاللادىن تىلەيمىز. ئاللا تائالا ئىلمىڭىزنى كۆپ قىلسۇن. رەخمەت سىزگە. ئەرەبىستاندىكى قېرىنداشلىرىڭىز سىزگە سالام ۋە ئېھتىرام يوللايدۇ.

*ئابدۇقادىر ھاجى.*

*سەئۇدىيە ئەرەبىستانى.*

ئەزىز ئىنىم مۇھەممەت يۈسۈپ، سىزگە چوڭ ئۇتۇق تىلەيمەن. «يېڭى ھايات» گېزىتىدە ئېلان قىلىنىپ كېلىۋاتقان ماقالىلىرىڭىزنى ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، زور قىزغىنلىق بىلەن ئوقۇيمەن. سىز كىشىلەرگە دىنىمىزنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ كېلىۋاتىسىز. سىزگە تۈركىيەدىكى پۈتكۈل دوست ـ يارانلىرىم نامىدىن رەخمەت ئېيتىمەن. خەيرلىك ئىشىڭىزنى داۋام قىلىۋېرىڭ.

*رەھىمجان ئەيسا.*

*تۈركىيە.*

بىيىلقى ژىلنىڭ 18 ـ ئاپرېلدا «يېڭى ھايات» گېزىتىدا ئېلان قىلىنغان «ئىسلام شەرىئىتىنىڭ بەلگۈلىمىسى ۋە ئويلاپ چىقىرىلغان «پەتىۋالار» سەرلەۋھىلىك ماقالىغا ئۇمۇمىي خەلقىنىڭ بەرگەن باھاسى ناھايىتى ياخشى بولدى. ئەينى ۋاقىتتا ئاز ساندىكى بەزى ئادەملەرنىڭ بۇ ماقالا ھەققىدىكى سەلبىي چۈشەنچىلىرى تارقىلىپ، مۇسۇلمان خەلقىمىزنى قايمۇقتۇرۇش رولىنى ئوينىدى. بۇ ئىنتايىن خەتەرلىك ئىش. شۇڭا مەن بىر قىسىم دىنىي تەلىمدىن دېگەندەك خەۋىرى يوقلىقى تۈپەيلى ئۇلار چۈشىنەلمىگەن بەزى مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەرمەكچىمەن:

ئاۋال شۇنى ئېنىق ئېيتىپ ئۆتۈمەنكى، گېزىت مۇخبىرىنىڭ سوئاللىرىغا بېرىلگەن جاۋاپلار مېنىڭ شەخسىي كۆز قارىشىم ئەمەس، بەلكى ئىسلام دىنىنىڭ پىكرى، ئىسلام دۇنياسىدىكى ئاتاقلىق ئالىملارنىڭ سۆزلىرىدۇر. ئەشۇ مۇتىۋەر زاتلارنىڭ پىكىرلىرىنى قۇرئان، ھەدىسلەرگە ئۇيغۇن كېلىش شەرتى بىلەن قوبۇل قىلىمەن. ئاللانىڭ دىنىنى ھەقىقىي ماھىيەتلىرى بىلەن كىشىلەرگە چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق دىنىمىزغا بىر قانچە يۈز ژىل

لاردىن بېرى كىرگۈزۈۋېلىنغان بىدئەت (دىندا بولمىغان ئىشلار) ۋە خۇراپاتلارنى چىقىرىپ تاشلاپ دىننى قوغداشنى نىيەت قىلغانمەن.

سوھبىتىمىزنىڭ بېشىدا ئالمۇتىغا جايلاشقان ئۇيغۇر مەھەللىسىدىكى مەسچىتنىڭ ئىمامى بولغان مەلۇم بىر كىشىنىڭ «جىنازا نامىزىنى مەسچىتتە چۈشۈرۈش ژىگىرمە يەتتە ھەسسە سوۋاپقا ئىگە، بۇ قۇرئاننىڭ مەلۇم سۈرىسىدىكى مونۇ ئايەتتە ئېيتىلغان» دېگەن سۆزى ئارقىلىق قۇرئاننى بۇرمىلىغانلىقى ھەققىدە ئىدى. مېنىڭ جاۋابىمدىكى «جىنازا نامىزى ئەسلىدە ناماز ئەمەس، بەلكى مېيىتكە قىلىنىغان دۇئادۇر...» دېگەن جۈملىنىڭ ئاساسىي مەخسىتىنى چۈشەنمىگەن. ئۇلار «جىنازا نامىزىنى ناماز دېمەپتۇ» دەپ چۈشىنىپ، مەسىلىنىڭ ئاساسىي نىشانىنى بۇراپ ئىختىلاپ ماۋزۇسىغا كىرمەيدىغان بىر مەسىلە ئۈستىدە سۆز تارقاتقان.

بۇ مۇنداق مەسىلە: ناماز سۆزى پارسچە بولۇپ ئۇنىڭ ئەرەپچىسى «سالات» دۇر. قۇرئانۇ كەرىمدە «سالات» سۆزى ھەر خىل مەنالاردا كەلگەن. «سالات» ئاللادىن سادىر بولسا — «رەخمەت»، پەرىشتىلەردىن سادىر بولسا — «مەغپىرەت»، ئىنسانلاردىن سادىر بولسا — «دۇئا» مەنالىرىدا كېلىدۇ. ناماز — ئىنسانلاردىن سادىر بولىدىغان پائالىيەت بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەر قانداق ناماز لۇغەت جەھەتتە «دۇئا» مەنىسىنى بېرىدۇ. ئامما، ئىستىلاھتا (يەنى شەرىئەت ئىستىمالىدا) تەكبىر بىلەن باشلىنىپ، قىيام (ئۆرە تۇرۇش)، روكۇ (ئېگىلىش)، سەجدە، ئولتۇرۇش، سالام بېرىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پائالىيەت ناماز دەپ ئاتىلىدۇ. جىنازا نامىزى تەكبىر، قىيام، سالام بېرىش جەھەتلەردە نامازغا ئوخشىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىمۇ ناماز دەپ ئىستىمالغا كىرگۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئۇ روكۇ، سەجدە، ئولتۇرۇش قاتارلىق نامازنىڭ مۇھىم ئاساسلىرىدىن سىرتىدا بولغىنى ئۈچۈن ئۇ نامازنىڭ تولۇق ئىستىمالىغا كىرەلمەيدۇ. پەقەت ئىستىمالدا ئۇنى ناماز دەپ ئادەتلەنگىنىمىز ئۈچۈنلا ناماز دەپ سانايمىز. قۇرئاندىمۇ ناماز دەپ ئىستىلاھى مەنىسى قوللىنىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن جىنازىنى مەسچىتنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىرىش مەكروھ دېيىلگەن. مېنىڭ جاۋابىمدىكى «جىنازا نامىزى ئەسلىدە ناماز ئەمەس، بەلكى دۇئادۇر» دېگەن سۆزۈمنىڭ ئىسپاتى ئەينە شۇ. جىنازا نامىزىنىڭ پەرز ئېكەنلىكىدە ھېچ كىمنىڭ ئىختىلاپى يوق. ئۇنى ئادا قىلىش مۇسۇلمانلارغا بۇيرۇلغان پەرزدۇر. بۇنى ھەممە كىشى ئىخرار قىلىدۇ. بۇنداق ھالەتتە جىنازا نامىزىنى ناماز دەيلى ياكى دۇئا دەيلى، بەرىبىر ئۇنىڭ ھۆكۈمگە يەنى پەرز ئېكەنلىكىگە دەخلى يەتكۈزمەيدۇ.

ئىككىنچى مەسىلە: موشۇ جاۋابىمدىكى «شۈكلاشقا بەش ۋاقىت نامازنى مەسچىتتە ئوقۇش سۈننەت بولغاچقا ساۋاپلىقتۇر. ئامما ئۇ، نامازنىڭ شەرتى ئەمەس...» دېگەن سۆز ئۈستىدىكى پىكىرلەرگە كەلسەك، نامازنىڭ 12 شەرتى بار. ئالتىسى نامازنىڭ سىرتىدا، ئالتىسى ئىچىدە بولىدۇ. بۇ شەرتلەرنىڭ بىرەسى كام بولغاندا ناماز ئادا بولمايدۇ. «شەرت» بۇ كام بولسا بولمايدىغان نەرسە دېگەنلىك. ئامما سۈننەت ئىبادەتلەرنى كامىللىغۇچى پائالىيەت بولسىمۇ، ئۇ نامازنىڭ شەرتلىرىدىن ئەمەس. سۈننەت سوۋاپنىڭ كۆپرەك بولۇشى ئۈچۈندۇر.

شەرىئەت ھۆكۈملىرى سالاغا ئورۇن بەرمەيدۇ. كىشىلەرنى مەسچىتكە تەشەببۇس قىلـ

مەن دەپ سۈننەتنى نامازنىڭ شەرتى دەپ قويۇش توغرا بولمايدۇ. شەرتنى شەرت، سۈننەتنى سۈننەت دېيىش كېرەك. چۈنكى مۇنداق دېگەندە مەسچىتكە چىقالماي ئۆيدە ناماز ئوقۇغان كىشىنىڭ نامىزىنى دۇرۇس ئەمەس دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. ھالبۇكى، نامازنى ئۆيدە ئوقۇسىمۇ ئادا بولىدۇ. مەسچىتتە ئوقۇسا ژىگىرمە يەتتە ھەسسە ئارتۇق سوۋاپ بولغانىنىڭ سىرتىدا كۆپلىگەن ماددىي ۋە مەنىۋى پايدىلار بولىدۇ.

ئۈچىنچى مەسىلە: قۇرئان ئوقۇش ۋە جىنازا نامازلىرىنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن ھەق سوراش ياكى ئېلىش مەسىلىسى بولۇپ، بۇ مەسىلە قۇرئان كەرىمنىڭ ھۆكۈمى بىلەن ناھايىتى ئوچۇق ئىزاھلانغان. بۇ ئۇمۇمىي ھۆكۈمدۇر. سوئالنىڭ چەكلىمىسىگە ئاساسەن مەنمۇ قۇرئاننىڭ بۇ ئۇمۇمىي ھۆكۈمىنى ئېيتتىم. ئىسلام مەملىكەتلىرىدە بولسا ئىمام ـ مەزىنلەرگە ھۆكۈمەتتىن مائاش بەلگۈلىنىدۇ. ئۇلار مەسچىتنىڭ ۋە جامائەتچىلىكنىڭ خىزمەتلىرىنى قىلىش يولىدا ژۈرگىنى ئۈچۈن ئىماملىق ۋە مەزىنلىك ۋەزىپىسىگە مائاش ئېلىپ يېيىشى ھالالدۇر. بىراق قازاقستاندا ئىمام، مەزىنلەرگە مائاش بەلگۈلەپ بېرىدىغان ئىش ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بولمىغاچقا، ھېچ قانداق كىرىمى يوق بەزى نامرات ئىماملارنىڭ خىراجىتى يۇرت جامائەتنىڭ ئۈستىگە ژۈكلىنىدۇ. يۇرت ـ جامائەت ئۇلارغا ياردەم قىلىشقا مەجبۇردۇر. بىراق، ئىماملارنىڭ بۇنى باھانە قىلىپ قۇرئان ئوقۇغانغا، جىنازا نامىزى چۈشۈرگەندە ئاقچا ئالسا يەنە بولمايدۇ. بۇنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى مەسچىتنىڭ خەيرىيەت ساندۇغىدىن ئىمام ۋە مەزىن ئىككىسى ئۆز ئېھتىياجىغا يېتەرلىك ھالدا مائاش ئېلىپ خەشلىسە بولىدۇ. مەن كاتتا ئالىم ئەمەس، ياكى جۇمھۇرىيەت مۇفتىسى ئەمەس. ئۇنىڭغا بىر نەرسە دەپ پەتىۋا چىقىرالمايمەن. ھەر كىم قۇرئاننىڭ تەرجىمىسىنى قايتا ئوقۇسۇن. شۇنىڭغا قاراپ ئىش كۆرسە بولىدۇ. چۈنكى، بىدئەت، ھارام ئىشلار ھېچ ۋاقىت ياخشىلىققا سەۋەپ بولالمايدۇ. ئىمامغا خالىسانە ياردەم قىلىشتىن باشقا قۇرئان ئوقۇغىنى ئۈچۈن، جىنازا نامىزى چۈشەرگىنى ئۈچۈن ئاقچا قويۇش ئادىتىنى برق قىلىش، بىدئەتكە قارشى تۇرۇش ئارقىلىق دىنىمىزنى بىدئەتلەردىن تازىلاپ، ئاللاغا ئۆزى كۆرسەتكەن يول بىلەن يېقىنلىشىپ، مىللىتىمىزنى قىينچىلىقلاردىن قۇتقازالايمىز.

**«يېڭى ھايات» 1998 ـ ژىل، 25 ـ ئىيۇل**

# زاكات ئىسلام شەرىئىتى پەرزلىرىنىڭ بىرى

زاكات ـ ئىسلام دىنىدا نامازدىن كېيىنلا بۇيرۇلغان ئىجتىمائىي ئىبادەتتۇر. قۇرئانى كەرىمدە زاكات نەچچە ئونلىغان ئورۇندا زاكات، سەدىقە، نەپىقە دېگەن ئاتالغۇلار بىلەن بايان قىلىنىدۇ. ئاللا تائالا مۇسۇلمانلارنى زاكاتنى ئادا قىلىشقا ئەمر قىلىپ. بەقەرە سۈرىسىنىڭ 110 ـ ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ: «نامازنى ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، ئۆزەڭلار ئۈچۈن قىلغان قانداق ياخشى ئەمەللەر بولسا، ئاللانىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ ساۋابىنى تاپىسىلەر».

زاكات پېقىر ـ يوقسۇللارغا ياردەم قىلىشتىن ئىبارەت بولغان، ھەتتا ئىسلامدىن بۇرۇنمۇ باشقا ساماۋىي دىنلارنىڭ شەرىئەتلىرىدە پەرز قىلىنىپ كەلگەن ئۇمۇمىي بىر ئىبادەتتۇر. لېكىن ئىسلام دىنىدا پەرز قىلىنغان زاكاتنىڭ دائىرىسى، مەخسەت ـ غايىلىرى ئىنتايىن كەڭ ۋە ھېكمەتلىرى ناھايىتى مولدۇر. ھېچ قانداق دىندىكى زاكات قائىدىلىرى، ھېچ قانداق دۆلەتتىكى يەرلىك قانۇنلار ئۇنىڭغا يېتەلمەيدۇ. ئىسلام دىنىدىكى زاكات ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرى ۋە ئىمانىنىڭ كېرەكلىك بولغان مۇھىم ماددىلىرىنىڭ بىرىدۇر.

زاكات ئىسلام دىنىدا شۇنداق بىر مۇھىم پەرزكى، ئۇنى ئادا قىلغان كىشى مۇسۇلمانلىقنىڭ پەرزىنى ئادا قىلغان بولىدۇ. ئۇنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغان كىشى چوڭ گۇناھكار، ھەتتا كاپىر بولىدۇ. ئىسلام شەرىئىتىدە زاكات بېرىشكە قارشى چىققان كىشىگە ئۇرۇش ئېلان قىلىش بەجا كەلتۈرۈلىدۇ. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇنىڭ «ئاللانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ناماز بىلەن زاكاتنىڭ ئارىسىنى ئايرىماقچى بولغان ئادەمگىمۇ ئۇرۇش ئاچىمەن» دېگەن مەشھۇر سۆزى شۇنىڭغا ئاساسلانغان.

ئىسلام دىنىدىكى زاكات پۇلدار، مۈلۈكدار بايلارنىڭ يوقسۇللارغا ياخشىلىق قىلىش يۈزىسىدىنلا قىلىدىغان ئىنئامى، ياكى ئۆز ئىختىيارىدىكى ئىنسانىي ياردىمىلا ئەمەس، بەلكى زاكات ئىسلام دىنىنىڭ ئىقتىسادىي قانۇنىنىڭ مۇھىم بىر تارمىقىدۇر. ئىسلام قانۇنى بويىچە زاكاتنى بايلاردىن دۆلەت ئۆزى ئالىدۇ. ئاندىن ئېھتىياجلىق كىشىلەرگە ئۇنى تەخسىم قىلىپ بېرىدۇ. مۇنداق ھالەتتە كەمبەغەل، يوقسۇللارنىڭ بايلار ئالدىدا خىجالەت بولۇپ، يۈز قىزارتىش، قەدىر ـ قىممىتىنى چۈشۈرۈشى يۈز بەرمەيدۇ. بايلارمۇ زاكات بەردۇق دەپ ئۆزىنى كۆرسىتىپ، يوقسۇللارغا تەكەببۇرلۇق ۋە مىننەت قىلمايدۇ.

زاكات سۆزى ئەرەب تىلىدا پاكلاش ۋە ئۆستۈرۈش دېگەن ئىككى مەنانى بىلدۈرىدۇ. ئىسلام دىنى بۇ ئىككى مەنانىڭ ھەر ئىككىسىنى بىللە ئىپادىلەش ئۈچۈن زاكات سۆزىنى ناھايىتى ھېكمەتلىك ھالدا تاللاپ ئالغان. زاكات پاكلىنىش مەناسى بىلەن بايلارنى ئاچ كۆزلۈك، بېخىللىقنىڭ كىرلىرىدىن تازىلايدۇ. مەرتلىك ھەر قانداق كىشى ۋە مىللەت ئۈچۈن ئېسىل ئەخلاقىي خىسلەتتۇر. ئەكسىچە بېخىللىق رەزىل خۇلۇقتۇر. ئۇنىڭ يامان ئاقىۋىتى شۇكى، ئۇ كاھىدا كىشىلەرنى پۇل، ماللىرىغا بېخىللىق قىلىشى نەتىجىسىدە نومۇسلىرىنى ئاياق ئاستى قىلىشقا، ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىرىنى ھالاك قىلىشقا، پۇل، مېلى، جېنىغا بېخىللىق قىلىپ، ۋەتەندىنمۇ يۈز ئۆرۈپ، ئۇنى شەخسىي مەنپىيەتى ئۈچۈن سې-

تۆھتىشكە ئەكىلىپ قويىدۇ. ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقىدىن ئايرىلىپ، ئەجنەبىلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىشىمۇ شۇ ۋەتەن ئەھلىنىڭ جانلىرىنى پىدا قىلىش بىلەن، مال ـ مۈلۈكلىرىنى چىقىم قىلىش بىلەن ۋەتىنىنى قوغداپ قېلىشقا بېخىللىق قىلغانلىقىدىن بولىدۇ. تارىخ شۇنى ئىسپاتلىغانكى، بېخىللىققا ئادەتلەنگەن ھېچ قانداق ئىنسان ۋە ھېچ قانداق جەمىيەت نىجات تاپقان ئەمەس.

زاكات پاكلاش مەنىسى بىلەن يوقسۇللارنى، ئېتىم ـ يېسىرلارنى ئاللا بەرگەن پۇل ـ مالدىن ئۇلارغا چىقىم قىلىشقا بېخىللىق قىلىدىغان بايلارغا بولغان ئۆچلۈك، ئاداۋەت، زىددىيەت، توقۇنۇشلاردىن ساقلايدۇ. بەزى كىشىلەر ئاللانىڭ بۇ مۇبارەك قانۇنىنى ئىنكار قىلىپ، ياكى ئۇنىڭدىن قۇسۇر چىقىرىپ، ئۇ تەڭسىزلىكنى ھەل قىلىشتا بايلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى زورلۇق بىلەن تارتىپ ئېلىشنى دەۋەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاقىۋىتىدە بايلار گادايلىققا يۈزلىنىدۇ. بىز سوتسىيالىزم دەۋرىدە يۈز بەرگەن، تۇرمۇش تەرىزىگە تامامەن زىت شۇنداق ئەھۋالنى باشتىن كەچۈردۇق. زاكاتنى باي، پۇلدارلار ئاللانىڭ ئەمرىنى ئادا قىلىۋاتىمەن دېگەن نىيەت بىلەن بېرىدۇ. زاكات بەرگۈچى كىشى ئۆزىنى ئەركىن ۋە ئۈستۈن روھى كەيپىياتتا ھېس قىلىدىغان بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئىزگۇ ئىشى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ شەيتانى بېخىللىقىنى، ھاۋايى ھەۋەسىنى، شەخسىيەتچىلىكىنى يەڭگەن بولىدۇ.

باشقا دىنىي ئېتىقاتتىكى ئالىملارمۇ ئىسلام دىنىدىكى زاكاتنىڭ پەزىلىتىنى يۇقۇرى باھالايدۇ. نامى دۇنياغا تونۇلغان ئاتاقلىق ئالىم ليودوروس بۇ توغرىلىق مۇنداق دەپ يازىدۇ: «پۈتۈن دۇنيانى ئاۋارە قىلىۋاتقان ئىككى مۈشكۈلنى ئىسلام دىنىنىڭ ھەل قىلغانلىقىنى بايقىدىم. ئۇنىڭ بىرى قۇرئاندىكى «ھەقىقەتەن مۆمىنلەر قېرىنداشلار» دېگەن ئىبارە، يەنە بىرى مال ـ مۈلۈك ئىگىلىرىنىڭ ھەممىسىگە زاكاتنىڭ پەرز قىلىنغانلىقىدۇر» مەشھۇر يازغۇچى ماركوس بۇ پىكرىنى ئالغا سۈرۈپ «ئىسلام دىنىدىكى زاكات مۈلۈك ساھىبى بولغان پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا بۇيرۇلغان دىنىي باج بولۇپ، ئۇ ئىجتىمائىي قانۇندۇر. ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ يوقسۇللارنى يۆلەشتىكى قانۇنىيىتىدۇر. زاكات ئادىل قانۇن بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ قانۇننى ئىنسانىيەت تارىخىدا بىرىنچى بولۇپ ئىسلام دىنى يولغا قويغان. ئۇ ئادىل ۋە شەپقەتلىك بىر جەمىيەتنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدىكى ئىسلام دىنىنىڭ بۇ قانۇنى ھېكمەت ئۈستىگە قۇرۇلغان» دەپ يازىدۇ.

ئىسلام دىنىدا زاكات بېرىلىدىغان ماللار، زاكات بېرىشكە تېگىشلىك ئۆلچەم، ئۇنىڭ قاچان بېرىلىدىغانلىقى، قانداق كىشىلەرگە بېرىشكە لايىق ئىكەنلىكى تەپسىلى ۋە ئېنىق ھالدا بەلگۈلەنگەن.

1 ـ ئاشلىق، مېۋە قاتارلىق زىرائەتلەر قول كۈچى بىلەن ئەمەس، يامغۇر سۈيى بىلەنلا سۇغۇرۇلۇپ تەييار بولغان بولسا، ئۇنىڭ 100 دىن 10 بولۇگى زاكات بېرىلىدۇ. ئەگەر قول كۈچى بىلەن مېھنەت قىلىنىپ سۇغۇرۇلغان بولسا 100 دىن 5 بولۇگى بېرىلىدۇ.

2 ـ ئالتۇن، كۈمۈچ، قەغەز پۇل ۋە تىجارەت مېلى قاتارلىق مۈلۈكلەردىن 100 دىن 2,5 بولۇگى زاكات بېرىلىدۇ.

3 ـ ئىنسانلار ئۆزلىرى بېقىۋاتقان سىيىر، توگە، قوي قاتارلىق ھايۋانلاردىن قوي قـ
ىرىققا يەتسە بىر قوي، سىيىر ئوتتۇزغا يەتسە ئۇنىڭدىن ئىككى ياشلىق توپاقتىن بىرنى،
توگە بەشكە يەتسە ئۇنىڭدىن بىر قوي زاكات بېرىلىدۇ. زاكات ئۆز ئېھتىياجىدىن تاشقـ
ىرى زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتكەن زاكات مال ـ مۈلۈك، دۇنياغا ئىگە بولغان، 85 گرام
ئالتۇن كەلگىدەك مال ـ مۈلۈككە ئىگە بولغان كىشىگە زاكات بېرىش پەرز.
زاكاتنىڭ كىملەرگە بېرىشكە مۇناسىپ ئىكەنلىكى قۇرئانۇ كەرىمدە تەپسىلىي بايان قـ
ىلىنغان. ئۇ پەقەت پېقىرلارغا، كەمبەغەل، مىسكىن ـ تۇرۇشقا جايىمۇ يوق، ئەڭ ئېھتىياج
لىق كىشىلەرگە، قۇللارنى ئازات قىلىشقا، قەرزدارلارغا بېرىلىدۇ. بۇ تەۋبە سۈرىسى،
60ـ ئايەتتە شۇنداق كۆرسىتىلگەن، ئاللا تائالا زاكات بېرىشكە يېتەرلىك مال ـ مۈلۈككە
ئىگە بولۇپ تۇرۇپ زاكات بەرمىگەنلەرنىڭ ئاخىرەتتىكى ئېچىنىشلىق تەقدىرى توغـ
رىلىق مۇنداق دەيدۇ: «ئالتۇن ـ كۈمۈچ يىغىپ، ئۇنى ئاللانىڭ يولىدا سەرىپ قىلمايدىـ
غانلارغا دوزاقتا بولىدىغان قاتتىق ئازاپ بىلەن بېشارەت بەرگىن. ئۇ كۈندە (يەنى قىياـ
مەت كۈنىدە) ئۇ ئالتۇن ـ كۈمۈچلەر جەھەننەمنىڭ ئوتىدا قىزىتىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇـ
لارنىڭ پېشانىلىرى، يانلىرى ۋە دۈمبىلىرى داغلىنىدۇ» (تەۋبە سۈرىسى 33 ـ 34 ـ ئاـ
يەتلەر).
فىتىر سەدىقىسى زاكات بېرىشكە تېگىشلىك مال ـ مۈلۈككە ئىگە بولغان مۇسۇلمان، ئاقىل،
بالىغ كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە ۋاجىپتۇر. ئۇ ئائىلىدىكى ھەر بىر جان ئىگىسىنىڭ سانىغا
قاراپ بېرىلىدۇ. ھەر بىر كىشىنىڭ بېرىشكە تېگىشلىك فىتىر سەدىقىسى مىقدارى 3 كىـ
لوگرام بۇغدايىنىڭ باھاسىغا تەڭ بولۇشى كېرەك. فىتىر سەدىقىسىنى ئادا قىلىشنىڭ ۋاقـ
تى روزا ھېيت نامىزىنى ئوقۇشتىن بۇرۇن بولىدۇ. كېچىكىپ قالسا كېيىنرەك ئادا قىلىـ
شىمۇ ياكى بۇرۇنراق رامزان ئىچىدە بېرىۋەتسىمۇ بولىدۇ.

**«يېڭى ھايات» 1998 ـ يىل، 31 ـ يانۋار**

# ئۇلۇغ روزا ئېيىنىڭ شاراپىتى

ئاللا تائالا ئۆز ھېكمىتى بىلەن مەخلۇقاتلاردىن ئىنسانلارنى ئۇلۇغ ياراتتى. جايلاردىن مەككە ـ مەدىنە شەھەرلىرىنى، كۈنلەردىن جۈمە كۈنىنى، ئايلاردىن رامازان ئېيىنى ئۇلۇغ قىلدى. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا قۇرئاندىن دەسلەپكى ۋەھى رامازان ئېيىدا چۈشۈشكە باشلىغان. ئۇلۇغ قەدىر كېچىسىمۇ رامازان ئېيىنىڭ ئىچىدە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن غەلىبىلىرى رامازان ئېيىدا قولغا كەلگەن. شۇڭا بۇ ئاينى ئىسلام ئەھلى 14 ئەسىردىن بېرى قەدىرلەپ، ئۇلۇغلاپ كەلمەكتە.

ئاللا تائالا مۇسۇلمانلارغا بۇيرۇلغان ئىبادەتلەرنىڭ تۈرلىرى ھەر خىل بولۇپ، ئۇلاردىن دۇئا، قۇرئان ئوقۇش، ئاللانى مەدھىيەلەش، كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا چاقىرىش، يامان ئىشلاردىن مەنئى قىلىش، بىلمىگەنلەرگە دىن ئەھكاملىرىنى ئۆگىتىش قاتارلىق سۆز بىلەن قىلىنىدىغان ئىبادەتلەر، ناماز ئوقۇشقا ئوخشىغان ھەرىكەت بىلەن قىلىنىدىغان ئىبادەتلەر، زاكاتقا ئوخشىغان ئىختىسات بىلەن قىلىنىدىغان ئىبادەتلەر ۋە نەپسىنىڭ تەلەپلىرىنى ۋاقىتلىق رەت قىلىش بىلەن قىلىنىدىغان روزىغا ئوخشىغان ئىبادەتلەر باردۇر.

ئاللا تائالا بۇيرۇغان ئىبادەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن كۆپلىگەن ھېكمەتلىرى ۋە پايدىلىرى باردۇر. زاماننىڭ تەرەققىياتى بىزلەرگە رامازاننىڭ بەزى ھېكمەتلىرىنى كەشىپ قىلغان بولسىمۇ، بىزگە مەلۇم بولمىغان پەقەت ئاللاغا ئېنىق بولغان نۇرغۇنلىغان ھېكمەتلىرى ۋە پايدىلىرى باردۇر. چۈنكى ئاللا بەندىلىرىنى ھېكمەتسىز ۋە پايدىسىز ئىشلارغا بۇيرۇغان ئەمەس.

روزا تۇتۇشنىڭ ئەسرارلىرىنى بىلىش ئۈچۈن ئاۋال ئىنساننىڭ ئىچكى ھاياتىنى سىرتىنى تونۇش كېرەكتۇر. ئۇ بىز سىرتتىن كورۇۋاتقاندەك پەقەتلا يەپ ـ ئىچىدىغان، ھەرىكەت قىلىدىغان ۋە سۆزلەيدىغان جانلىق ھەيكەل ئەمەستۇر. بەلكى ئۇنىڭ ھەقىقىتى ئۇنىڭدىكى ئاللا ئاتا قىلغان روھانى جەۋھەردۇر. ئىنسان بۇنىڭ بىلەن تەپەككۇر قىلىدۇ، ھەقىقەتلەرنى بىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھىس قىلىدۇ ۋە لەززەتلىنىدۇ. ئاللا ئىنساندىكى مۇشۇ روھانى جەۋھەرنىڭ يۈزىسىدىن پۈتۈن پەرىشتىلەرنى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان. ئىنسان شۇنداق ئۇلۇغ مەخلۇقكى، ئۇنىڭ روھى ئاللادىن، جەسىدى توپراقتىن بولغان ھورمەتلىك بىر مەۋجۇداتتۇر. ئىنسان ھەمىشە ئۇنى ئۇلۇغلىققا كوتىرىدىغان روھى بىلەن، ئۇنى رەزىللىككە چۈشۈرىدىغان نەپسى ھەۋەسىنىڭ ئارىسىدىكى توقۇنۇشلار بىلەنلا ياشايدۇ. ئەگەر ئۇ، روھىنى نەپسى ھەۋەسكە بويسۇندۇرۇپ، نەپسىنى ئوزىگە ھاكىم قىلىۋالسا ئۇ ھايۋانلىق دەرىجىسىگە چۈشۈپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇ ئوزىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى تونۇپ نەپسىنى روھىنىڭ تەلەپلىرىگە بويسۇندۇرسا، ئۇ پەرىشتىگە ئوخشاش بولىدۇ، ياكى پەرىشتىدىن ئۇلۇغ بولىدۇ. چۈنكى ئاللا ھايۋانلارغا ئەقىل، ئىدرەك ئاتا قىلماستىن پەقەت نەپسى ھەۋەسنىلا بەرگەن بولسا، پەرىشتىلەرگە نەپسى ھەۋەس بەرمەستىن پەقەت ئەقىل ـ ئىدرەكلا ئاتا قىلغان بولسا، ئىنسانغا ھەم ئەقىل ـ

ئىدرەكھەم نەپسى ھەۋەس ئاتا قىلىنغان. شۇڭا نەپسىگىلا بېرىلىپ ئۆز قەدىر - قىممىتىنى يوقاتقان ئىنسان ھايۋانغا ئوخشاش ئورۇنغا چۈشۈپ قالغاندەك، ئەقىل - ئىدرەكنى قوللىنىپ، نەپسىنىڭ ھەۋەسلىرىنى ئەقىل ۋە شەرىئەت بىلەن مۇھاكىمە قىلغان كىشىمۇ پەرىشتەدىن ئۈلۈق ھېساپلىنىدۇ. شۇڭا ئاللا قۇرئاندا «ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلغانلار ھەقىقەتەن ئۇلار مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر» دەيدۇ. پەرىشتەلەرمۇ مەخلۇقاتنىڭ قاتارىدىن بولغاچقا بۇ ئايەتتە بايان قىلىنغاندەك، ئىنسانلار پەرىشتەلەردىن، ئەلۋەتتە، ياخشى ۋە ئۇلۇقتۇر. نەپسى ھەۋەسى ئۈچۈنلا ياشاپ، ئاللانى تونۇمىغان ئىنسانلار ھەققىدە ئاللا مۇنداق دەيدۇ: «ئېيتىپ باقساڭچۇ؟ نەپسى خاھىشىنى ئىلاھ قىلىۋالغان ئادەمگە نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىشتىن ئۇنى ساقلاشقا ھامىي بولالامسەن. ئۇلارنىڭ تولىسىنى (كۆپىنچىنى) ئاڭلايدىغان ياكى چۈشىنىدىغان ئادەملەر دەپ گۇمان قىلامسەن؟ ئۇلار پەقەت ھايۋانلارغا ئوخشاشتۇر، بەلكى ئۇلاردىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر». (فۇرقان سۈرىسى، 43 - 44 - ئايەتلەر).

نەپسىنىڭ خاھىشلىرىغا ھوكۈم قىلىشنى ئۆگىنىپ ۋە چېنىقىپ ئۆزىنى ئىنسانلىققا لايىق كەلمەيدىغان تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويماستىن بەلكى ئىنسانلىق ھۆرمىتىگە لايىق ھالدا پەرىشتە مەقامىغا يېتىشىشى ئۈچۈن رامازان روزىسىنى ئىنسانلارغا پەرز قىلغان. مۇسۇلمانىنىڭ روزىدار ۋاقتىدا ئاللاغا ئەڭ يېقىن بولۇشى ۋە دۇئا - تىلەكلىرىنىڭ شەكسىز ئىجاۋەت بولۇشى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەنادا مۇنداق دېگەن: «ئۈچ خىل ئادەمنىڭ ئاللاغا قىلغان دۇئاسى قەتئىي رەت قىلىنمايدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى: روزا تۇتقۇچى، روزىدار كىشىنىڭ ئىپتار ۋاقتىغىچە قىلغان دۇئاسى، يەنە بىرسى، ئادالەتلىك پادىشا، يەنە بىرسى: زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشى» (ئەھمەت رىۋايەت قىلغان ھەدىس).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «روزا تۇتۇڭلار، ساغلام بولۇڭلار» روزا تۇتۇشتا ئاللاغا يېقىنلىشىش، روھنى يۈكسەلدۈرۈش، سەۋرى - تاقەت ۋە ئىرادىلىك بولۇش ۋە باشقىلار قاتارلىق ئاخىرەتلىك پايدىلار بولغاندەك، بەدەننىڭ ساغلام بولۇشىغا ئوخشاش دۇنيالىق پايدىلىرى باردۇر. چۈنكى ئاشقازان كېسەللىكلەرنىڭ مەركىزى، كېسەلدىن قۇتۇلۇشنىڭ بېشى پەرھىزدۇر. ئاشقازاننىڭ ئارام تېپىشى ئۈچۈن روزىدىن ياخشى پۇرسەت يوقتۇر. باشقا داۋالاشلار پايدا بەرمىگەن كۆپلىگەن شىكەر ئاغرىقلىرىنىڭ روزا تۇتۇش ئارقىلىق ساقايغانلىقى ھەققىدە ئالاھىدە ماقالىلار يېزىلغان. دۇنيادا كۆپلىگەن دوختۇرلارنىڭ بەزى كېسەللىكلەرنى رېژىم بىلەن داۋالاۋاتقانلىقى بۇ سەۋەپتىندۇر.

رامازان ئېيى ئىرادىنى كۈچەيتىش ۋە سەۋرچانلىقنى ئۆگىنىش ئۈچۈنمۇ ئەڭ ياخشى پۇرسەتتۇر. روزىدا كىشى ئالدىدا يېمەك - ئىچمەك تەييار تۇرۇپ ئاچلىققا ۋە ئۇسسۇزلۇققا بەرداشلىق بېرىدۇ. ئۇنى يېيىش، ئىچىش ۋە ئايالغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن پەقەت ئۇنىڭ ۋىجدانى توساپ تۇرىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ يېنىدا نازارەت قىلىدىغان ئاللا ۋە ۋىجداندىن باشقا ھېچ نەرسە يوقتۇر. بۇ خىل چېنىقىش ھەر كۈنى 15 سائات ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك ۋاقىت داۋام قىلىدۇ. دۇنيادا قانداق مەكتەپ ئىنساننىڭ ئىرادىسىنى

ۋە سەۋرىنى يېتىشتۈرۈشتە رامازان ئېيىغا ئوخشايدۇ. گېرمانىيەلىك پسىخولوگىيە دوكتو-
رى ئىرادىنى تىكلەش ۋە كۆچلەندۈرۈشنىڭ ئامىللىرى ھەققىدە يازغان كىتاۋىدا مۇنداق
دېگەن: «ئىرادىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئامىل روزا تۇتۇشتۇر». ئامما ئىسلام
دىنى ھازىرقى پسىخولوگىيە ئالىملىرى ئەندىلا ئىسپاتلىغان ھەقىقەتلەرنى 14 ئەسىر
بۇرۇن ئىسپاتلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ياشلارغا قىلغان بۇ تەۋسىيەسى يېتەر-
لىك بولسا كېرەك. ئۇنىڭدا «ئەي، ياشلار جامائەسى! توي قىلىشقا قادىر بولالىغىنىڭلار،
ئۆيلىنىڭلار، چۈنكى ئۆيلىنىش كۆزنى ۋە ئەۋرەتنى ھارامدىن ساقلايدۇ، ئۆيلىنىشكە قا-
دىر بولالمىغان كىشى روزا تۇتسۇن. چۈنكى روزا ئۇنى ھارامدىن ساقلايدۇ» دېگەن. پەي-
غەمبەر ئەلەيھىسسالام رامازاننىڭ كىشىگە سەۋر ئۆگىتىدىغانلىقى توغرىلىق مۇنداق دې-
گەن: «روزا تۇتۇش سەۋرنىڭ يېرىمىدۇر» چۈنكى ئىنساندا ئۈچ خىل قۇۋۋەت بار بو-
لۇپ ئۇلارنىڭ بىرى: نەپسى ھەۋەس قۇۋۋىتى، يەنە بىرى: يىرتقۇچ ھايۋانلاردا بولىدى-
غان غەزەپ كۈچى، يەنە بىرى: پەرىشتەلەردە بولغاندەك روھى قۇۋۋەتلەردىن ئىبارەت-
تۇر. ئىنساننىڭ روھى قۇۋۋىتى ژۇقۇرىدىكى ئىككى قۇۋۋەتنى بېسىپ ئوتەلىگەندە ئۇ يې-
رىم سەۋرنى ھاسىل قىلغان بولىدۇ. رامازاندا مۇسۇلمان كىشى نەپسى ھەۋەس ۋە غەزى-
ۋىنى روزىنىڭ يۈزىسىدىن تەرك ئېتىدۇ. مانا، ئۇ سەۋرنىڭ يېرىمىنى ھاسىل قىلغان
بولىدۇ. ئىسلام دىنى كۆرەش ۋە جاھاددىندۇر. مۇسۇلمان كىشىنىڭ ھاياتلىقتىكى كۆ-
رەش ۋە جاھادلارغا تاقابىل تۇرۇپ يېڭىپ چىقىدىغان ئاۋالقى كۈچ - قۇۋۋىتى سەۋر ۋە
قەتئىي ئىرادىدۇر. ئوز نەپسىنىڭ ھەۋەسلىرىنى يېڭەلمىگەن كىشى دۈشمەننى ھەرگىز-
مۇ يېڭەلمەيدۇ. بىرەر كۈنلۈك ئاچلىققا چىدالمىغان كىشى، ئۇلۇق نىشانلار بىلەن ۋەتىنى-
دىن ئايرىلىشقىمۇ چىدالمايدۇ.
روزا تۇتۇشنىڭ ئىجتىمائىي پايدىلىرىمۇ بولۇپ، روزا تۇتقان كىشى يېمەك - ئىچمەككە
كۆچى يەتمىگەن ژىتىم - يېسىر يوقسۇللارنىڭ ھالىنى چۈشىنىدۇ. چۈنكى ئاچلىقنىڭ
دەردىنى چەكمىگەن كىشى ئاچلىقنىڭ تەمىنى بىلمەيدۇ. ئۇ ئوزى توق ياشىغاچ ھەممە
كىشىنى ئوزىگە ئوخشاش توق ھىس قىلىدۇ. ئەگەر روزا تۇتۇپ ئاچلىقنىڭ ئازاۋىنى تار-
تىپ كورسە، بۇ ۋاقىتتا كۈنلۈك ئوزۇغىنى تاپالمىغان بېچارىلارنىڭ ھالىنى چۈشىنىدۇدە،
ئۇلارنىڭ ھاللىرىدىن خەۋەر ئېلىپ، ياردەم قىلىشنى ئوزى ئۈچۈن ئىنسانىي بورچ
دەپ بىلىدۇ. مۇسۇلماننىڭ ھەقىقىي كامىل بولۇشى، ئۇنىڭ قەلبىنىڭ يۇمشاق بولۇشى،
ئوزىنىلا ئويلىماستىن باشقىلارنىمۇ ئويلىشى مېھىر - شەپقەتلىك بولۇشتۇر. ئاللا ناھاي-
تى شەپقەتلىك بولۇپ، ئۇ پەقەت شەپقەتلىك كىشىلەرگىلا رەھىم - شەپقەت قىلىدۇ.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «شەپقەتلىك كىشىلەرگە ئاللا رەھىم
قىلىدۇ، يەر يۈزىدىكى كىشىلەرگە رەھىم قىلىڭلار، سىلەرگە ئاسماندىكى زات (ئاللا) رە-
ھىم قىلىدۇ». يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام مىسىرنىڭ غەزنىسىگە مەسئۇل بولغان ۋاقىتلاردا
روزىنى كوپ تۇتىدىكەن. ئۇ بۇ ھەقتە سورالغاندا: «مەن توق ژۈرسەم، پېقىرلارنىڭ ئاچ
لىقىنى ئۇنتۇپ قېلىشىمدىن قورقىمەن» دېگەن ئىكەن.
«يېڭى ھايات» 1998 - يىل، 1 - يانۋار

# ئىسلام تەلىماتىنىڭ ماھىيەتلىرى

ـ ئاللا تائالا ئوزى ئەزىز ياراتقان مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئوز ۋەتىنىدە باسقۇنچى كاپىرلار تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنىپ، ئاسارەتتە ياشاۋاتقانلىقى ئاللاغا مەلۇم. ئۇ دەرت - كۈلپەتلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇلار ھەر نەپەسدە ئاللادىن راپاۋەت تىلەپ كېلىۋاتىدۇ. سوھبىتىمىزنى ئەينە شۇنىڭدىن باشلىساق؟

ـ ئادەتتە ئىنسانچىلىقتا بەزىلەر خاتىرجەم، پاراۋەن تۇرمۇش كەچۈرۈپ، جاپا - كۈلپەتلەرگە دۇچ كەلمىگىنىدە ئاللانى ياد ئېتىپ تۇرۇشتىن چەتنەپ، ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ئىلتىپاتلىرىغا شۈكرى ۋە مىننەتدارلىق قىلىشنى ئويلىرىدىن چىقىرىپ قويىدۇ. ئامما بېشىغا كۈن چۈشكىنىدە بۇ ئېغىرچىلىقلارنى يېڭىشقا ئاللادىن مەدەت، شاپائەت تىلەپ ئۇنىڭغا سېغىنىشقا باشلايدۇ. شۇندا ئاللا ئۇلارنىڭ تىلەكلىرىنى دەررۇ ئىجاۋەت قىلمىسا نارازىلىقلىرىنى ئىپادىلەپ، ئاللا بىزنىڭ بۇ ھالىمىزنى كورمەمدۇ؟ بىزنىڭ مۇناجىئەتلىرىمىزنى ئاڭلاپ، بىزنى نىجاتلىققا چىقارمامدۇ؟ دېگەنگە ئوخشاش سوزلەرنى قىلىشقا ئالدىرايدۇ. ئاللا ئىنسانلاردىكى بۇ خىل ئاجىزلىق خىسلەتلەرنى مۇنداق ئىپادىلىگەن: «ئىنسان ھەقىقەتەن چىدامسىز يارىتىلدى. ئۇنىڭغا بىرەر كوڭۇلسىزلىك يەتسە زارلانغۇچىدۇر. بىرەر ياخشىلىق يېتىدىكەن بېخىللىق قىلغۇچىدۇر. پەقەت نامازغا ھەمىشە رىئايە قىلغۇچىلار بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر» (مائارىج سۈرىسى 5 ـ ئايەت).

بۇ دۇنيا سەۋەپ دۇنياسى. ئۇنىڭدا ئوز تەغدىرى ئۈچۈن ھارماي تىرىشقانلار مەخسەتنى رويابقا چىقىرىدۇ. ئەكسىنچە بولغانلار ئوز نەسۋىلىرىدىن بەھرىمەن بولالمايدۇ. شۇڭا ئاللا قۇرئاندىكى نەجىم سۈرىسى 39 ـ ئايەتتە «ئىنسان پەقەت ئوزى ئىشلىگەن نەرسىنىڭ نەتىجىسىنى كورىدۇ» دەيدۇ. قۇرئاندا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئاللاغا تەۋەككەل قىلىدىكەن ئۇنىڭغا ئاللا كۇپايە قىلىدۇ». قۇرئاندىكى بۇ تەۋەككۇلنىڭ مەنىسى سەۋەپ قىلماستىن ئاللانىڭ ئىلتىپاتىغا يۈلىنىۋېلىش ئەمەس، قولدىن كېلىشچە ئىنتىلىپ، يېتەرلىك سەۋەپلەرنى قىلىش بىلەن بىر ئاللانىڭ ياردىمىگە يۈلىنىش دېگەنلىكتۇر. ئاللاغا ئېتىقات قىلمىغان كىشى نىجات تاپالمىغىنىدەك، ئاللاغا يۈلىنىۋېلىپ، سەۋەپ قىلمىغان كىشىمۇ نىجات تاپالمايدۇ.

بىز، ئاللا بىزگە نېمە ئۈچۈن راپاۋەت قىلمايدۇ؟ دەپ سوئال سوراشتىن ئىلگىرى ئالدى بىلەن بىز ئوزىمىزگە ھەقىقىي موئمىن مۇسۇلمانلار شەنىگە لايىق بولۇپ ژۈررۈۋاتىمىزمۇ؟ نېمە يېتەرسىزلىك ئەيىپلىرىنى ئوتكۈزۈپ كېلىۋاتىمىز دېگەن سوئاللارنى قويۇپ، چوڭقۇر ئويلىنىشىمىزمۇ لازىم. بىزمۇ مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىكى كىشىلەردەك، ھېچ بولمىغاندا ئۇلارنىڭ دەۋرىگە يېقىن بولغان كېيىنكى ئەسىرلەردىكى كىشىلەردەك پاك ۋە ئاللا يولىدا چىن ئېتىقاتى بىلەن ئىبادەت قىلىدىغان كىشىلەردەك ياشايلىچۇ. شۇ ۋاقىتتا ئاللانىڭ يەر يۈزىدىكى ئەزىز، ئەركىن بەندە مۇسۇلمانلىرى بولۇشى لاياقىتىگە ئېرىشەلەيمىز. بىزدىن بۇرۇن ئوتكەن ئەجدادلار ئەينە شۇنداق بولغان. تارىخ بۇنىڭغا

گۇۋا. ئاللا قۇرئاندا «ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلىق ياكى يامانلىق تەرەپكە ئۆزگەرتمىگىچە ئاللا ئۇلارنىڭ تۇرمۇش تەرىزىنى ئۆزگەرتمەيدۇ» (رەئىد سۈرىسى، 11 ـ ئايەت) دەيدۇ. «ئۈمۈتسىز شەيتان» دەپ دانالىرىمىز بىكار ئېيتمىغان. ئۈمۈتسىزلىك ئادەمنى چىرىتىدۇ. ئۈمۈت ئىستىقبال ۋە ئىستىقلالىيەتنىڭ كاپالىتى. شۇڭلاشقا ئاللانىڭ ياردىمىدىن ھەر ۋاقىت ئۈمۈتۋار بولۇش كېرەك.

ـ بەزى تەقۋادار موللىلىرىمىز، ئۆزلىرىنى ئىسلام شەرئىتىدە ئەقىلدار قىلىپ كورسەتكىسى كېلىدىغان ئايرىم شەخسلەر ناماز ئوقۇمايدىغان، ھاراق ئىچىدىغان، غەيرى مىللەت كىشىلىرى بىلەن ئائىلە قۇرۇپ ياشاۋاتقانلارنى كاپىر ياكى مۇناپىق دەپ تەرغىپ قىلىشىدۇ. بۇ ئەھۋال جامائەتچىلىك ئارىسىدىمۇ ھەر خىل تالاش پىكىرلەرنى تۇغدۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ ئىسلام نەزىرىدە توغرىمۇ؟

ـ ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسى ئەقىدىلىرىگە ـ يارىتقۇچى ئاللاغا، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا، باشقا بۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە، ئاللانىڭ كىتابلىرىغا، پەرىشتەلەرگە، قىيامەت كۈنىگە ۋە ياخشى ـ يامانلىق ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن بولۇشىغا ئىمان كەلتۈرگەن ھەر قانداق كىشى مۇسۇلمان سانىلىدۇ. بۇ سۈپەت تېپىلغان مۇسۇلمانلارنى كاپىر دېيىش توغرا ئەمەس. ئىسلام دىنى نەزىرىدە بىرسىگە بىرسىنى ئورۇنسىز كاپىر دېسە، دېيىلگۈچى كىشى كاپىر بولمىسا ئۇ دېگۈچى كىشىنىڭ ئۆزى كاپىر بولىدۇ. كاپىر سۆزى ئىسلام دىنى تەلىماتىدا مۇسۇلمانچىلىقتىن چىققان ئادەمگە، ياكى ئومۇرىدە مۇسۇلمان بولمىغان كىشىلەرگە قوللىنىلىدۇ. ژۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئاساسى ئەقىدىلەرگە چىن ئىمانى بىلەن بېرىلگەن كىشىلەر ناماز ئوقۇمىسىمۇ، ھاراق ئىچسىمۇ كاپىر بولۇپ كەتمەيدۇ. پەقەت ئاللانى تونۇماي، ئۇنىڭ ھوكۈمىگە بەجا كەلتۈرمىگەن بولسا كاپىر بولىدۇ.

مۇناپىق سوزى ئىستىلاھى بويىچە ئېغىزىدا ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ، قەلبىدە ئىسلام دىنىغا ئىشەنمىگەن كىشىگە ئىشلىتىلىدۇ. ھازىرقى ئەسىرىمىزدە مۇنداق كىشىلەر ئاز ئەمەس. لېكىن كىشىلەرنىڭ ئىچكى ئېتىقادىنى بىلمەي تۇرۇپ ئۇلارنى قاپقارىسىغا مۇناپىق ياكى كاپىرغا چورۇۋېتىش مۇۋاپىق ئەمەس.

ھاراق ئىچىش، ھاراقكەشلىك ئىسلام دىنىدا قەتئىي مەنئي قىلىنىدىغان گۇناھلارنىڭ بىرى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەبىرى بىلەن پۈتۈن نىجىسلارنىڭ، پەسكەشلىكلەرنىڭ ئانىسى دەپ سۈپەتلەنگەن. ئۇ ئەخلاقسىزلىقلارغا يول ئاچىدىغان بىردىن ـ بىر تەبىئى ئەرسىدۇر. ئەرەپ تىلىدا ھاراقنى خەمرى دەپ ئاتايدۇ. ئۇ سوز كىشىلەرنى ئازدۇرغۇچى، ئەقلىنى زەيىپلەشتۈرگۈچى دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ. ھەر قانداق كىشىگە ئايانكى، جەمىيەتتە يۈز بېرىدىغان ئالدامچىلىق، بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق، بۇزۇقچىلىق، ئوغۇرلۇق، باللارنىڭ ژىتىم قېلىشى، ئاتا ـ ئانىلىرىنى قاخشىتىش، يۇرت ـ جامائەتنىڭ نەپرىتىگە ئۇچراش ئوخشاش ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە بىر تەرەپتىن شۇ ھاراق سەۋەپچى بولىدۇ. ئەمەلىي رىياللىققا ۋە ئوتمۇشكە نەزەر سالساقمۇ ھاراقنىڭ ئۇرغۇنلىغان تالانتلىق ئالىم، ئەدىپ ۋە زىيالىلارنى نابۇت قىلغانلىغىنى، بەزىلەرنىڭ شۇ ھاراقنىڭ ئازدۇرۇشىدىن ئوز غايە، پىلانلىرىنى يوقىتىپ قويغانلىغىنى كورۇمىز. ئادەمنى مەس قىلىدىغان ھاراق سۈپەت ئىچىملىكلەرنىڭ ھەممىسى ھاراقنىڭ قاتارىدا سانىلىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن «ھەر قانداق مەس قىلىدىغان نەرسە ھارامدۇر».

— مۇقەددەس دىنىمىز، بەرھەق پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ شەنى-
گە داغ چۈشۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ غەيرى مەخسەتلىرىنى ئالغا سۈرگۈچى-
لەر پەيغەمبىرىمىزنى كۆپ نىكاھلىق بولغىنى ئۈچۈن ئەيىپلەپ، ئۇنىڭ نامىغا ھەر
خىل يارىماس پىكىرلەرنى تۇغدۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىشىدۇ. ھالبۇكى ھازىرقى بىز
ياشاۋاتقان جۇمھۇرىيىتىمىزدە كۆپ نىكاھلىق بولۇشقا چەك قويۇلماسلىقىمۇ ئېيتىلىپ
كېلىۋاتىدۇ. ئەسلىدە كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش ئىسلام شەرىئىتى قانۇنلىرى بىلەن ماس-
لىشامدۇ؟

— پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەندىن كېيىن
ئىسلام شەرىئىتىدە زىنا، پاھىشە قىلىش، ئاياللارنى مال - مۈلۈك ئورنىدا كۆرۈش، قۇل قى-
لىپ سېتىشلارنى قەتئىي مەنئىي قىلىپ، ئەرەبلەردە كەڭ تارالغان كۆپ خوتۇنلۇق بو-
لۇش مەسىلىسىنى مۇتلەق ھارام قىلماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا مەلۇم قائىدە - تەرتىپلەرنى
بەلگىلىدى. ئۇ بولسىمۇ كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش ئېھتىياجى تۇغۇلغاندا، ماددىي ئەھۋالى
يار بەرسە بىردىن تۆرتكىچە ئايالنى نىكاھدا تۇتۇشقا رۇخسەت قىلىنىشتۇر. كۆپ خوتۇن-
لۇق بولۇشنىڭ شەرتى: ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتلەردە خوتۇنلىرىنىڭ ھوددىسىدىن
چىقالايدىغان ئىمكانىيەتنىڭ بولۇشى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بارلىق ئىشلاردا ئادىللىق قى-
لىش، ھەممىسىگە ئوخشاش مۇناسىۋەتتە بولۇشتىن ئىبارەت. ئاللا تائالا مۇنداق دەيدۇ:
«ئۆزەڭلار ياقتۇرىدىغان ئاياللاردىن ئىككىنى، ئۈچىنى ۋە تۆرتىنى ئېلىشىڭلارغا بولىدۇ.
ئەگەر ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادىل بولالماسلىقىڭلاردىن قورقساڭلار، بىر خوتۇن بىلەن كۇ-
پايىلىنىسەڭلار بولىدۇ» (نىسا سۈرىسى. 3 - ئايەت).

مۇھەممەت ئەلى سابۇنى ئۆزىنىڭ «ئەھكام ئايەتلىرىنىڭ تەپسىرى» ناملىق كىتاۋى-
دا مۇنداق دەپ يازىدۇ «ھەر قانداق ئىنسانىنىڭ بىلىشى ۋە ئىختىدارىنىڭ يېتىشىچە
ئەمەل قىلىشى كېرەك بولغان كەسكىن ھەقىقەت شۇكى، كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش ئىسلام
دىنىنىڭ ئەۋزەللىكلىرىدىن بىرىدۇر. جەمئىيەتتە ھەل قىلىنىشى قىيىن ئەڭ مۇرەككەپ
مەسىلىلەرنى ئىسلام دىنىنىڭ موشۇ قانۇنلىرىغا سۈيىنىش ئارقىلىقلا ھەل قىلغىلى بولى-
دۇ» جەمئىيەت ئىسلام نەزىرىدە تارازىغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭ ھەر ئىككى تەرىپى
باراۋەر ئۆلچەمدە بولۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. تارازىنىڭ بىر تەرىپى ئەرلەرنى، يەنە بىر تەر-
ىپى بولسا ئاياللارنى تەشكىل قىلىدۇ. ئاياللارنىڭ سان نىسبىتى ئەرلەردىن نەچچە ھەس-
سە كۆپ بولۇپ كېتىپ، تارازىنىڭ تەڭپۈڭلىكى يوقالغاندا بۇ مۇرەككەپ مەسىلىنى قان-
داق ھەل قىلىش كېرەك؟ ئاياللارنى جىسمانىي تۇرمۇش قانائىتىدىن ۋە ئانا بولۇش نېمى-
تىدىن مەھرۇم قىلىپ قويۇش كېرەكمۇ؟ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ياۋروپادا
ئاياللارنىڭ سان نىسبىتى ئەرلەرنىڭكىدىن خېلىلا كۆپ مىقداردا بولۇپ قالغىنىدا يۈز
بەرگەن پاھىشە ۋە رەزىللىك يوللىرىنى نېمە ئارقىلىق توساشقا بولار ئىدى؟ جەمئىيەتنىڭ
پاكلىقىنى ساقلاپ قېلىشتا ئاياللارنى ئۆزىگە بىلگەن سەنەمگە ئۇسسۇل ئوينىشىغا قويۇپ
بېرىش كېرەكمىدى. ياكى ئىسلام شەرىئىتى قانۇنلىرىغا ئائىت ئۇلارنىڭ بىر ئەرنىڭ پې-
شىنى تۇتۇپ، ئابرويلۇق ياشىغىنى ئەۋزەلمىدى؟ خرىستىان دىنىنىڭ تەلىماتىغا ئاسا-
لىنىپ كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشنى مەنئىي قىلىپ كەلگەن گېرمانىيەدە 2 - دۇنيا ئۇرۇ-

شىدىن كېيىن جەمىيەتتىكى يۈز بەرگەن پاھىشىۋازلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ھېچ قانداق چارە تاپالماي، ئاياللارنى بۇ يولدىن توساش، ئاتىسىز باللارنى تاشلىۋېتىش ئېقىمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىسلام دىنىدىكى كوپ خوتۇنلۇق بولۇشقا يول قويۇش قانۇنىنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولغان.

گېرمانىيە دولەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئايال ئوقۇتقۇچىسى دوكتور م. خ. مۇنداق دەپ يازغان: «گېرمانىيە ئاياللىرىنىڭ مۇشكۇلاتلىرىنى ھەل قىلىشنىڭ بىردىن ـ بىر يولى كوپ خوتۇنلۇق بولۇشقا يول قويۇشتۇر. مەن ياراملىق بىر ئەر كىشىگە ئون ئايالنىڭ خوتۇن بولۇشىنى، يارامسىز بىر ئەرنىڭ بىرلا خوتۇنى بولۇشىدىن ئەۋزەل بىلمەن. بۇ مېنىڭ يالغۇز كوز قارىشىم ئەمەس. بەلكى پۈتكۈل گېرمانىيە ئاياللىرىنىڭ بىردەك قارىشى».

ئىسلام دىنى بۇ مۇشكۇلاتنى ئەڭ مۇناسىپ، توغرا يول بىلەن ھەل قىلىپ كەلمەكتە. خرىستىيان دىنى بولسا ئۆزىنىڭ پرىنسىپلىرى ئەمەلگە ئاشمىغان ۋاقىتتا مەجبۇرەن ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلغان ھالدا ئىسلام دىنىدىكى كوپ خوتۇنلۇق بولۇشنى قوللىنىشقا ئوتتۇۋاتىدۇ. ئۇ تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە تۈرلۈك ھاياتىي ئەھمىيەتكە ئىگە. بىرىنچىدىن، ئەر كىشى بىر ئايالغا ئۆيلىنىپ، قالغانلىرىنىڭ ئەرسىز، ئائىلىسىز، پەرزەنتسىز دۇنيادىن ئوتمەسلىكىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئەر كىشى ئۆزى بىلەن نىكاھلانغان باشقا ئاياللىرىنى تۇرمۇش ئېھتىياجىدىن چىقىدىغان بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئەرسىز قالغان ھالەتتە پاھىشىۋازلىق، بۇزۇقچىلىق قىلىشقا ئوتۇدىغان باشقا ئاياللارنى گۇناھلىرىدىن ساقلاپ قالىدىغان بولىدۇ. دېمەك، ئىسلام دىنىنىڭ نىكا مەسىلىسىدىكى قائىدە تەرتىپلىرى كامىل ۋە ئادىلدۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەشۇ ئاساسلارنى كوزدە تۇتۇپ بىر نەچچە نىكالىق بولغانلىقى ئۇنىڭ گۇناھى ئەمەس، ئەكسىچە ئالىي جاناپلىق خۇسۇسىيىتى دەپ قاراش مۇۋاپىق. رەسۇللانىي ئۆزىنىڭ شەخسى ھەۋەسى ئۈچۈن شۇنچە كوپ خوتۇن ئالغان دىگۈچىلەر بۇ ئىشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە سەۋەپلىرىنى بىلمەستىن ئۇنىڭ شەنىگە كەلسە ـ كەلمەس تىل تەككۈزۈشكە ئۇرۇنۇپ ژۈرگەنلەردۇر.

ھازىرقى بىز ياشاۋاتقان ئەمەلىي شارائىتتا ئىسلام شەرىئىتىنىڭ نىكا، ئائىلە ھەققىدىكى بۇ قائىدە ـ تەرتىپلىرى قايتىدىن كىشىلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىۋارىنى قوزغاپ، ئۇ ئايرىم ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتىدۇ. ئەگەر بۇ ئۇمۇمىيۈزلۈك رەسمىيلىشىشكە ئوتسە، ھازىرقى ئىختىسادىي قىيىنچىلىقلار يۈز بېرىۋاتقان ھايات تەرزىمىزدە تۇرمۇش ئېھتىياجىدىن پاھىشىۋازلىق يولىغا بېرىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ تېنىنى سېتىپ، ھارامدىن بولغان پەرزەنتلىرىنى كوچىلارغا، ئەخلەتخانىلارغا تاشلاپ كېتىپ ژۈرگەن قىز ـ جۇۋانلىرىمىز ھالال نىكالىق بولۇپ، بىر ئەرنىڭ پېشىنى تۇتۇپ ھايات كەچۈرگەن بولار ئىدى.

**سوھبەتنى ژۈرگۈزگەن ساۋۇت ئىسكەندەرىي.**

**«يېڭى ھايات» 1998 ـ ژىل، 28 ـ فېۋرال**

# زاكات ـ مۇھىم ئىجتىمائىي ئىبادەت

**— مۇھەممەد يۇسۇپ، ئىسلام دىنى دۇنياغا كەلىشتىن باشلاپ، ئۇلۇغ رامازان ئېيىدا زاكات بېرىش مۇسۇلمانلارغا پەرز بولۇپ كەلگەن. شۇ ھەقتە قىسقىچە ئېيتىپ ئۆتسىڭىز؟**

— زاكات ـ ئىسلام دىنىدا نامازدىن كېيىنلا بۇيرۇلغان ئەڭ ئەھمىيەتلىك بولغان ئىجتىمائىي ئىبادەتتۇر. قۇرئان كەرىمدە زاكات «زاكات»، «سەدىقە»، «نەفەكە» دېگەن ئاتالغۇلار بىلەن بايان قىلىنىپ كەلمەكتە. بەقەرە سۈرىسىنىڭ ئۈچىنچى ئايىتىدە ئاللا مومۇن، تەقۋا زاتلارنى تەرىپلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار غايىپقا ئىشىنىدۇ، نامازنى ئادا قىلىدۇ، ئۇلار بىز بەرگەن مال ـ مۈلۈكتىن (خۇدا يولىغا) سەرىپ قىلىدۇ».

ئاللا مۇسۇلمانلارنى زاكاتنى ئادا قىلىشقا ئەمر قىلىپ، مەزكۇر سۈرىنىڭ 110 ـ ئايىتىدە يەنە مۇنداق دەيدۇ: «نامازنى ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، ئوزەڭلار ئۈچۈن ئىشلىگەن ھەر قانداق ياخشى ئەمەل بولسا، ئاللانىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ سوۋاۋىنى تاپىسىلەر».

**— زاكات بېرىش ئىسلام دىنىدىن باشقا ساماۋىي دىنلاردىمۇ پەرز بولغانمۇ؟**

— زاكات ـ پېقىر، يوقسۇللارغا ياردەم قىلىشتىن ئىبارەت بولغان، ئاددىي مەنادا پۈتۈن ساماۋىي دىنلارنىڭ شەرىئەتلىرىدە پەرز قىلىنىپ كەلگەن ئومۇمىي بىر ئىبادەت. قۇرئان كەرىم زاكات ھەققىدە ئاللانىڭ پەيغەمبەرلەرگە قىلغان تەۋسىيەلىرىنى بايان قىلغان. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، ئۇنىڭ ئوغلى ئىسھاق ۋە نەۋرىسى ياقۇپ ئەلەيھىسسالاملار ھەققىدە ئەنبىيا سۈرىسىنىڭ 73 ـ ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارنى بىزنىڭ ئەمرىمىز بويىچە (كىشىلەرنى بىزنىڭ دىنىمىزغا) يېتەكلەيدىغان پېشۋالار (يەنى پەيغەمبەرلەر) قىلدۇق. ئۇلارغا بىز ياخشى ئىشلارنى قىلىشنى، ناماز ئوقۇشنى، زاكات بېرىشنى ۋەھىي قىلدۇق».

ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى مەدھىيىلەپ، مەريەم سۈرىسىنىڭ 55 ـ ئايىتىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرنى ناماز ئوقۇشقا، زاكات بېرىشكە بۇيرايتتى». شۇنداقلا بەقەرە سۈرىسىنىڭ 83 ـ ئايىتىدە ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئېلىنغان ئەھدە توغرىلىق مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئوز ۋاقتىدا بىز ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئاللادىن باشقىغا ئىبادەت قىلماسلىققا، ئاتا ـ ئانىغا، خىش ـ ئەقرىبالارغا، يېتىملارغا، مىسكىنلەرگە ياخشىلىق قىلىشقا، كىشىلەرگە ياخشى سوز قىلىشقا، ناماز ئوتەشكە، زاكات بېرىشكە ئەھدە ئالدۇق».

ئامما ئىسلام دىنىدا پەرز قىلىنغان زاكات ئالاھىدە يېڭى بىر نىزامدۇر. ئىلگەركى ساماۋىي دىنلارنىڭ ھەممىسىدە زاكات پەرز قىلىنغان بولسىمۇ، ئىسلام دىنىدا پەرز قىلىنغان زاكاتنىڭ دائىرىسى، مەخسەت ـ غايىلىرى ئىنتايىن كەڭ ۋە كوپ، ھېكمەتلىرى ناھايىتى مولدۇر. ھېچ قانداق بىر دىن، ھېچ قانداق بىر يەرلىك قانۇن ئۇنىڭغا يېتەلمەيدۇ. ئىسلام دىنىدىكى زاكات ـ ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرى، ئىمانىنىڭ كېرەكلىك بولغان مۇھىم ماددىلىرىنىڭ بىرى. ناماز ئوقۇش بىلەن بىللە زاكاتنى ئادا قىلىش ۋە ئاللانىڭ بىرلىكىگە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بەرھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە گۇۋا-

لىق بېرىش ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكىنىڭ ئۇنۋانىدۇر ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ئارا قېرىنداش ئىكەنلىكىنىڭ ئەمەلىي ئىسپاتىدۇر. قۇرئان كەرىمنىڭ تەۋبە سۈرىسىنىڭ 11 ـ ئايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: «ئەگەر ئۇلار تەۋبە قىلسا، ناماز ئوقۇسا، زاكات بەرسە دىنىي جەھەتتىن سىلەرنىڭ قېرىندىشىڭلار بولىدۇ».

**ـ ئىسلام دىنىدىكى زاكات بېرىش ھەققىدە ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتسىڭىز؟**

ـ زاكات ئىسلام دىنىدا شۇنداق بىر پەرزكى، ئۇنى ئادا قىلغان كىشى مۇسۇلمانلىقىنىڭ پەرزىنى ئادا قىلغان بولىدۇ، ئۇنىڭ پەرز ئىكەنلىكىگە ئىنكار قىلغان كىشى كاپىر بولىدۇ. ئۇنى ئادا قىلىشتىن باش تارتقان كىشى قاتتىق گۇناكار بولىدۇ.

ئىسلام دىنىدىكى زاكات ـ بايلارنىڭ يوقسۇللارغا ياخشىلىق قىلىش يۈزىسىدىن قىلىدىغان ئىنئامى ياكى ئۆز ئىختىيارىدىكى ئىنسانىي ياردىمى ئەمەس، بەلكى زاكات ئىسلام دىنىنىڭ ئىختىسات قانۇنىنىڭ مۇھىم بىر پارچىسىدۇر. ئىسلام قانۇنى بويىچە زاكاتنى بايلاردىن دۆلەتنىڭ ئۆزى ئالىدۇ، ئاندىن ئېھتىياجلىق كىشىلەرگە ئۆزى بېرىدۇ. زاكات ئېلىشتا بىچارە ـ يوقسۇللارنىڭ بايلار ئالدىدا قىسىنچىلىقتا قېلىش ئوخشاش خىجالەتلەر يۈز بەرمەيدۇ. بايلارمۇ زاكات بەردۇق دەپ يوقسۇللارغا تەكەببۇرلۇق ۋە مىننەت قىلالمايدۇ. چۈنكى ئۇلار بەرگەن زاكات ئارقىلىق ئاللا بەرگەن مال ـ مۈلۈكتىن ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن يوقسۇللارنىڭ ھەققىنى بېرىدۇ. يەر يۈزىدە نامراتلىق ۋە يوقسۇللۇقنىڭ مۇشكۈلاتلىرىدىن ھەل قىلىشتا ھېچ قانداق يېتەرلىك قانۇن ـ نىزام ئىجات قىلىنمىغان چاغلاردىن باشلاپ، ئىسلام دىنى ئىنسانىيەت ھاياتىدىكى بۇ قىيىنچىلىقلارنى زاكاتتىن ئىبارەت موشۇ نىزام ئارقىلىق ھەل قىلىپ كەلمەكتە.

**ـ زاكات دېگەن سوز قانداق مەنانى بىلدۈرىدۇ؟**

ـ زاكات سوزى ئەرەب تىلىدا پاكلاش ۋە ئوستۇرۇش دېگەن، ئىككى مەنانى بىلدۈرىدۇ. ئىسلام دىنى بۇ ئىككى مەنانىڭ ھەر ئىككىلىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن بۇ ئورۇندا زاكات سوزىنى ناھايىتى ھېكمەتلىك ھالدا تاللىغان.

زاكات ـ پاكلاش مەناسى بىلەن بايلارنى بېخىللىقنىڭ كىرلىرىدىن پاكلايدۇ. مەرتلىك ھەر قانداق مىللەتكە ئېسىل ئەخلاقتۇر، بېخىللىق بولسا ھەر قانداق مىللەتتە رەزىل خۇلۇقتۇر. بېخىللىقنىڭ ئەڭ يامان بولغان رەزىللىكى شۇكى، ئۇ كاھىدا كىشىلەرنى پۇل ـ مالغا بېخىللىق قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىرىنى ھالاك قىلىشقا، نومۇسلىرىنى بۇلغاشقا، پۇل ـ مېلى ۋە جېنىغا بېخىللىق قىلىپ، ۋەتىنىنى سېتىپ قويۇشلىرىغا سەۋەپ بولىدۇ. تارىخ شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بېخىللىقتا ئادەتلەنگەن ھەر قانداق ئىنسان ۋە ھەر قانداق جەمىيەت نىجات تاپقان ئەمەس. شۇڭا ئاللا قۇرئان كەرىمنىڭ تەغابۇت سۈرىسىنىڭ 11 ـ ئايىتىدە شۇنداق دېگەن: «ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەخسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر». بۇ ئايەتتىكى مەخسەتكە يېتىش ـ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك مەخسەتلەرگە يېتىش دېمەكتۇر.

زاكات ـ پاكلاش مەناسى بىلەن يوقسۇللارنى، ۋىتىم ـ يېسىرلارنى ئاللا بەرگەن پۇل ـ مالدىن ئۇلارغا چىقىم قىلىشقا بېخىللىق قىلىدىغان بايلارغا بولغان ئۆچلۈك، ئاداۋەت ۋە

ھەسەتلەردىن پاكلايدۇ. شۇنداقلا زاكات – پاكلاش مەناسى بىلەن يەنە جەمىيەتنى يوقسۇللار بىلەن بايلارنىڭ ئارىسىدا يۈز بېرىدىغان زىددىيەتلەردىن، توقۇنۇشلاردىن ۋە قان توكۈشلەردىن پاكلايدۇ. زاكات – پاكلاش مەناسى بىلەن يەنە بايلارنىڭ پۇل – ماللىرىنى يوقسۇللارنىڭ ھەقلىرىدىن پاكلايدۇ. زاكات يوقسۇللارنىڭ ھەققى. بىراق ئۇ بايلاردىن زورلۇق بىلەن ئېلىنمايدۇ. بەلكى ئۇنى بايلار ئۆز خاھىشى بىلەن ئاللانىڭ ئەمرىنى ئادا قىلىۋاتىمەن دېگەن نىيەت بىلەن مەمنۇنىيەت ئاساسىدا بېرىدۇ. زاكات – پاكلاش مەناسى بىلەن يەنە زاكات بەرگۈچىنى گۇنالىرىدىن پاكلايدۇ. چۈنكى زاكات بېرىش ئىبادەتتۇر. ھەر قانداق بىر ئىبادەتنى دۇرۇس ئادا قىلغان كىشىنىڭ گۇنالىرى بۇ ئىبادەتنىڭ يۈزىسىدىن ئۆچۈرۈلىدۇ. زاكات، زاكات بەرگۈچىنىڭ مال – دۇنياسىنى ئۆستۈرىدۇ ۋە كۆپەيتىدۇ.

**– مۇھەممەد يۈسۈپ، زاكات زاكات بەرگۈچىنىڭ مال – دۇنياسىنى ئۆستۈرۈپ، كۆپەيتىدۇ دېدىڭىز. شۇ ھەقتە ئېيتىسىڭىز؟**

– زاكات ئۆستۈرۈش ۋە كۆپەيتىش مەناسى بىلەن زاكات بەرگۈچىنىڭ مال – دۇنياسىنى بەرىكەت بىلەن ئۆستۈرىدۇ ۋە كۆپەيتىدۇ. بەزى كىشىلەر زاكات بېرىش بىلەن مال - دۇنيا ئازايماستىن قانداق كۆپىيىدۇ، دەپ ھەيران بولۇشى مۇمكىن. لېكىن تەجرىبىلەر بېشىدىن ئۆتكەن كىشىلەر بىلىدۇكى، زاكات بېرىلگەن مال – دۇنيادىكى ۋاقىتلىق كېمىيىش بولسا تاشقى جەھەتتىكى شۇنداق بىر كۆرۈنۈشتۇر. ئامما ھەقىقەتتە بۇ كېمىيىشنىڭ ئارقىسىدا كۆپىيىش ۋە بەرىكەت باردۇر. كىشىلەرگە بېرىلگەن ئاز مىقداردىكى زاكات ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ كۆپىيىپ كېلىدۇ. بەزى چوڭ دۆلەتلەر ئامرات ئەللەرگە ئاللا يولىدا ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ تۆۋارلىرىغا (ماللىرىغا) خېرىدار ئىزدەش مەخسىتى بىلەن ھەر ژىلى كۆپ مىقداردا ياردەم قىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇ چوڭ دۆلەتلەر بوھرانغا ئۇچرىماي، بەلكى ئىختىسادى ھەسسىلەپ كۆتىرىلمەكتە. ئاللا بۇ ھەقتە سەبا سۈرىسىنىڭ 39 – ئايىتىدە مۇنداق دېگەن: «بەرگەن نەرسەڭلارنىڭ ئورنىنى ئاللا تولتۇرۇپ بېرىدۇ».

زاكات – ئۆستۈرۈش مەناسى بىلەن يەنە زاكات بەرگۈچىنىڭ مەنىۋىي شەخسىيىتىنى ئۆستۈرىدۇ. باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ غېمىنى يەيدىغان ئىنسان ئۆزىنىڭ كۆكسى - كۆڭلىنىڭ كەڭەيگەنلىكىنى ۋە قولى ئۇزۇن، روھى ئۈستۈن بولۇپ كۆتىرىلگەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ ۋە ئۆزىنى جەڭدە يەڭگەن كىشىدەك غەلىبە قىلغىنىنى بىردىن ھېس قىلىدۇ.

زاكات ئۆستۈرۈش مەناسى بىلەن يەنە يوقسۇللارنىڭ ۋە يېتىم - يېسىرلارنىڭمۇ شەخسىي مەنىۋىيىتىنىمۇ ئۆستۈرىدۇ. چۈنكى ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنى جەمىيەتتە يۆلەكچىسىز، بىچارىلىككە يارىتىلغان، دەپ ھېس قىلىپ ھاياتتىن ئۈمۈتسىزلەنمەستىن، بەلكى بۇرادەرلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ ژۈكىنى يېنىكلىتىدىغانلىقىنى، قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشقا ياردەملىشىدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇدە، ئۆزلىرىنى بەختلىك ھېس قىلىدۇ.

زاكات ھەر ئىككى مەناسى بىلەن ئىجتىمائىي پاراۋەنلىكنى توغداشنىڭ ۋاستىسىدۇر. ئىسلام دىنى ئىسلامغا ئېتىقات قىلىدىغان قانداقلا بىر جەمىيەتتە يېتىم - يېسىر، بىچارە

كەمبەغەللەرنىڭ بولۇپ قېلىشىنى قەتئىي خالىمايدۇ ۋە يول قويمايدۇ. مۇسۇلمان كىشى هاياتتا كېرەكلىك بولغان ئېھتىياجلارنى قامداش ئۈچۈن ئۆز مېھنىتى ۋە ئۆز كەسپى بىلەن ئىشلەشكە بۇيرۇلغان. ئىشسىزلىقتىن ياكى ئاغرىقچانلىقتىن ئىشلەشكە قادىر بولالمىسا، جەمئىيەتتىكى مۇسۇلمانلار جامائەسى ئۇنىڭ بۇ ئېھتىياجلىرىنى ھەل قىلىشقا ياردەملىشىشكە بۇيرۇلغان. زاكات ئەينى شۇنداق پاراۋەنلىك ۋە باراۋەرلىك جەمئىيىتىنىڭ كاپالىتىدۇر.

**— دېمەك، زاكات بېرىشنىڭ ئىجتىمائىي پايدىسىنىڭ شۇنچە كوپ ئىكەنلىكىنى، بەلكىم، باشقا دىندىكىلەرمۇ ئېتىراپ قىلسا كېرەك؟**

— باشقا دىندىكى ئېۋروپا ئالىملىرىمۇ ئىسلام دىنىدىكى زاكاتنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە توۋەندىكىچە ئېيتقان:

لېيۇدوروۋ مۇنداق دېگەن: «پۈتۈن دۇنيانى ئازارە قىلىۋاتقان ئىككى مۇشكۇلنى ئىسلام دىنىنىڭ ھەل قىلغانلىقىنى بايقىدىم. ئۇنىڭ بىرى قۇرئاندىكى «ھەقىقەتەن مۆمىنلەر قېرىنداشلاردۇر» دېگەن دەستۇر. يەنە بىرى، مال - مۈلۈك ئىگىسىنىڭ ھەممىسىگە زاكاتنىڭ پەرز قىلىنغانلىقىدۇر. مەشھۇر يازغۇچى ماركوسمۇ مۇنداق دېگەن: «ئىسلام دىنىدىكى زاكات مۈلۈك ساھىبى بولغان پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا بۇيرۇلغان دىنىي باج بولۇپ، ئۇ ئىجتىمائىي قانۇندۇر. ئۇ ئىسلام دۆلىتىنىڭ يوقسۇللارنى يولەشتىكى مەنبەسىدۇر. زاكات ئادىل قانۇن بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدا بايلارغا ئېتىۋار قىلىش يوقتۇر. بۇ قانۇننى ئىنسانىيەت تارىخىدا بىرىنچى بولۇپ ئىسلام دىنى ئىجات قىلغان. بۇ قانۇن ئادىل ۋە شەپقەتلىك بىر جەمئىيەتنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىسلام دىنىنىڭ بۇ قانۇنى ھېكمەت ئۈستىگە قۇرۇلغان». شۇنداقلا ماسنيۇن مۇنداق دېگەن: «ئىسلام دىنىدا ھەر قانداق بىر جەمئىيەتتە تەڭلىكنى، پاراۋەنلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا يېتەرلىك قانۇن باردۇر. ئۇ بولسىمۇ ئىسلام دىنىدىكى زاكاتتۇر...».

ئىسلام دىنى — زاكات بېرىلىدىغان ماللارنى، زاكات بېرىشكە تېگىشلىك بولىدىغان ئۆلچەمنى، زاكاتنىڭ قاچان بېرىلىدىغانلىقىنى، قانچىلىك بېرىلىدىغانلىقىنى، قانداق كىشىلەرگە زاكاتنىڭ پەرز بولىدىغانلىقىنى ۋە كىملەرگە بېرىلىدىغانلىقىنى تەپسىلىي ۋە ئېنىق ھالدا بەكىتكەن.

**— شۇنداق ئىكەن، قانداق ئادەمگە زاكات بېرىش كېرەك. ئۇ قانچىلىك مىقداردا بولۇش كېرەك؟**

— ئاشلىق، مېۋە قاتارلىق زىرائەتلەردىن ئىنسان كۈچى بىلەن ئەمەس، يامغۇر بىلەنلا سۇغىرىلغان بولسا، يۈزدىن ئونى زاكات بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم كۈچى بىلەن مېھنەت قىلىپ سۇغىرىلغان بولسا يۈزدىن بەشى زاكات بېرىلىدۇ. ئالتۇن، كۈمۈچ، قەغەز پۇل ۋە تىجارەت مېلى قاتارلىق مۈلۈكلەردىن يۈزدىن 2,5 زاكات بېرىلىدۇ. ئەندى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر سىيىر، توگە، قوي قاتارلىق ھايۋانلاردىن، سىيىرى ئوتتۇزغا يەتسە ئۇنىڭدىن ئىككى ياشلىق موزايدىن بىرىنى، توگىسى بەشكە يەتسە بىر قوي، قويى قىرىققا يەتسە ئۇنىڭدىن بىر قوينى زاكات بېرىشى پەرزدۇر.

مۇسۇلمان، ئاقىل، بالىغ، ئۆز ئېھتىياجىدىن تاشقىرى ھالدا مال ـ دۇنياسى بولۇپ، زا-
كات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتكەن ۋە تولۇق ئىگىدارلىق قىلىدىغان مال ـ مۈلۈككە ئىگە بولغاندىن باشلاپ بىر
يىل ئۆتكەن كىشىگە زاكات بېرىشى پەرزدۇر. شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئائىلە ئېھتىياجىدىن
تاشقىرى 85 گرامم ئالتۇن كەلگىدەك مال ـ دۇنياغا ئىگە بولغان كىشىگە زاكات بېرىش
پەرزدۇر.

ئەندى زاكات كىملەرگە بېرىلىدۇ دېگەندە، بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمنىڭ تەۋبە سۈرىسى-
نىڭ 60 ـ ئايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: «زاكات پەقەت پېقىرلارغا، مىسكىنلەرگە (تۇ-
رۇشقا جايىمۇ بولمىغان ئەڭ ئېھتىياجلىق بېچارىلەر)، زاكات خادىملىرىغا، دىللىرىنى ئىس-
لامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا، قۇللارنى ئازات قىلىشقا، قەرزدارلارغا، ئاللانىڭ
يولىغا، ئىبنى سەبىل (مۇساپىرلارغا) بېرىلىدۇ. بۇ ئاللانىڭ بەلگىلىمىسىدۇر».

**ـ پىتىر ـ سەدىقىنىڭ زاكات بىلەن ئايرىمچىلىقى قانداق؟**

ـ پىتىر ـ سەدىقىسى زاكات بېرىشكە تېگىشلىك مال ـ مۈلۈككە ئىگىدار بولغان مۇسۇل-
مان، ئاقىل، بالىغ كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە ۋاجىپتۇر. پىتىر ـ سەدىقىسى ھەر بىر ئائىلى-
دىكى جان ئېگىسىدىن بېرىلىدۇ. ھەر بىر كىشىنىڭ بېرىشكە تېگىشلىك بولغان پىتىر ـ
سەدىقىسىنىڭ مىقدارى 3 كىلوگرامم بۇغداي ياكى ئۇنىڭ ئاخچىسى ھېساۋىدا بېرىلىدۇ.
پىتىر ـ سەدىقىسىنى ئادا قىلىشنىڭ ۋاقتى روزا ھېيت نامىزىنى ئوقۇشتىن بۇرۇن بولى-
دۇ. كېچىكىپ قالسىمۇ كېيىن ئادا قىلسا بولۇۋېرىدۇ.

**سوھبەتلەشكەن ئالىمجان باۋدىنوۋ.**
**«ئۇيغۇر ئاۋازى» 1997 ـ يىل، 31 ـ يانۋار**

# ئاللانىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئەقلىي دەلىللەر

ئىسلام دىنىنىڭ ھەقلىقى، ئاللانىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكى خۇددى ئاسماندىكى قۇياشتەك ھەر كىمگە ئوچۇق مەلۇم بولسىمۇ، ئىنسانلارنىڭ بىلىش، كۆرۈش ۋە چۈشىنىش ئىقتىدارى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، بەزى كىشىلەر بۇ ھەقىقەتلەرنى چۈشىنىپ يېتىشتىن مەھرۇم قالماقتا. شۇڭا ئەتراپىمىزدا ھەر ۋاقىت نامايەن بولۇپ تۇرۇپ، ئاللانىڭ بارلىقىغا، بىرلىكىگە ئىشارەت قىلىۋاتقان سانسىز ئالامەتلەردىن چەكلىك ئەقلىمىز بىلەن ئىدرەك قىلىپ بىلەلىگەن ۋە چۈشىنەلىگەن ئاز سانلىقى دەلىللەردىن بىر قانچىسىنى ھاۋالە قىلىمىز.

بارنىڭ ئىسپاتى يوقنىڭ ئىسپاتىدىن ھېمىشەم ئاسان. بىر ئالىمنىڭ يەر يۈزىدە موجۇت ئېكەنلىكىنى شۇ ئالىمنى كۆرسىتىش ئارقىلىق ئىسپاتلاشقا بولىدۇ. ھالبۇكى، يوق نەرسىنىڭ يوقلۇقىنى داۋا قىلغان كىشى پۈتكۈل يەر يۈزىنى، ھەتتا كائىناتنى ئايلىنىپ ئاخىرى ئۇنىڭ ئەمەلىياتتا يوق ئېكەنلىكىنى ئىسپاتلالايدۇ. بۇ ئىمكانسىزلىقنىڭ ئۈستىگە بىر قىيىن ئىش دېمەكتۇر. شۇڭلاشقا يوق نەرسە ھېچ قاچان ئىسپاتلىنالمايدۇ. بىر نەرسىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلىغان ئىككى كىشى مىڭلارچە ئىنكار قىلغۇچىلارنى يېڭىپ چىقىدۇ. ھەر قانداق نەرسىنى ئىسپاتلىغۇچى ئۇنى ئىنكار قىلغۇچىلاردىن كۈچلۈكتۇر. ئىسپاتلىغانلىق - بىلگەنلىك، ئىنكار قىلغانلىق - بىلمىگەنلىكتۇر. ئاللا تائالا قۇرئاندا كىشىلەرنى ئەقىل ئىشلىتىپ، ھەقىقەتلەرنى چۈشىنىشكە چاقىرىپ: «ئىبرەت ئېلىڭلار ئېي ئەقىل ئېگىلىرى! سىلەر ئەقىل ئىشلىتىپ بۇ ھەقىقەتلەرنى چۈشەنمەمسىلەر؟»، دېگەن ئايەتلەرنى تەكرار بايان قىلغان. بىز قۇرئاننىڭ چاقىرىقىغا قۇلاق سېلىپ، ئەقلىمىزنى ئىشلىتىپ كۆرەيلى.

## 1. مۇمكىنلىك دەلىلى

ئالەمنىڭ موجۇتلۇقى ئۇنىڭ بولۇشى ياكى بولماسلىقى مۇمكىن بولغان موجۇداتلارنىڭ قاتارىدا تۇرىدۇ. يەنى ئالەم موجۇت بولۇپ تۇرغىنىدەك، ئۇنىڭ موجۇت بولماسلىقى ئېھتىمال ئىدى. بىراق ئالەم موجۇتتۇر. موجۇت بولۇش ياكى موجۇت بولماسلىقى ئېھتىمال سانالغان ھەر قانداق نەرسە ئۆزىنىڭ تاشقىرىسىدىن بىرەر سەۋەپكە مۇھتاجدۇر. دۇنيادا ھېچ قانداق نەرسە سەۋەپسىز ۋۇجۇتقا كەلمەيدۇ. ۋۇجۇتقا چىقىشى ياكى چىقماسلىقى ئېھتىمال بولغان بۇ ئالەمنىڭ ۋۇجۇتقا چىقىشىنى ئىختىيار قىلغان بىرەر سەۋەپ چوقۇم باردۇر. ئۇ بولسىمۇ ئاللا تائالا. دۇنيادا موجۇتلۇقى زورۇر بولغان بىرلا زات بار. ئۇ ئاللادۇر. ئاللادىن باشقا ھېچ بىرىنىڭ موجۇتلۇقى زورۇر ئەمەس، بەلكى مۇمكىن، ئېھتىمالدۇر.

## 2. يارىتىلىش دەلىلى

ئالەم ھېمىشەم ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئۆزگەرگەن ھەر قانداق نەرسە ئەزەلدىن بار بولماستىن، بەلكى كېيىن پەيدا بولغان نەرسىلەردۇر. بۇ قائىدىگە ئاساسەن ماددا ئەزەلدىن بار بولغان بىر نەرسە ئەمەستۇر. ماددىنىڭ تېرمودىنامىكىلىق قانۇنىغا كۆرە ئۇنىڭ ھېمىشەم تېزلا يوقىلىشقا يۈز تۇتۇشى، كائىناتنىڭ تۇرماستىن كەڭىيىشى، قۇياشنىڭ تېز سۈرئەتتە ئۆز ماددىلىرىنى تۈگىتىشكە قاراپ يول ئېلىشى ئوخشاش ۋاقىئەلەر موجۇداتنىڭ ئەزەلدىن موجۇت بولماستىن، بەلكى كېيىن پەيدا بولۇش ئارقىلىق بىر باشلىنىش دەۋرىنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە. ئەزەلدىن موجۇت بولماي، كېيىن پەيدا بولغان ھەر قانداق نەرسىنىڭ پەيدا قىلغۇچىسى باردۇر. سەۋەپسىز نەتىجە، سەنئەتكارسىز سەنئەتنىڭ مەيدانغا چىقىشى مۇمكىن بولمىغاندەك، ئەزەلدىن موجۇت بولمىغان ۋە بىر ئاۋالقى سەۋەپكە مۇھتاج بولغان موشۇ ماددا ئالەمنىڭ پەيدا قىلغۇچىسى باردۇر. ئۇ ئاللادۇر.

## 3. ھايات دەلىلى

ھايات سۈزۈك بىر مۇئەممادۇر. ئۇ تاشقى كۆرۈنۈشكە قاراپلا چۈشەندۈرۈشكە بولمايدىغان شەكلەن مۇرەككەپ مۇئەممادۇر. ئۇ بىۋاستە ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. ھايات شۇنداق بىر مۇئەمما بولۇشى بىلەن ئىلىم ساھاسىدىكى كىشىلەرنى ھېمىشەم ئۆزىگە جەلىپ قىلىپ كېلىۋاتقان سىرلىق موجۇداتتۇر. ھايات ئادەتتە ئۆز تىلى بىلەن «مېنى بار قىلىپ ياراتقان پەقەت ئاللادۇر»، دەپ جاكالىماقتا.

## 4. ئىنتىزام دەلىلى

ھەر قانداق نەرسە ئۆز پارچىلىرى بىلەن بىر تەڭپۇڭلۇق ۋە پۈتۈنلۈك ئىچىدە بولغىنىدەك، بارلىق كائىناتمۇ ئۆزىنى بارلىققا كەلتۈرگەن موجۇدىيەت پارچىلىرى بىلەن بىر تەڭپۇڭلۇق ۋە بىر پۈتۈنلۈك ئىچىدە داۋام قىلماقتا. بۇ، دېمەك، كائىناتتا ۋە ھەر قانداق موجۇداتتا بىر مۇكەممەل ئىنتىزام ۋە نىزامنىڭ بارلىقىنى كۆرسەتكەن ئۆلمەس بىر دەلىلدۇر. كائىناتتىكى نىزام ۋە ئىنتىزام ئۆزىنى تۈزگۈچى ۋە پىلانلىغۇچى بىر زاتتىن ئۇچۇق دالالەت بېرىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ئاللادۇر. بۇ نىزام ۋە ئىنتىزاملارنى ئاللا تۈزمىگەن بولسا، ئەقىلسىز، كور تەبىئەت ياكى كائىنات قانداقمۇ ئۇلارنى تۈزەلىسۇن.

## 5. سەنئەت دەلىلى

ئاتومدىن ئىنسانغىچە، ھوجەيرىلەردىن گالاكتىكىغىچە بولغان پۈتكۈل كائىناتتا نازۇك ۋە ئەجايىپ بىر سەنئەت باردۇر. ئۇلار ھېمىشەم كۆز ئالدىمىزدا ئۆزلىرىنى نامايەن قىلماقتا. بۇ سەنئەتلەر ھەممىسى چوڭ، قىممەتلىك، كۆپ، ھەر خىل ۋە ئۈزۈلمەيدىغان ئەجايىپ بىر سەنئەتلەردۇر. ئۇلار ئۆزلىرىدىكى شەكىل ۋە مۇكەممەللىكلىرى بىلەن ئۆزلىرىنى ئىجات قىلغان بىر كەشپىياتچىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ئاللادۇر.

## 6. ھېكمەت ۋە غايە دەلىلى

ھەر قانداق بىر موجۇداتتا ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس بىرەر مەخسەت، غايە، بىرەر پايدا ۋە بىـ
ـرەر نەتىجە كۆزدە تۇتۇلغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. ئۇلارنىڭ ھېچ بىرسىدە مەناسىزلىق ياـ
ـكى پايدىسىزلىق كۆرۈلمەيدۇ. ھالبۇكى، مۇنداق مەخسەت، غايىلەرنى ۋە نەتىجىلەرنى
كۆزدە تۇتۇش ۋە پىلانلاش ئۈچۈن نەرسىلەر ئالىمدە ياكى ھايۋانات دۇنياسىدا ۋە ياكى
ھادىسىلەر ئالىمىدە تۇيغۇ ۋە ئەقىل ئىدرەك موجۇت ئەمەستۇر. شۇنداق ئىكەن، كائىناتـ
ـتىكى بۇ ئادىللانە ھېكمەتلىك ئىشلارنى ۋە مەخسەت، غايىلەرنى پىلانلىغۇچى كىم؟ ئۇ
ئاللادۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر ئاللاغىلا مەنسۇپ قىلىش ئارقىلىق ئەقىلگە مۇۋاپىق
بىر يول تۇتالايمىز.

## 7. شەپقەت ۋە رىزىق دەلىلى

بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ، بولۇپمۇ ئىنساننىڭ ئېھتىياجى تۈگىمەيدىغان ئېھتىياجدۇر.
بارلىق ئېھتىياج ئىگىلىرىنىڭ ئېھتىياجلىرى كۈتۈلمىگەن شەكىلدە كىمنىڭ نېمىگە قانچىـ
ـلىك ئېھتىياجدا بولسا، شۇ مىقداردا بېرىلمەكتە. ئېھتىياج ئىگىلىرىگە ياردەم قولىنىڭ يېـ
ـتىشى ۋە بۇ ياردەملەرنى ئېھتىياجلارنى ئۆلچەپ قويغاندەك ھەل قىلىشى شۇنى ئىسـ
ـپاتلايدۇكى، بۇ بارلىق ئېھتىياجلاردا ئۆزىمىزگە ئەڭ يېقىن بىر شەپقەتلىك قولنىڭ جاـ
ـۋاپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈمىز. كائىناتتا داۋام قىلىۋاتقان ۋە مەڭگۈ شۇنداق داۋام قىلىدىـ
ـغان بۇ سىستېمىلىق شەپقەت ۋە رىزىقلاندۇرۇش بارلىق نۇقسان ۋە كەمچىلىكلەردىن
پاك بولغان قۇدرەتلىك، كامالەتلىك ئاللا تەرىپىدىن ئەمەلگە ئېشىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتـ
ـمەكتە.

## 8. ياردەملىشىش دەلىلى

بىر ـ بىرىگە ئەڭ يېقىن مەخلۇقاتلاردىن تارتىپ ئەڭ ژىرىغىغىچە بىر ـ بىرىگە ياردەمـ
ـلىشىدۇ. ئوتتۇرىسىدا ھېچ بىر مۇناسىۋەت بولمىغان ئىككى ئايرىم جىنس بۇ ياردەملىـ
ـشىشتە بىر پۈتۈن نەرسىنىڭ پارچىلىرىغا ئوخشاش ھالدا بىر ـ بىرىنى پۈتۈنلەپ تەككاـ
ـمۇللاشتۇرىدۇ. دۇنيادىكى بارلىق مەخلۇقاتلارغا قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى
بىر ـ بىرىدىن مەنپەئەتلىنىش، بىر ـ بىرىگە ياردەملىشىش يولىدا ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆـ
ـرۈمىز. ئەقىل ۋە ھىس ـ تۇيغۇغا ئىگە بولمىغان بۇ مەخلۇقاتلارنىڭ ھەيران قالدۇرارلىق
پائالىيەتلىرى پەردە ئارقىسىدىكى بىر زاتنىڭ ھېكمەتلىك پائالىيەتلىرىنى كۆز ئالدىمىزدا
نامايەن قىلماقتا. ئۇ ئاللا تائالادۇر.

## 9. ئوخشىماسلىق دەلىلى

دۇنيادىكى ھەر بىر ئىنساننىڭ نىشانىسى ۋە پەرقى ئۇنىڭ ئەڭ ئىنچىكە ۋە كىچىك
تۈرلىرىگىچە ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن مىلياردلارغىچە ئىنساننىڭ ھېچ بىرىگە قەتئىي
ئوخشىمىغاندەك، ئۆز زامانىسىدىكى ئىنسانلارنىڭ ۋە كېيىنكى كېلىدىغان ئىنسانلارنىڭ

ھېچ بىرىگىمۇ ئوخشىمايدۇ. ھەتتا بارماقلىرىنىڭ ئىزلىرىمۇ بىر - بىرىنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. ھەر بىر ئىنساننى مۇنداق ئۆزىگە خاس قىلىپ يارىتىش پەقەت ئاللا تائالانىڭلا قولىدىن كېلىدۇ.

## 10. جان ۋە ۋىژدان دەلىلى

ماھىيىتىنى بىلمىسەكمۇ، بارلىقىدىن ھېچ شۈبھە قىلمايدىغان جېنىمىز ۋە ۋىژدانىمىزنىڭ تېنىمىزدە ھۆكۈم سۈرۈشى ئاللانىڭ بارلىقىنى بىلدۈرىدىغان دەلىللەرنىڭ بىرىدۇر. جېنىمىزنى كۆرمەستىن ۋە ماھىيىتىنى بىلمەستىن، ئۇنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلغىنىمىزدەك ۋە بارلىقىغا ھېچ شۈبھە قىلالمىغىنىمىزدەك، ئاللانى كۆرمىسەكمۇ ئۇنىڭ قانداق كەيپىياتتا ئىكەنلىكىنى ئىدراك قىلالمىساقمۇ، ئۇنىڭ بارلىقىغا، ئەقىل ئىگىسى بولساق ھېچ شەك كەلتۈرەلمەيمىز. بىزدە ۋىژدان، كۆڭۈل بار دەيمىز. ئامما ئۇنى كۆرەلمەيمىز. كۆرەلمىگىنىمىز ئۈچۈن ۋىژدان، كۆڭۈل دېگەن نەرسىلەر موجۇت ئەمەس دېيىش توغرىمۇ؟ ئاللامۇ بىزلەرنىڭ كۆرۈشىمىز ۋە ئىدراك قىلىشىمىزدىن ئۈستۈندۇر. چۈنكى بىزنىڭ كۆزلىرىمىز ماددىلاردىن بەزى شەيئىلەرنى كۆرەلىسىمۇ بەزىلىرىنى كۆرەلمەيدۇ.. ھالبۇكى، ئاللانىڭ زاتى ماددا ئەمەس. شۇڭا ماددىي كۆزلەر ماددا بولمىغان شەيئىلەرنى كۆرەلمەيدۇ.

## 11. خاراكتېر ۋە تارىخ دەلىلى

ھەر قانداق ئىنساندا ياخشىغا ۋە گۈزەللىككە قارىتا سۆيگۈ، ئۇنىڭ ئەكسىچە يامانغا ۋە كۆرۈمسىزگە قارىتا نەپرەتلىنىش ھېسسىياتىنىڭ بارلىقى رېئاللىقتۇر. بۇ ھېسسىياتلار ئەخلاق، ژۇرۇش - تۇرۇشقا ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا تەبىئىي مايىللىقنى ۋە ئەخلاقسىزلىققا، يامان ئىشلارغا نەپرەتلىنىش كەيپىياتىنى پەيدا قىلغانلىق ئېتىبارى بىلەن شۇنداق بىر ھەقىقەتتىن دالالەت بېرىدۇكى، ئىنسانغا ياخشىلىقنى ۋە گۈزەل ئەخلاقلارنى ئەمر قىلغان ۋە ئۇنى يامان ئىشلاردىن مەنئىي قىلغان بۇ قانۇن سىستېمىسىنىڭ ئىگىسى كىم بولسا، بىزگە بۇ ھېسسىياتلارنى بەرگەن زاتمۇ شۇدۇر. ئۇ ئاللا تائالا. دىنلار تارىخى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئىنسانىيەت ھېچ بىر دەۋردە دىنسىز ياشىمىغان. خاتا ھەتتا خۇراپەت بولسىمۇ، ئۇلار ھەر دەۋردە بىر دىنغا ئىشەنگەن ۋە بىر مەنىۋىي سىستېمىغا ئەگەشكەن. ئاللاغا ئىشىنىش بولسا ئىنساننىڭ تۇغۇلۇشىدىن كەلگەن بىر خىسلەتتۇر. ئىنساننىڭ تەبىئىتىگە بۇ خىسلەتنى ئورۇنلاشتۇرغان زات بىزنى ئۆزىگە ئىمان ئېيتىشقا بۇيرىغان زاتنىڭ ئۆزىدۇر. ئۇ بولسىمۇ ئاللا تائالا.

## 12. ھېس ـ تۇيغۇلار دەلىلى

ئىنسانلار مىڭلارچە ھېس ـ تۇيغۇلار ئىلكىدە ياشايدۇ. ھەر بىر تۇيغۇ ماددا ئالەمىنىڭ سىرتىدىكى بىر ئالەمدىن ھەر خىل ماھىيەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئىنساندا يەنە بىر ھېس ـ تۇيغۇ باركى، ئۇ ئوپ ـ ئوچۇق ئاللانى تونۇتىدۇ. بۇ ھېس ـ تۇيغۇ ئىنساندا موجۇت بولغان مەڭگۈ ياشاشقا ياكى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشكە بولغان ئارزۇ ـ تىلەكتىن ئىبارەت. ئىنسان بۇ ھېس ـ تۇيغۇلار سەۋەبىدىن ھېمىشەم ئەبەدىيەت ئۈچۈن تەلپۈنىدۇ،

ئىنسان بۇ ھىسلار بىلەن ئۆزىنى خوشال قىلىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ بىلەن يۈكسىلىشكە قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ. بۇ ھىسلاردىن باشقا ھىسلار ئىنساننىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدۇ. ئۇلارنى بىزگە بەرگەن زات بىزنى ياراتقان زاتتۇر. ئاخىرەتتىكى مەڭگۈلۈك ھاياتنىمۇ ئەينە شۇ زات بېرىدۇ. ئىنساندىكى مەڭگۈلۈككە ۋە كۆپ ياشاشقا بولغان ئارزۇ- ئارمانلار مەڭگۈلۈك ھايات بولغان بىر كامالەتلىك زاتنىڭ بارلىقىنى ئېنىق ئىسپاتلايدۇ. كائىناتتىكى بۇ مەڭگۈلۈك ھايات پەقەت ئاللانىڭ ھاياتى.

## 13. ئىتتىپاق دەلىلى

ئون يالغانچى ئىتتىپاقلىشىۋېلىپ، بىزگە كېلىپ «ئۆيۈڭگە ئوت كەتتى» دەپ خەۋەر بەرسە، بۇ ئادەملەرنىڭ ئۆز ھاياتىدا بىرەر قېتىم بولسىمۇ راست سۆزلىمىگەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سۆزىگە «ئېھتىمال» دەپ ئىشىنىمىز. ھالبۇكى، ئاللانىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش مىڭلارچە پەيغەمبەر، مىللىياردلارچە ئىشەنگۈچىلەرنىڭ ئارىسىدا مەيدانغا كەلگەن بىر ئىتتىپاقلىقتۇر. ئوخشىمىغان دەۋر ۋە ئوخشىمىغان جايلاردا ياشىغان بۇ ئىنسانلارنىڭ ئىتتىپاقى ئەڭ ئاۋال «ئاللا باردۇر ۋە بىردۇر» دېگەن ھەقىقەتكە مەركەزلەشىدۇ. ئون يالغانچىنىڭ بىر يالغان ئۈستىدىكى ئىتتىپاقىغا ئەھمىيەت بېرىلگەن يەردە، مىللىياردلارچە كۆپ ھەمدە ئۆز ھاياتىدا بىرەر قېتىم يالغان سۆزلىمىگەن، راست پەيغەمبەرلەر ۋە ئىشەنگۈچىلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىتتىپاقىغا ئىشەنمىگەن ئىنساننى قانداق ئىنسان دېيىش كېرەك؟ ئۇنى قانداقمۇ ئەقىللىق دېيىشكە بولسۇن؟

## 14. قۇرئان دەلىلى

قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللا سۆزى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان بارلىق دەلىللەر ئەينى ۋاقىتتا ئاللانىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلىماقتا. قۇرئاندىكى مىڭلارچە دەلىللەر بۇ ماۋزۇ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىسلام مەنبەلىرىدە ئەڭ ئىنچىكە تۈرلىرىگىچە تەپسىلىي شەرھى قىلىنغان. بۇ دەلىللەرنىڭ ھەممىسى «ئاللا باردۇر» دەپ جاكالىماقتا. قۇرئاننىڭ موجىزىسىگە ۋە ئۇنىڭ بەرگەن خەۋەرلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىغا پۈتكۈل دۇنيا قايىل بولماقتا. دۇنيا تارىخىدا ئەسىرلەر ئۆتسىمۇ، ھېچ ئۆزگەرمەستىن ساقلىنىپ قالغان بىرلا كىتاب قۇرئاندۇر. بۇ كىتاب ئون تۆرت ئەسىردىن بېرى بارلىق سۈرىلىرى، ئايەتلىرى ۋە ھەرپلىرى بىلەن ئاللانىڭ بارلىقىنى ۋە بىرلىكىنى ئېلان قىلىپ كەلمەكتە.

## 15. پەيغەمبەرلەر دەلىلى

بارلىق پەيغەمبەرلەرنى ۋە خۇسۇسەن ھەزرىتى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىسپاتلاۋاتقان بارلىق دەلىللەرمۇ ئەڭ ئاۋال ئاللانىڭ بارلىقىنى ۋە بىرلىكىنى ئىسپاتلىماقتا. پەيغەمبەرلەرنىڭ پۈتكۈل ھاياتلىرىنىڭ ئورتاق غايىسى «تەۋھىد» (ئاللانىڭ بىرلىكىنى) ئېلان قىلىشتىن ئىبارەت بولغان. شۇنداق ئىكەن، ھەر بىر پەيغەمبەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئاللا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن كەلگەن بارلىق دەلىللەر شۇ قۇۋۋىتى ۋە ئوچۇقلۇغى بىلەن ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ قۇدرەتلىك ۋە روشەنلىك بىلەن «ئاللا باردۇر!» دېمەكتە.

**مۇھەممەت يۈسۈپ.**

**«ئۇيغۇر ئاۋازى» 1997 - يىل، 28 - فېۋرال**

# روزىنىڭ ھېكمەتلىرى كۆپ

**— مۇسۇلمانلارغا ھەر يىلى بىر ئاي روزا تۇتۇش نېمە ئۈچۈن ئىسلام دىنى پەرزلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالغانلىقى ھەققىدە نېمىلەرنى ئېيتقان بولار ئىدىڭىز؟**

— ئاللا تائالا ئۆز ھېكمىتى بىلەن بارلىق موجۇداتنىڭ ئىچىدە ئىنساننى ئۇلۇغ قىلىپ ياراتتى. دۇنيادىكى جايلاردىن مەككە، مەدىنە شەھەرلىرىنى، كۈنلەردىن جۈمە كۈنىنى، ئايلاردىن رامزان ئېيىنى ئۇلۇغ قىلدى. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا قۇرئاندىن دەسلەپكى ۋەھى رامزان ئېيىدا چۈشۈشكە باشلىغان، بۈيۈك قەدىر كېچىسىمۇ رامزان ئېيىنىڭ ئىچىدە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن تاشقىرى ئىسلام دىنىنىڭ بارلىق غالىبىيەتلىرى رامزان ئېيىدا قولغا كەلگەن. شۇڭلاشقا بۇ ئاينى مۇسۇلمانلار ئون تۆرت ئەسىردىن بېرى مۇقەددەس بىلىپ ئۇلۇغلاپ كەلمەكتە.

ئاللا تائالا مۇسۇلمانلارغا بۇيرىغان ئىبادەت تۈرلىرى ھەر خىل. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا دۇئا، قۇرئان ئوقۇش، ئاللانى مەدھىيىلەش، كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا چاقىرىش، يامان ئىشلاردىن چەكلەش، بىلمىگەنلەرگە دىن ئەھكاملىرىنى ئۆگىتىش ئوخشاش سۆز بىلەن قىلىنىدىغان ئىبادەتلەر، ناماز ئوقۇشقا ئوخشاش ھەرىكەت بىلەن قىلىنىدىغان ئىبادەتلەر، زاكاتقا ئوخشاش ئىختىسات بىلەن قىلىنىدىغان ئىبادەتلەر، ھەج ۋە جىھاتقا ئوخشاش ھەم ھەرىكەت، ھەم ئىختىسات بىلەن قىلىنىدىغان ئىبادەتلەر ۋە نەپسىنىڭ تەلەپلىرىنى ۋاقىتلىق رەت قىلىش بىلەن قىلىنىدىغان روزىغا ئوخشاش ئىبادەتلەر باردۇر.

**— روزا تۇتۇش ئاللا يولىدا ئىبادەت قىلىشنىڭ بىر تۈرى ئىكەن، ئەندى ئۇنىڭ ئىنسانىنىڭ ئۆزى ئۈچۈنمۇ پايدىسى بارمۇ؟**

— ئاللا تائالا بۇيرىغان ئىبادەتلەرنىڭ ئاشكارە ۋە يوشۇرۇن ھېكمەتلىرى بىلەن پايدىلىرى بولغىنىدەك، روزىنىڭمۇ كۆپلىگەن ھېكمەتلىرى ۋە پايدىلىرى بار.

زاماننىڭ تەرەققىياتى رامزانغا خاس بولغان بەزى ھېكمەتلەرنى كەشىپ قىلغان بولسىمۇ، رامزاننىڭ بىزگە مەلۇم بولمىغان، پەقەت ئاللاغىلا ئېنىق ئۇرغۇنلىغان ھېكمەتلىرى ۋە پايدىلىرى بار. چۈنكى ئاللا تائالا بەندىلىرىنى ھېكمەتسىز ۋە پايدىسىز ئىشلارغا بۇيرىغان ئەمەس.

روزا تۇتۇشنىڭ خاسىيەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئىنساننىڭ سىرى ۋە ماھىيىتىنى تونۇش كېرەك. ئىنسان بىز سىرتتىن كۆرۈۋاتقاندەك يەپ - ئىچىدىغان، ھەرىكەت قىلىدىغان ۋە سۆزلەيدىغان جانلىق ھەيكەل ئەمەس. بەلكى ئۇنىڭ ماھىيىتى ئاللا ئاتا قىلغان روھانىي جەۋھەردىن ئىبارەتتۇر. ئىنسان تەپەككۇر قىلىدۇ، ھەقىقەتلەرنى بىلىدۇ، ھېس قىلىدۇ ۋە لەززەتلىنىدۇ، يەر يۈزىدە غاجايىپ سۈپەتتە ئىشلارنى بەجىرىدۇ. ئاللا تائالا ئىنساندىكى ئەينە شۇ روھانىي جەۋھەر تۈپەيلى بارلىق پەرىشتەلەرنى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلىشقا بۇيرىغان.

ئىنسان روھى ئاللادىن، جىسمى تۇپراقتىن بولغان ئالاھىدە ھۆرمەتلىك بىر موجۇدات-

-تۇر. ئىنسان ھېمىشەم ئۆزىنى ئۇلۇغلۇقتا كۆتىرىدىغان روھىي ۋە رەزىللىككە چۈشىرىد-
-ىغان نەپسى - ھەۋەس ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ ۋە جېدەللەر بىلەن ياشايدۇ. ئەگەر ئۇ روھ-
-نى نەپسى - ھەۋەسكە بويسۇندۇرۇپ، نەپسىنى ئۆزىگە ھاكىم قىلىۋالسا، ھايۋانلىق دە-
-رىجىسىگە چۈشۈپ قالىدۇ، ئەگەر ئۇ ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى تونۇپ، نەپسىنى رو-
-ھىنىڭ تەلەپلىرىگە بويسۇندۇرسا، پەرىشتەگە ئوخشاش بولىدۇ ياكى پەرىشتەدىنمۇ ئۇلۇغ
بولىدۇ. چۈنكى ئاللا تائاللا ھايۋانلارغا ئەقىل - ئىدراك ئاتا قىلماستىن، پەقەت نەپسى -
ھەۋەسنىلا بەرگەن بولسا، پەرىشتەلەرگە نەپسى - ھەۋەس بەرمەستىن پەقەت ئەقىل -
ئىدراكلا ئاتا قىلغان. ئىنسانغا ھەم ئەقىل - ئىدراك، ھەم نەپسى - ھەۋەسنى ئاتا قىلغان.
شۇڭلاشقا نەپسىگىلا بېرىلىپ، ئۆز قەدىر - قىممىتىنى يوقاتقان ئىنسان ھايۋانغا ئوخشاش
ئورۇنغا چۈشۈپ قالغىنىدەك، ئەقىل - ئىدراكىنى قوللىنىپ، نەپسى - ھەۋەسلىرىنى ئە-
-قىل ۋە شەرىئەت تارازىسىدىن ئۆتكۈزۈپ ئىش قىلغان كىشى پەرىشتەدىن ئۇلۇغ دەر-
-جىسىگە ئېرىشىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇچۇن قۇرئاندا «ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىل-
-غانلار ھەقىقەتەن مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر» دېيىلگەن.
نەپسى - ھەۋەسى ئۈچۈنلا ياشاپ، ئاللانى تونۇمىغان ئادەملەر ھەققىدە ئاللا تائاللا مۇن-
-داق دەيدۇ: «ئېيتىپ باقساڭچۇ! نەپسى خاھىشىنى ئىلاھ قىلىۋالغان ئادەمگە (نەپسى
خاھىشىغا ئەگىشىشتىن ئۇنى ساقلاشقا) ھامىي بولالامسەن؟ ئۇلارنىڭ تولىسىنى (كۆپىنچى-
-نى) ئاڭلايدىغان ياكى چۈشىنىدىغان ئادەملەر دەپ گۇمان قىلامسەن؟ ئۇلار پەقەت
ھايۋانلارغىلا ئوخشاشتۇر ياكى ئۇلاردىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر». شۇڭلاشقا ئۈچۈن ئاللا ئىن-
-سانىنى روزا تۇتۇش ئارقىلىق نەپسىنىڭ خاھىشلىرىغا ھۆكۈم قىلىشنى ئۆگىنىپ ۋە چىنى-
-قىپ، ئۆزىنى ئىنسانلىققا لايىق كەلمەيدىغان تۆۋەن ئورۇنغا چۈشىرىپ قويماستىن، بەل-
-كى ئىنسانلىق ھۆرمىتىگە لايىق ھالدا پېرىشتە دەرىجىسىگە يېتىش ئۈچۈن رامىزان تۇ-
-تۇشقا بۇيرىغان. مۇسۇلمانىنىڭ روزا تۇتقاندا ئاللاغا ئەڭ يېقىن بولۇشى ۋە دۇنيا - تىلەكلە-
-رىنىڭ شەكسىز ئىجاۋەت بولۇشى ھەجەپلىنەرلىك ئەمەس. پەيغەمبىرىمىز موشۇ مەنادا
مۇنداق دېگەن: «ئۈچ خىل ئادەمنىڭ ئاللاغا قىلغان دۇئاسى قەتئىي رەت قىلىنمايدۇ.
ئۇلارنىڭ بىرى روزا تۇتقۇچى كىشىنىڭ ئىپتار قىلغىچە قىلغان دۇئاسى، يەنە بىرى ئادا-
-لەتلىك پادىشا، يەنە بىرى زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشى».
**- سىز روزا تۇتۇشنىڭ ئاخىرەتتىكى پايدىلىرى ھەققىدە خېلە چۈشىنىشلىك قىلىپ
ئېيتىپ بەردىڭىز. ئەندى ئۇنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئادەملەرگە كەلتۈرىدىغان پايدىلىرى
ھەققىدە سۆزلەپ بەرسىڭىز؟**
- پەيغەمبىر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «روزا تۇتۇڭلار، ساغلام بولۇڭلار» دېگەن.
روزا تۇتۇشتا ئاللاغا يېقىنلىشىپ، روھنى يۈكسەلدۈرۈش، سەۋر - تاقەت ۋە ئىرادىلىك
بولۇشقا ئوخشاش ئاخىرەتلىك پايدىلار بولغىنىدەك، بەدەننىڭ ساغلام بولۇشىدەك بۇ دۇن-
-يالىق پايدىلىرىمۇ بار. چۈنكى ئاشقازان كېسەللىكلىرىدىن قۇتۇلۇشنىڭ ھەل قىلغۇچى
شەرتى پەرھىزدۇر. ئاشقازاننىڭ ئارام ئېلىشى ئۈچۈن روزا تۇتۇشتىن ياخشىراق پۇرسەت
يوق. باشقا داۋالاشلار پايدا بەرمىگەن كۆپلىگەن قەنت كېسەللىرىنىڭ روزا تۇتۇش ئارقى-
-لىق ساقايغانلىقى ھەققىدە ئىلمىي تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغان. دۇنيادىكى ئۆرگۈنلىغان

دوختۇرلار بەزى بىر كېسەللەرنى پەرھىز تۇتقۇزۇش ئارقىلىق داۋالاپ، ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

روزا تۇتۇشنىڭ جىسمانىي پايدىسىدىن تاشقىرى ئىرادىسىنى كۈچەيتىش، سەۋرچانلىققا ئۆگىتىش ئوخشاش ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك تەرەپلىرىمۇ بار. روزا تۇتقان كىشى ئالدىدا يەيدىغان - ئىچىدىغان نەرسىلەر بولۇپ تۇرسىمۇ ئاچلىققا ۋە ئۇسسۇزلۇققا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. يەپ - ئىچىش ۋە ئاياللارغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن پەقەت ئۇنىڭ ۋىجدانى توساپ تۇرىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ يېنىدا ئۆزىنىڭ ھەركىتىنى نازارەت قىلىپ تۇرىدىغان ئاللا تائالا ۋە ۋىجدانى بار. مۇنداق چىنىقىش ھەر كۈنى ئون بەش سائەت ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك ۋاقىتقا سوزۇلۇپ، بىر ئاي جەريانىدا داۋام قىلىدۇ. دۇنيادا ھېچ قانداق مەكتەپ ئىنساننىڭ ئىرادىسىنى تاۋلاپ، سەۋر - تاقىتىنى يېتىشتۈرۈشتە رامىزان ئېيىغا تەڭ كېلەلمەيدۇ. ئالىملار ھازىر ئىرادىنى كۈچەيتىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئامىلى روزا تۇتۇش ئىكەنلىكىنى تەن ئالماقتا. ئىسلام دىنى بولسا بۇ ھەقىقەتنى بۇنىڭدىن ئون تۆرت ئەسىر بۇرۇن ئىسپاتلىغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ياشلارغا قىلغان مۇنۇ تەۋسىيەسىنى ئەسلىتىپ ئۆتۈش ئورۇنلۇق: «ئەي، ياشلار جامائەسى، توي قىلىشقا قادىر بولالىغىنىڭلار ئۆيلىنىڭلار. چۈنكى ئۆيلىنىش كۆزنى ۋە ئەۋرەتنى ھارامدىن ساقلايدۇ. ئۆيلىنىشكە قادىر بولالمىغان كىشى روزا تۇتسۇن. چۈنكى روزا ئۇنى ھارامدىن ساقلايدۇ. يەنى روزا ئارقىلىق ھارامدىن ساقلىنىش ئىرادىسىنى ئۆزىدە يېتىشتۈرەلەيدۇ. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام رومزاننىڭ كىشىگە سەۋر - تاقەتنى ئۆگىتىدىغانلىقىنى توغرىلىق ئېيتىپ كېلىپ: «روزا تۇتۇش سەۋرنىڭ يېرىمىدۇر» دېگەن ئىدى. چۈنكى ئىنساندا ئۈچ خىل قۇۋۋەت بار. ئۇلارنىڭ بىرى نەپسى - ھەۋەس قۇۋۋىتى، يەنە بىرى ژىرتقۇچلاردا بولغاندەك غەزەپ كۈچى، يەنە بىرى پەرىشتەلەردە بولغاندەك روھىي قۇۋۋەتتۇر. ئىنساننىڭ روھىي قۇۋۋىتى ژۇقۇرىدىكى ئىككى قۇۋۋەتنى بېسىپ چۈشەلىگەندىلا ئۇ يېرىم سەۋرنى ھاسىل قىلالايدۇ.

ئىسلام دىنى كۈرەش ۋە جىھات دىنىدۇر. مۇسۇلمانىنىڭ كۈرەشلەردە يېڭىپ چىقىدىغان ئاساسلىق كۈچى سەۋر ۋە قەتئىي ئىرادىدۇر. ئۆز نەپسى - ھەۋەسلىرىنى يېڭەلمىگەن كىشى دۈشمەننى ھەرگىز يېڭەلمەيدۇ. بىر كۈنلۈك ئاچلىققا چىدىمىغان كىشى ئۇلۇق نىشانلار بىلەن ۋەتىنىدىن ئايرىلىشقىمۇ چىدىمايدۇ.

**— روزا تۇتۇشنىڭ ئۇلۇق ھېكمەتلىرى توغرىلىق سىزنىڭ سۆھبىتىڭىزدە كۆپ نەرسىلەر ئايان بولدى. ئەندى ئۇنىڭ ئىجتىمائىي جەھەتتىن ئەھمىيىتىمۇ بار دەپ ئېيتىشقا بولامدۇ؟**

— ئەلۋەتتە، بولىدۇ. روزا تۇتقان كىشى يەيدىغان، ئىچىدىغان نەرسىلىرى يوق، ھالى ئېغىر، ژىتىم - يېسىر يوقسۇللارنىڭ مۇڭىنى روزا تۇتۇش جەريانىدا ياخشىراق چۈشىنىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. چۈنكى ئاچلىقنىڭ دەردىنى ئاچ قالمىغان كىشى بىلمەيدۇ. ئۇ ئۆزى ھېمىشەم توق ياشىغاچقا، ھەممە ئادەمنى ئۆزىگە ئوخشاش ھېس قىلىدۇ. روزا تۇتۇپ، ئاچلىقنىڭ ئازاۋىنى تارتىپ كورسە، شۇ چاغدىلا كەمبەغەل - قاششاقلارنىڭ ھالىنى چۈشىنەلەيدۇ. ئۇلارغا ياردەم قولىنى سوزۇشنى ئىنسانىي بورچۇم دەپ

بىلىدۇ. مۇسۇلماننىڭ ھەقىقىي كامىل بولۇشى ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ يۇمشاق بولۇشى، ئۆزىنىلا ئويلىماستىن باشقىلارنىمۇ ئويلىشى، ئىنسانلارغا مېھىر ـ شەپقەتلىك بولۇشىدادۇر. ئاللا ناھايىتى شەپقەتلىك، ئۇ پەقەت شەپقەتلىك كىشىلەرگىلا رەھىم قىلىدۇ. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «شەپقەتلىك كىشىلەرگە ئاللا تائالا رەھىم قىلىدۇ. يەر ـ يۈزىدىكى كىشىلەرگە رەھىم قىلىڭلار، سىلەرگە ئاسماندىكى زات (ئاللا) رەھىم قىلىدۇ» يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام مىسىرنىڭ غەزىنىسىگە مەسئۇل بولغان ۋاقتىدا روزىنى كۆپ تۇتىدىكەن. بۇ توغرىلىق باشقىلار سورىغاندا: «مەن توق ژۈرسەم پېقىرلارنىڭ ئاچلىغىنى ئۇنتۇپ قېلىشىمدىن قورقۇمەن» دېگەن ئىكەن.

سوھبەتلەشكەن دولقۇن ياسىن.

«ئۇيغۇر ئاۋازى» 1998 ـ ژىل، 1 ـ يانۋار

# تەقۋادارلىق كارامەتتۇر

«تەقۋا» سۆزىنىڭ لۇغەت مەناسى – ئۆزىگە ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن زەرەر يەتكۈزىدىغان نەرسىلەردىن كۈچلۈك بىر ھىمايىگە ئېرىشىش ئارقىلىق ساقلىنىش دېمەكتۇر.

«تەقۋانىڭ» ئىسلامدىكى مەناسى ئىنسان ئۆزىنى ئاللانىڭ ھىمايىسى ئاستىغا قويۇش ئارقىلىق بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۆزىگە زەرەر ۋە ئازاپ ئېلىپ كېلىدىغان ھەر قانداق ئىشلاردىن ئۆزىنى ساقلاش ۋە ھەر تۈرلۈك گۇنا – يامان ئىشلاردىن چېكىنىپ، ياخشى ئەمەللەر دائىرىسىدە ھەرىكەت قىلىش دېمەكتۇر.

تەقۋادارلىق پەقەت ئىماندىن كېيىن كېلىدۇ. ئاللاغا ئىمان كەلتۈرگەن ھەر قانداق مۇسۇلماننىڭ شۇ ئىمانىنى ئاخىرەتكىچە ساغلام ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن كۈچلۈك بىر ھىمايە ئاستىغا كىرىشى ئەقىل ۋە ئىماننىڭ بىردەك تەلىۋىدۇر. ئەڭ كۈچلۈك ۋە ئىشەشلىك ھىمايە ئاللانىڭ ھىمايىسىدۇر. چۈنكى ئاللا ھەر قانداق نەرسىنىڭ ياراتقۇچى ئىگىسىدۇر. ئۇ ھەممىگە قادىردۇر. قۇرئان كەرىمنىڭ «ئى، مۆمىنلەر، ئاللاغا لايىق رەۋىشتە تەقۋادارلىق قىلىڭلار» دېگەن ئايىتى بۇ تەقۋالىقنى ئىپادىلىمەكتە. تەقۋادارلىق ئۆزى غايە ۋە مەخسەت بولماستىن، بەلكى بۇ ھەقىقىي ھوزۇر ۋە نىجاتلىققا ۋاستىدۇر.

تەقۋالىققا توسقۇن بولىدىغان بەزى ئامىللار بار. ئۇلار غەپلەتتىن ئىبارەت ئىنساننى ھوشيارلىقتىن ئۇزاقلاشتۇرۇپ، ئۇنى دىققەتسىزلىككە ئاپىرىدىغان غەپلەت ۋە دۇنيادا مەڭگۈ ياشايدىغاندەك ئىنساننى ئالدايدىغان ھىسلاردۇر. ئۇلار ئىنساننىڭ تەقۋادارلىق دائىرىسىدە ئىش ئېلىپ بېرىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ.

قۇرئان كەرىمدە «ئاقىۋەت تەقۋادارلارنىڭدۇر» دېگەن مەنادا كەلگەن ئايەتلەر كۆپ. قەبرىئازاۋى ۋە ئاخىرەت ئازاۋى قاتارلىق تۈرلۈك ئازاپلاردىن قۇتۇلۇش كاپالىتى پەقەت تەقۋادارلارغا بېرىلگەن. جەننەت ئۆزىنىڭ پۈتۈن مەرتىۋىلىرى بىلەن تەقۋادارلار ئۈچۈن ھازىرلانغاندۇر. قۇرئان كەرىمنىڭ مۇقەددەس ئايەتلىرى ئىچىدە تەقۋادارلىقنىڭ ئەھمىيىتى ۋە پايدىلىرى ھەققىدىكىلىرى ئىنتايىن كۆپتۇر. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق تەقۋادارلىقنىڭ بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى سانسىز سائادەتلەرگە قانچىلىك پايدىلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ باقايلى:

1 – ئىنسان سەۋرچانلىقى ۋە تەقۋادارلىقى بىلەن دۈشمەنلىرىنىڭ يامانلىقلىرىدىن ۋە ھىيلە – مىكىرلىرىدىن ساقلىنىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھىيلە – مىكىرلىرى تەقۋادارلارغا زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ. **«ئەگەر سىلەر (ئۇلارنىڭ ئەزىيىتىگە) سەۋر قىلساڭلار ۋە (سۆز ھەرىكىتىڭلاردا ئاللادىن) قورقساڭلار، ئۇلارنىڭ ھىيلىسى سىلەرگە قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ» (سۈرە «ئالئىمران» 120 – ئايەت).**

2 – تەقۋادارلىق ئەمەللەرنىڭ سالاھىيەتلىك بولۇشىغا ۋە گۇنالارنىڭ مەغپىرەت بولۇشىغا ۋەسىلەدۇر.

«ئىبى مومۇنلەر! ئاللادىن قورقۇڭلار ۋە توغرا سوزنى قىلىڭلار. ئاللا سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى تۈزەيدۇ. گۇنارىڭلارنى مەغرىپەت قىلىدۇ» ( سۈرە «ئەھراپ» 70 ـ ئايەت ).

3 ـ تەقۋادارلىق ئاللانىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ۋەسىلەدۇر. «ئاللادىن قورقۇڭلار ۋە بىلىڭلاركى، ئاللا تەقۋادارلار بىلەن بىللەدۇر» ( سۈرە «بەقەر» 194 ـ ئايەت ).

4 ـ تەقۋادارلار ئاللانىڭ دەرگاھىدا ئەڭ شەرەپلىك ماقامغا ئېرىشىدۇ. «ئاللانىڭ دەرگاھىدا ئەڭ شەرەپلىك بولغىنىڭلار سىلەرنىڭ ئەڭ تەقۋادار بولغىنىڭلاردۇر» ( سۈرە «ھوجۇرات» 13 ـ ئايەت ).

5 ـ تەقۋادار بولغان مومۇنلەرنىڭ ئاللا يولىدا بىر ـ بىرى بىلەن بولغان دوستلۇغى، بارلىق دوستلۇقلار بىر ـ بىرىگە دۈشمەن بولىدىغان قىيامەت كۈنىدىمۇ داۋام قىلىدۇ. چۈنكى باشقا دوستلۇقلار بۇ دۇنيانىڭ مەنپىيەتلىرى ئۈچۈن بولغان دوستلۇقلار بولغاچ، ئۇلار بۇ دۇنيادا قالىدۇ. ئاما ئاللا ئۈچۈن بولغان دوستلۇق قىيامەتتىمۇ داۋام قىلىدۇ. «ئۇ كۈندە دوستلار بىر ـ بىرىگە دۈشمەن بولىدۇ. پەقەت ئاللا ئۈچۈن دوستلاشقان تەقۋادارلار ئۇنداق ئەمەستۇر» ( سۈرە «زۇخرۇف» 67 ـ ئايەت ).

6 ـ ئىنسان تەقۋادارلىق سايىسىدا دوزاق ئازاۋىدىن قۇتۇلىدۇ. «ئاندىن تەقۋادارلارنى دوزاقتىن قۇتقۇزىمىز» ( سۈرە «مەريەم» 72 ـ ئايەت ).

7 ـ تەقۋادارلىق كىشىنىڭ جەننەتكە كىرىشى ۋە ئۇنىڭدا مەڭگۈ قېلىشىنىڭ يەككە ـ يېگانە ۋەسىلىسىدۇر. «تەقۋادارلار ھەقىقەتەن بىخەتەر جايلاردا بولىدۇ. باغلاردا، بۇلاقلارنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ» ( سۈرە «دۇخان» 51 ـ 52 ـ ئايەتلەر ).

«ئۇيغۇر ئاۋازى» 1998 ـ يىل، 10 ـ ئاپرېل

# ھىدايەت ئەڭ چوڭ نېمەتتۇر

ھىدايەتنىڭ لۇغەت مەناسى توغرا يولدا ژۈرۈش دېمەكتۇر. ئىسلام دىنىدا ھىدايەت ـ ئىمان، ئىسلام، ياخشى ئەمەللەرنى ئىشلەش ۋە قۇرئان سۈننەتنىڭ روھىغا ئۇيغۇن ھەرىكەت قىلىش دېمەكتۇر. ھىدايەتنىڭ ئەكسى زالالەتتۇر. زالالەت ـ خالىغانچە كەيپ ـ ساپا بىلەن ياشاش، ھالال، ھارامنى ئىلغىماسلىق ۋە دىنىدىكى مۇقەددەس شەيىيلەرنى قەدىرلىمەسلىك دېمەكتۇر. ھىدايەتنى بەرگۈچى پەقەت ئاللادۇر. ئىنساننىڭ ئۈستىگە چۈشكەن مەسئۇلىيەت بولسا ئۇنىڭ ئۆز ئىرادىسى بىلەن ھىدايەتنى ئىزدىشى، ئەقلى بىلەن ئۇنىڭغا ئىنتىلىشى ۋە قەلبى بىلەن ئۇنىڭغا ئىگە بولۇشىدىن ئىبارەتتۇر. ئىلاھىي ھىدايەت مومىنلەر ئۈچۈن بىر تۇلپارغا ئوخشاشكى، مومىنلەر سىراتۇلمۇستەقىمدە ئۇنىڭغا مىنىپ، ئەرشىنىڭ كامالەتلىرىگە يۈكسىلىدۇ. ھىدايەت پەقەت بەندىنىڭ ئۇنى ئارزۇ قىلىپ، تىلىشى ۋە ئاللانىڭ ئۇنى قوبۇل قىلىپ، شۇ بەندىنى ئۆزىگە تارتىشى ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ. ھىدايەتنىڭ تېگىدە خاتىرجەملىك، ھەق ۋە ھېكمەتلەر بولغان بولسا، زالالەتنىڭ تېگىدە ئازارچىلىق، ئۆزىنى ئالداش ۋە ھەقسىزلىكلەر ياتىدۇ. ھىدايەت نىجاتلىق ۋە سائادەتنىڭ ئالامىتى بولغان بولسا، زالالەت كۆڭۈللەرنى ئۆمۈتسىزلەندۈرىدىغان ۋە رەنجىتىدىغان ئازاپ ھەم ئىنساننىڭ ھاياتىنى بەختسىزلىككە چۈشۈرىدىغان بىر شاقاۋەت ئۇرۇغىدۇر.

ھىدايەتنىڭ ئەڭ كامىل مەناسى ئىمان ۋە ئىسلام بولسا، ئۇنىڭ ئەڭ مۇكەممەل مېۋىسى ياخشى ئىش ۋە تەقۋادارلىقتۇر. ئۇنىڭ نەتىجىسى بولسا، پىردەۋۇس جەننەتلىرىدۇر. ھىدايەتنىڭ مەنبەسى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ ئاللا تەرىپىدىن كەلگەن بارلىق پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارغا كەلگەن ۋەھيىلەردۇر. ئاخىرقى پەيغەمبەرنىڭ ئەۋەتىلىشى بىلەن بۇ ھىدايەت مەنبەسى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ۋە قۇرئان كەرىمگە مۇجەسسەملەنگەن بولۇپ، بۇلاردىن باشقا يول ئىزدەش زالالەتتۇر.

ئىنسان قانداقلا سەۋىيەدە ۋە قانداقلا شارائىتتا بولمىسۇن ئۇ ئىزدەيدىغان بىردىن ـ بىر چوڭ ياردەم شەكسىز ھىدايەتتۇر. ھىدايەتنىڭ دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ. قۇرئان كەرىمدىكى«ئاللا سېنى بۇيرۇغانداك توغرا يولدا بولغىن» دېگەن ئايەت ھىدايەتنىڭ ئەڭ كەڭ ساھالىرىنى ئىخچام بىر شەكىلدە ئىپادىلىمەكتە. مەسىلەن، پىكىر ۋە قانائەتتە، ئاللاغا، ئۇنىڭ بارلىقىغا ۋە بىرلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈش ھىدايەت بولسا، تەبەتكە تەسادىپىلىققا ۋە سەۋەبلەرگەئېقىدە قىلىپ، ئىشىنىش ئەڭ چىركىن زالالەتتۇر. ئىمان ۋە ئىبادەتكە خالىس ئاللاغا ئىبادەت قىلىش ئوچۇق بىر ھىدايەت بولسا، بۇددىلارغا ۋە باشقا نەرسىلەرگە چوقۇنۇش ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق بىر زالالەتتۇر. ئىسلامدا ھارام ۋە باتىل دېيىلگەن ئىشلارنى تەرىك ئېتىپ، ھالال ۋە ھەق دېيىلگەن ئىشلارنى ئورۇنلاش ھىدايەت بولغىنىغا ئوخشاش، ھارامنى ھالالغا ئوخشاش قوللىنىش پەرز ۋە سۈننەتلەرنى ئەھمىيەتسىز كۆرۈپ تەرىك ئېتىش زالالەتتۇر. مۇسۇلمان كىشىنىڭ مۇتلاق، كامىل مەنادىكى ھىدايىتى ئۇنىڭ قۇرئان كەرىم يولىنىڭ پرىنسىپلىرى ۋە ئالاھىدىلىكلىرىگە رىئايە قىلىشىدادۇر.

توغرا، ئاللا خالىغان كىشىنى ھىدايەتكە باشلايدۇ ۋە خالىغان كىشىنى ھىدايەتكە نېسىپ قىلمايدۇ. چۈنكى ھىدايەت سورالماستىن بېرىلمەيدۇ. ھىدايەت پەقەت ئاللانىڭ قولىدادۇر. قۇرئان كەرىم ۋە مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ كىشىلەرنى ھىدايەتكە باشلىشى پەقەت(ئۇلارنىڭ) سەۋەپ ۋە ۋاستە بولغانلىق ئېتىۋارى بىلەن بولىدۇ. چۈنكى قۇرئان كەرىم ئەڭ ساغلام ھىدايەت يولىدۇر. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئەڭ توغرا بىر ھىدايەتنىڭ رەھبىرىدۇر. مۇنداق بولغان ئىكەن، قۇرئان كەرىمنىڭ يولىدا ۋە مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىدا ژۈرگەن كىشى تولۇق ۋە ھەقىقىي ھىدايەتنى تاپقان بولىدۇ. شەيتانلارنىڭ بىر قىسىم ئىنسانلارنى ئازدۇرۇشلىرى ۋە ئۇلارنى دوزاققا دۇچار قىلىشلىرى، ئۇلارنىڭ سەۋەپ بولغانلىق ئېتىۋارى بىلەن بولىدۇ. شەيتانلارنىڭ ئۇلارنى ئازدۇرۇپ كېتىشلىرى ئۇلارنى ئەمەلىياتتا مەسخىرە قىلغانلىقلىرى ۋە ئۇلاردىن ئۆچ ئالغانلىقىدۇر. چۈنكى ئازغان كىشىلەر ھېمىشەم ئۆز ھەۋەسلىرىگە ئەگىشىپ، شەيتانلارنىڭ ئارقىسىدا ژۈرگەنلىكلىرى ۋە مۇنداق زالالەت يولىنى توغرا يول دەپ قانائەتلەنگەنلىكلىرى ئۈچۈن ئۇلارغا زالالەت ھىدايەت ئورنىدا كۆرۈنىدۇ.

قۇرئان كەرىمنىڭ مۇنۇ ئايىتى بۇ ھەقىقەتنى ئىسپاتلىماقتا: «كىمكى مېھرىۋان ئاللانى ياد ئېتىشتىن (يەنى قۇرئاندىن) يۈز ئۆرۈيدىكەن، بىز ئۇنىڭغا شەيتاننى مۇسەللەت قىلىمىز. شەيتان ئۇنىڭغا ھەمرا بولىدۇ. شۈبھىسىزكى، شەيتان ئۇلارنى توغرا يولدىن توسايدۇ. ئۇلار بولسا ئۆزلىرىنى توغرا يولدا دەپ گۇمان قىلىدۇ» (سۈرە «زۇخرۇ» 36 ـ ئايەت).

**«ئۇيغۇر ئاۋازى» 1997 ـ ژىل، 20 ـ سېنتەبىر**

# رامازان ئېيى نىجاتلىق ۋە غەلبە ئېيىدۇر

**— ئىسلامدا بۇيرۇلغان ئىبادەتلەر نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟**

— ئىسلام دىنىدىكى ئىبادەتلەرنىڭ دائىرىسى ئىنتايىن كەڭدۇر. ئىبادەت، بىرىنچىدىن، ئىسلام دىنىنىڭ ھەممىنى ۋە ھاياتلىقنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئىنساننىڭ ئىچكى ۋە تاشقى پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىبادەت دېمەك، ئاللا ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ھەر قانداق سۆز، ھەرىكەت ۋە قەلبنىڭ ئەمەللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چۈشەنچىدۇر.

ناماز، روزا، زاكات ھەج راست سۆزلەش، ئامانەتنى ئادا قىلىش ئاتا- ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، تۇغقانلارغا مېھرىۋان بولۇش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، باللارنى ياخشى بېقىش ۋە ئۇلارنى ئوقۇتۇش، باشقىلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقلاردىن توساش، خوشنىلارغا، ئاجىزلارغا ياخشىلىق قىلىش، مېھماننى ھۆرمەتلەش، ھايۋانلارغا رەھىم قىلىش قۇرئان ئوقۇش، ئاللانى ياد ئېتىش، ئاللانى ۋە پەيغەمبەرنى دوست تۇتۇش، ئاللادىن قورقۇش ئاللانىڭ رەھمىتىدىن ئۈمۈت كۈتۈش، بالا- قازالارغا سەۋر قىلىش، كىشىلەرگە ئىلىم - مەرىپەت ئۆگىتىش، ھەقنى قوللاش، ھەقسىزلىققە قارشى تۇرۇش كىشىلەرگە ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىبادەت قاتارىغا كىرىدۇ. دېمەك، ئىبادەت كىچىك بىر ئائىلە ئىشىدىن باشلاپ دۆلەت ئىشلىرىغىچە بولغان بارلىق ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا دىن دېمەك، ئىبادەت دېمەك دەيمىز.

كۆپلىگەن كىشىلەر «ئىبادەت» سۆزىدىن پەقەت ناماز، روزا زاكات، ھەج، قۇرئان ئوقۇش، سەدىقە بېرىش، ئاللانى ياد ئېتىش قاتارلىقلارنىلا چۈشىنىدۇ. ئۇلار «ئىبادەت» سۆزىنىڭ ئەدەپ - ئەخلاق، قائىدە - يوسۇن، ئۆرپى - ئادەت، قانۇن - سەياسەت ۋە باشقىلار قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ياخشى چۈشەنمەيدۇ. ئىبادەت ھەرگىزمۇ مۇنداق تار دائىرىدە چەكلىنىپ قالمايدۇ. بۇ خىل ئىبادەتلەرنى بەجا كەلتۈرگەن كىشى ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان ئىبادەتلەرنىڭ ھەممىسىنى بەجا كەلتۈرگەن بولۇپ ھېسابلانمايدۇ. بەلكى بۇ ئىبادەتلەر ئىسلامدىكى مەشھۇر چوڭ ئىبادەتلەر بولسىمۇ، يەنىلا ئاللا بۇيرۇغان ئىبادەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەمەس، بەلكى بىر قىسمىدۇر. شۇڭا ئىسلام دىنىدا ئىبادەتنىڭ چېكى يوقتۇر، ئاللاغا ياققان بارلىق ياخشى ئىشلار ئىبادەتتۇر.

**— رامازان ئېيىنىڭ باشقا ئايلارغا قارىغاندا قانداق ئۇلۇغلۇقى بار؟**

— ئاللا ئۆزىنىڭ ھېكمىتىگە ئاساسەن ئىنسانلاردىن پەيغەمبەرلەرنى ئۇلۇغ قىلدى. نوھ، مۇسا، ئىسا، ئىبراھىم ۋە مۇھەممەت ئەلەيھىسسالاملار قاتارلىق بەش پەيغەمبەرنى باشقا پەيغەمبەرلەردىن ئۇلۇغ قىلدى. ئاللا شەھەرلەردىن مەككە، مەدىنە شەھەرلىرىنى ئۇلۇغ قىلدى. كۈنلەردىن جۈمە كۈنىنى ئۇلۇغ قىلدى، ئايلاردىن رامازان ئېيىنى ئۇلۇغ قىلدى. رامازان ئېيى قەدىر كېچىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئايدۇر. ھەمدە بۇ ئاي مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا ۋەھىينىڭ باشلىنىشى بولغان ئاي. بۇ ئاي پۈتۈنلەي ئىبادەت ۋە تائەت ئېيىدۇر. بۇ ئايدا قىلىنغان ئىبادەتلەرگە كۆپ سۇۋاپ بېرىلىدۇ. شۇڭا بۇ ئاينىڭ

ھۆرمىتىنى ساقلاش كېرەك. ئىسلام تارىخىدىكى بارلىق غەلىبىلەر رامازان ئېيىدا قولغا كەلگەن. دېمەك، بۇ ئاي نىجاتلىق ۋە غەلىبە ئېيىدۇر.

**— ئىسلامدىكى بەش پەرزنىڭ بىرى بولغان روزا تۇتۇش ھەققىدە توختالساق؟**

— ھەر ژىلى رامازان ئېيىدا بىر ئاي روزا تۇتۇش ھەر قانداق مۇسۇلمان، بالىغ ۋە ئەقىل - ئىدرەكلىك كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە پەرزدۇر. روزا تۇتقان كىشىنىڭ يېيىش، ئىچىش، ۋە جىنسىي ئالاقە قىلىشىدىن باشقا غەيۋەت (يەنى بىرەۋنىڭ يوق يەردە ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلىش)، جېدەل - ماجرا قىلىش، ئەدەپسىز سۆزلەر بىلەن تىللىشىش قاتارلىق ئىشلارمۇ روزىنى بۇزىدۇ. ھەتتا ئاغزىغا تامغان يامغۇر، قارمۇ ئەگەر كېلىدىن ئۆتۈپ كەتكەن بولسا روزىسى بۇزۇلىدۇ.

مۇسۇلمان كىشىگە ناماز ئوقۇش پەرز قىلىنغاندەك، روزا تۇتۇشمۇ ئوخشاشلا پەرز قىلىنغان. بۇ ھەر ئىككىسى ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپىنى تەشكىل قىلىدىغان بەش چوڭ ئىبادەتنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. ناماز ئوقۇماي روزا تۇتقان كىشىنىڭ نامازنى تەرك ئەتكەنلىگى ئۈچۈن گۇنا بولسىمۇ، تۇتقان روزىسى مەقبۇل بولىدۇ. چۈنكى بۇ ئىككى ئىبادەت ئۆز ئالدىغا ئايرىم ئىبادەتتۇر.

**— قانداق كىشىلەردىن روزا كەچۈرۈم قىلىنىدۇ؟**

— ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ، يولدا بولۇپ قالغان مۇساپىرلاردىن، كېسەل بولۇپ، ئەگەر روزا تۇتسا تەن سالامەتلىگىگە زەرەر يېتىدىغان ھالەتتىكى كىشىلەردىن، بالا ئېمىتىدىغان ئايالدىن، ياشىنىپ قالغانلىقتىن روزا تۇتسا ئۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان قېرى كىشىلەردىن كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. رامازان ئېيىدا تۇتالمىغان روزىسىنىڭ قازاسىنى كېيىن بىر كۈنگە بىر كۈن ھېساپلاپ تۇتىدۇ. بىراق ياشىنىپ قالغانلىقتىن تۇتالمىغان كىشى روزىسى ئۈچۈن ھەر كۈنىگە مەلۇم مىقداردا پۇل ھېساپلاپ سەدىقە بېرىدۇ. ژۇقۇرىدىكىلەردىن باشقا ھەر قانداق ئۆزرىلەر كىشىنى روزا تۇتۇشتىن توسالمايدۇ.

**— زاكات ھەققىدە ئېيتىپ ئۆتسىڭىز؟**

— زاكات ھەر قانداق مۇسۇلمان، ئەقىل - ئىدرەكلىك، قەرزدار بولمىغان، ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىدىن تاشقىرى پۇل، مالغا ئىگە بولغان كىشىلەرگە پەرزدۇر. زاكات بىر ژىلدا بىر قېتىم بېرىلىدۇ. زاكات بېرىشتە كىشى ئۆز ھاجىتىدىن تاشقىرى پۇل - مالغا ئىگە بولغانلىغىغا بىر ژىل توشۇشى شەرت. زاكات «قۇرئان كەرىمدە» بايان قىلىنغان مونۇ كىشىلەرگە بېرىلىدۇ. «زاكات پەقەت پېقىرلارغا (زاكات بېرىشكە كۈچى يەتمەيدىغان كەمبەغەللەرگە)، مىسكىنلەرگە (ھېچ نەرسىسى يوق ئاجىز يوقسۇللارغا)، زاكات خادىملىرىغا، دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا، قۇللارنى ئازات قىلىشقا قەرزدار بولۇپ قالغانلارغا، ئاللانىڭ يولىغا، ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ، يولدا قالغان پۇلسىز مۇساپىرلارغا بېرىلىدۇ».

ئەندى پىتىر سەدىقە ئەسلى ئېھتىياجىدىن تاشقىرى مالغا ئىگە بولغان ھەر قانداق مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرزدۇر. پىتىر سەدىقىسىنى زاكات بېرىلىدىغان كىشىلەردىن قايسى بىرسىگە بولسىمۇ بەرسە بولىدۇ. ئەندى پىتىر سەدىقىسىنى ھېيت نامىزىغا بېرىشتىن بۇرۇن بەرسە سوۋابى كۆپ بولىدۇ.

**– روزا تۇتقان كىشىنىڭ كۈندۈزى يۇيۇنۇشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە جىسمىغا قوللان-
غان تاشقى دورىلار روزىنى بۇزامدۇ؟**

– ئىسلام دىنى پاكلىق دىنى، پاكىزلىق ئىماننىڭ جۈملىسىدىن سانىلىدۇ. مۇسۇلمان كى-
شى ھەر ۋاقىت پاكىزە، خۇش پۇراق يۈرۈشى ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان بىر ياخشى ئىش-
تۇر. جۇنۇپ بولغان ئادەمنىڭ يۇيۇنۇشى پەرزدۇر. بەدىنى كىر بولمىغان بولسىمۇ يۇ-
يۇنمىغىنىغا ئۇزاق ۋاقىت بولۇپ قالغان كىشىنىڭ يۇيۇنۇشى سوۋاپلىق ئىش. رامازاندا
روزا تۇتقان كىشىنىڭ كۈندۈزى قايسى بىر سەۋەبلەر بىلەن يۇيۇنۇشى ئۇنىڭ روزىسىنى
بۇزمايدۇ. ئىمام مالىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رامازان كۈنىدە روزا تۇتۇپ كۈندۈزى
ئۇسسۇزلۇقتىن ۋە كۈننىڭ ئىسسىقلىقىدىن بېشىغا سۇ قۇيۇپ يۇيۇنۇۋاتقانلىقىنى رىۋا-
يەت قىلغان. ئائىشە رەزى ياللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رامازاندا كۈندۈزى
يۇيۇنىدىغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىسلەرگە ئاساسەن رامزاندا بولسۇن ۋە باشقا
كۈنلەردە بولسۇن روزا تۇتقان كىشىنىڭ كۈندۈزى يۇيۇنۇشى ئۇنىڭ روزىسىنى بۇزمايدۇ.

ئەندى ئېغىز، بۇرۇن ۋە جىنسىي ئورگانلاردىن باشقا جايلارغا دورا قويۇش ۋە سۈر-
كەشلەر روزىنى بۇزمايدۇ. شۇنىڭدەك روزا تۇتقان ئايال كىشىنىڭ كۆزلىرىنى بوياشلىرى،
ئەر - ئايال ھەر قانداق كىشىنىڭ ئەتىر ۋە خۇش پۇراقلارنى ئۆزلىرىگە چېچىشلىرى، سۈر-
كەشلىرى روزىنى بۇزمايدۇ. مەسىلەن، كۆزگە دورا قويۇش بىلەنمۇ روزا بۇزۇلمايدۇ. ئى-
مام ئىبنى تەيمىيەنىڭ پەتىۋاسىغا ئاساسەن، روزا تۇتقان كىشىنىڭ كۈندۈزى ئۇكول سال-
دۇرۇشىمۇ روزىنى بۇزمايدۇ. شۇنداقلا بەدەننى مەلھەم ۋە مايلار بىلەن ياغلاشمۇ روزى-
نى بۇزمايدۇ.

**– روزا تۇتۇشنىڭ ئىنسان ئۈچۈن پايدىلىق تەرەپلىرى قايسىلار؟**

– ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان ئىبادەتلەر ھېچ قانداق مەنپەئەت ۋە دۇنيالىق پايدىنى
كۆزلىمەستىن، پەقەت ئاللانىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئاللانىڭ رازىلىقى ئۈ-
چۈنلا قىلىنىدۇ. شۇنداقتىمۇ ھەر قانداق ئىبادەتنىڭ ئاخىرەتلىك ۋە بۇ دۇنيالىق پايدىلى-
رى باردۇر. مەسىلەن، نامازنىڭ ئاساسىي مەخسىتى ۋە ئاخىرەتلىك پايدىسى ئاللاغا بەن-
دىچىلىكنى ئەمەلىي ھەرىكەتلەر بىلەن ئىپادىلەش ۋە ئاللانى ياد ئېتىشتىن ئىبارەتتۇر.
بۇ ھەقتە ئاللا مۇنداق دەيدۇ: «مېنى ياد ئېتىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن». نامازنىڭ بۇ
دۇنيالىق پايدىلىرى بولسا ئۇنىڭ كىشىنى يامان، قەبىھ ئىشلاردىن توسىشى ۋە گۈزەل
ئەخلاقلار بىلەن زىننەتلىشىدۇر. ئاللا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ. «ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ ئىش-
لاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسايدۇ. ئاللانى ياد ئېتىش ھەممىدىن ئۇلۇغتۇر». يەنى ئاللانى
ياد ئېتىش نامازنىڭ ئاخىرەتلىك پايدىسى بولسا، يامان ئىشلاردىن ناماز ئارقىلىق توسۇ-
لۇش ئۇنىڭ بۇ دۇنيالىق پايدىلىرىدىندۇر. روزىنىڭمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئاخىرەتلىك ۋە
دۇنيالىق پايدىلىرى باردۇر. روزىنىڭ ئاخىرەتلىك پايدىسى ئاللانىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈ-
رۈش ئارقىلىق گۇناھلاردىن ساقلىنىش نەتىجىسىدە جەننەتنى قازىنىش بولسا، روزىنىڭ بۇ
دۇنيالىق پايدىلىرى ئىنتايىن كۆپتۇر. ئاللا مۇنداق دەيدۇ: «ئى، مۆمىنلەر (گۇناھلاردىن)
ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە روزا پەرز قىلىنغىنىدەك سىلەرگىمۇ (راما
زان روزىسى) پەرز قىلىندى». دېمەك، گۇناھلاردىن ساقلىنىش جەننەتكە كىرىشنىڭ مۇ-

قەدىرلىنىدۇ.

روزىنىڭ بۇ دۇنيالىق پايدىلىرى تۆۋەندىكىچە:

روزا ئىنساننى دۇنيادا ئۆزىگە ئىشىنىپ، ھەددىدىن ئېشىپ كېتىشتىن ساقلىغاندەك، ئاخىرەتتە ئۇنى دوزاختىن ساقلايدۇ.

روزا ئىنساننى ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتلەردىن تەربىيىلەيدۇ.

روزا ئىنساننى گۇناھ، ئەيشى – ئىشرەت قىلىشلىرىدىن ساقلايدۇ.

روزا تۇتقان كىشىنىڭ ئېغىزىنىڭ ھىدى ئاللاھقا ئىپار، ئەنبەردىنمۇ خۇش پۇراق ۋە يېقىملىق كېلىدۇ.

روزا ئىنساننى جىمى كېسەللىكلەردىن ساقلىققا ئېلىپ بارىدۇ.

روزا تۇتقان ئادەم ئەتىگەندىن ئاخشامغىچە ئىبادەت ئىچىدە بولىدۇ.

پەرىشتىلەر روزا تۇتقان ئادەمنىڭ گۇناھلىرىغا مەغپىرەت تىلەپ تۇرىدۇ.

روزا سايىسىدا ئىنسان پەرىشتىلەر ھاسىل قىلالمىغان پەزىلەتلەرنى ھاسىل قىلىدۇ.

روزا ئىنسانغا سەۋر قىلىشنى ئۆگىتىدۇ.

روزا ئىنساننى نەپسىنىڭ ھاۋايى – ھەۋەسلىرىگە باش ئەگمەيدىغان ئىرادىلىك قىلىپ يېتىشتۈرىدۇ. چۈنكى روزىدا كۈندۈزى ئىنسان نەپسىگە بويى ئەگمەيدۇ، بەلكى ئاخشامغىچە سەۋر قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

روزا ئىنسانغا ئىختىسات قىلىشنى ئۆگىتىدۇ. چۈنكى روزا تۇتقان كىشى كۈندۈزى خالىغىنىنى يېيىشتىن ۋە ئىچىشتىن توسۇلىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئىختىسات قىلغان بولىدۇ ۋە كېيىنمۇ شۇنداق ئىختىسات قىلىشنى ئۆگىنىدۇ.

روزا ئىنساننىڭ ئۆتكەن گۇناھلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆچۈرىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى رامىزاندا ئاللاھقا ئىمانى بىلەن ساۋابىنى كۆزلەپ روزا تۇتىدىكەن، ئۇنىڭ ئۆتكەن گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ».

روزا ئىنسان تويغۇلۇقىدىن ئۆلگىچە تويماي ئىشلەپ تېرىغان ئاشقازاننى ئارام ئالدۇرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئاجىزلاپ كېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

روزا ئىنساننى ئارتۇقچە سەمىرىپ كېتىشتىن ساقلايدۇ. چۈنكى ئارتۇق سېمىزلىق كېسەلنىڭ ئالامىتىدۇر.

روزا ئاللاھ بىلەن ئىنساننىڭ ئارىسىدىكى مەخپىي ئەمەلدۇر. چۈنكى كىمنىڭ روزا تۇتقان ۋە تۇتمىغانلىقىنى پەقەت ئاللاھ بىلىدۇ. بۇ مەخپىي ئىبادەتتۇر. بۇلاردىن باشقا روزىنىڭ نۇرغۇن پايدىلىق تەرەپلىرى باردۇر.

**– روزا ۋاقتىدا بولسۇن ياكى باشقا ۋاقىتتا بولسۇن باش كىيىمسىز ناماز ئوقۇسا بولامدۇ؟**

– ئىسلام دىنىدىكى پۈتۈن مەزھەپلەردە باش كىيىمسىز ناماز ئوقۇشتا ھېچ بىر گۇناھ بولمايدۇ. بىراق ھەنەپى مەزھىپىدە باش كىيىمسىز ناماز ئوقۇش مەكرۇھ بولىدۇ. پەقەت ئۇزۇر سەۋەبىدىن باش كىيىمسىز ناماز ئوقۇسا گۇناھ بولمايدۇ دېيىلگەن. ئەمما ۋۇجۇدىدىكى مەزھەپلەرنىڭ قاراشلىرى ھەقتۇر.

**– ھاراق ئىچىدىغان ئادەمنىڭ ئوقۇغان نامىزى مەقبۇل بولامدۇ؟**

ــ نامازئوقۇش ھەر قانداق مۇسۇلمان، ئاقىل،بالىغ كىشىلەرگە پەرىزدۇر. پەرىزنى تەرك ئەتكەن كىشى ئاللانىڭ جازاسىغا يولۇقىدۇ.ھاراق ئىچىش بولسا ئاللاھارام قىلغان ئىشتۇر. ھاراق ئىچىدىغان كىشى مەسىلىك ھالىتىدە ئەمەس، بەلكى ئوكشالغاندىن كېيىن كامىل تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇسا ئۇنىڭ ئوقۇغان نامىزى مەقبۇل بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىچكەن ھارىغى ئو- قۇغان نامىزىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ. چۈنكى گۇنا گۇناغا، سوۋاپلىق سوۋاپلىققا يېزىلىدۇ. ئاللا ھەر ئىككىسىگە ئاساسەن ئايرىم مۇكاپات ۋە جازا بېرىدۇ. نامازنى ھەقىقى رەۋىشتە ئوقۇغان كىشى ھاراق ئىچىشتىنمۇ توسۇلىدۇ.

**ــ ئۆلۈككە ئاتاپ ئوقۇغان قۇرئاننىڭ سوۋاۋى ئۇنىڭغا يېتەمدۇ؟**

ــ ئولۈكنىڭ روھىغا ئاتاپ قۇرئان ئوقۇغان كىشى قۇرئان ئوقۇغىنىغا ھەق ئالمىغان بولسا، ئۇنىڭ سوۋاۋىنى ئولۈككە ئاتىسا، ئۇنىڭغا يېتىدۇ. ئەگەر قۇرئان ئوقۇغىنىغا ھەق ئال غان بولسا، ئۇنىڭ قۇرئان ئوقۇغىنىغاھېچ قانداق سوۋاپ بولمايدۇ. نەتىجىدە ئۆلۈككىمۇ ھېچ نەرسە يەتمەيدۇ. چۈنكى يوق سوۋاپ ئۆلۈككە يەتمەيدۇ. ئەگەر قۇرئاننى خالىس ئاللا ئۈچۈن ھەق ئالماي ئوقۇغان بولسا، ئۇنىڭغا سوۋاپ بېرىلىدۇ. بۇ سوۋاپنى ئۆلۈككە ئاتىسا بولىدۇ.

**«ئۇيغۇر ئاۋازى» 1997 ــ يىل، 1 ــ فېۋرال**

# روزىڭىز قوبۇل بولسۇن

روزا تۇتۇش بارلىق ساماۋىي دىنلارغا ئورتاق بولغان قەدىمىي ئىبادەتتۇر. روزىنىڭ ھېكمىتى ۋە پايدىسىنى چۈشەنمىگەن بەزى كىشىلەر ھېمىشەم بۇ ھەقتە مۇنازىرە ۋە تالاش- تارتىشلارنى قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلار: «نېمە ئۈچۈن ئاللاتائاللا ئىنسانغا يېيىش ئۈچۈن ئېغىز، چايناش ئۈچۈن چىش، ھەزىم قىلىش ئۈچۈن ئاش قازاننى بەرگەنۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىنسانغا يېمەڭلار، ئىچمەڭلار دەپ ئەمر قىلىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن گۈزەللىككە ۋە جىنسىي ھەۋەسنى يارىتىدىيۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن نامەھرەم ئاياللارغا تىكىلىپ قارىماڭلار، روزا - رامىزانلاردا كۈندۈزلىرى جىنسىي ھەۋەسنى ئۇنتۇڭلار، دەپ ئەمر قىلىدۇ؟بۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق كېلەمدۇ؟» دەپ سورىشىدۇ. بىز ئېيتىمىزكى، بۇ تامامەن ئەقىلگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئاللا ئىنسانغا ئات - ئۇلاغلارنى ئۇلارنىڭ ئىنسانلارنى بويسۇندۇرۇشى ۋە ئىنسانلارنىڭ ئۈستىگە مىنىشى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئادەملەرنىڭ ئات - ئۇلاغلارغا مىنىشى ۋە ئۇلارنى بويسۇندۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ خىزمەتلىرى ئۈچۈن پايدىلانسۇن دەپ يارىتىپ بەرگىنىگە ئوخشاش،ئىنساننىڭ ھەۋەس - نەپسى، بەدىنىمۇ ئىنسان باشقۇرۇپ، نازارەت قىلىدىغان، ئۇنىڭغا بويسۇنىدىغان نەرسىلەردۇر.

ئىنساننىڭ بەدىنى ۋە نەپسى، ھاۋايى - ھەۋەسلىرى ئۇنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا بولۇشى كېرەك. ئەگەر ئادەم بەدەن ۋە نەپسى ھاۋايى - ھەۋەسلەرنىڭ تەلەپلىرىگە بويسۇنۇپ، ئۇلارغا قۇل بولۇپ قالىدىكەن، ئۇ ئىنسانلىق خىسلىتىنى يوقاتقان بولىدۇدە، ھايۋانغا ئوخشاش ھاۋايى - ھەۋەسلەرنىڭ ئەسىرىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. چۈنكى نەپسىنىڭ ۋە كۆڭۈلنىڭ ھاۋايى - ھەۋەسلىرىگە باش ئەگمەستىن، ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش ۋە ئۇلارنى بويسۇندۇرۇپ تۈز يولدا ئىشلىتىش ئىنسانىيلىقنىڭ ئالامىتىدۇر.

ئاللا تائاللا قۇددىس ھەدىسىدە مۇنداق دېگەن: «ئىي، ئادەم بالىسى، سېنى مەن ئۆزۈم ئۈچۈن ياراتتىم ۋە بارلىق شەيئىلەرنى سېنىڭ ئۈچۈن ياراتتىم. سەن ئۆزەڭ ئۈچۈن يارىتىلغان شەيئىلەر بىلەن مەشغۇل بولماستىن، بەلكى مېنىڭ ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىڭ بىلەن مەشغۇل بولغىن!» شۇڭلاشقا ئاللاتائاللا بىزگە تەبىئەتنى ئۇنىڭ بايلىقلىرى ۋە پۈتكۈل قانۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە بويسۇندۇرۇپ بەرگەن، بۇلارنى ئۆزلىكىدىن بىزلەرگە بويسۇنىدىغان ۋە بىزنىڭ خىزمىتىمىزدە بولىدىغان قىلىپ يارىتىپ بەرگەن. بىز پەقەت ئۆزىمىز ئۈچۈن يارىتىلغان نەرسىلەرنى مۇۋاپىق قوللىنىپ، ئۇلاردىن پايدىلىنىشقا بۇيرۇلدۇق.

ھاياتلىق ئاللا تائاللانى تونۇش يولىدىكى بىر سەپەر بولۇپ، ئۇنىڭ كامالىتى ۋە غايىسى ئاللا تائاللاغا لايىقىدا شۈكۈر ئەيلەپ، بەندىچىلىكنى بەجىرىش ئارقىلىق ئۇنى رازى قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. روزا تۇتۇش بولسا بۇ سەپەردىكى بىرىنچى باسقۇچلۇق مەشىقتۇر. ئىنسان بۇ مەشىق ئارقىلىق بەدەن ۋە نەپسى، ھاۋايى - ھەۋەسلەرنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ، باشقۇرۇش بىلەن ئۆزىنىڭ غوجايىنلىقىنى يۈرگۈزەلەيدۇ ۋە ئەينى ۋاقىتتا ئاللا تائاللانىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرگەن بولىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندىكى زامانىۋى تىببىيات روزا تۇتۇشنى بەزى كېسەللىكلەر ئۈچۈن داۋا ئورنىدا قوللانماقتا. روزا تۇتۇش، بەزى يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلىش دوختۇرلارنىڭ نەقەدەر مۇھىم تەۋسىيەسى ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. پۈتكۈل دۇنيا دوختۇرلىرى ئاغرىق كىشىنىڭ ئىمىلەرنى يەپ، ئىمىلەرنى يېمەسلىكى ۋە قانداق ۋاقىتتا يەپ، قانداق ۋاقىتتا يېمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە. روزا تۇتۇش ئىنساندىكى ھەزىم قىلىش سىستېمىلىرىنى راھەتلەندۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ داۋاملىق نورمال ئىشلەپ تۇرۇشىنى ساقلاپ قېلىشقا سەۋەبچى بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئۇ جىگەرنىڭ ساقلىقىنى ساقلايدۇ. چۈنكى روزا تۇتقان ياكى پەرھىز قىلىپ، بىر نەرسە يېمىگەن كىشىنىڭ جىگەرى ئارام ئالىدۇ. جىگەر راھەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن كوپلىگەن زەھەرلىك ماددىلارنى بۇزۇپ تاشلاپ، باشقا ئەزالارنىڭ چارچىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

مۇسۇلمانلار «ئاش قازان كېسەللىكلەرنىڭ ئۆيىدۇر، داۋالىنىشنىڭ بېشى پەرھىز تۇتۇش يەنى بەزى يېمەك ـ ئىچمەكلىكلەرنى سالامەتلىككە ئۆيغۇن دەرىجىدە ئىستىمال قىلىش كېرەك» دېگەن تەۋسىيەلەرنى ياخشى بىلىدۇ.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسساللامنىڭ «روزا تۇتۇڭلار، ساغلام بولۇڭلار»دېگەن نەسىھەتكە ئۇيغۇن ھالدا زامانىۋى تىببىيات «روزا تۇتۇڭ، كېسەلدىن ئامان بولۇڭ» دەپ تەۋسىيە قىلماقتا.

ۋۇقۇردا ئېيتقانلىرىمىز، روزىنىڭ پەقەت موشۇ دۇنيادا ئىنسانلارغا يەتكۈزىدىغان پايدىسىدۇر. ئۇنىڭ ئاخىرەتتىكى پايدىسى ئىنتايىن چوڭ، چۈنكى ئاللا تائالا «روزا تۇتقۇچىلارنىڭ مۇكاپىتىنى پەقەت ئۆزەم بېرىمەن» دېگەن. ئاللا ئىنسانلارنى ھېچ قاچان پايدىسىز ئىشلارغا بۇيرىغان ئەمەس، ئۇنىڭ ھەر بىر ئەمرىنىڭ بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك پايدىلىرى كۆپتۇر. روزىنى ئاللا تائاللانىڭ ئەمرى بولغانلىقى ئۈچۈن تۇتۇمىز، ئۇنىڭ بىلەن كەلگەن پايدىلار يەنىلا بىزلەرگە مەنسۇپ.

**«ئۇيغۇر ئاۋازى» 1997 ـ ژىل، 11 ـ يانۋار**

# دىن – ئىجتىمائىي زۆرۈرىيەتتۇر

دىنىي ئېتىقات ئىنسانلار يارىلىشتىن بېرى ئۇلاردا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن تەبىي چۈشەنچە بولۇشى بىلەن بىر قاتاردا ئۇ شۇنداقلا ئىجتىمائىي زۆرۈرىيەتتۇر. ئىنسانلار كىشىلىك ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ دەخلىسىز داۋام قىلىشى ئۈچۈن كاپالەتلىك قىلىپ يول كۆرسىتىدىغان ئىلاھىي تەلىماتلارغا (يەنى دىنغا) ئىنتايىن مۇھتاجدۇر. چۈنكى كىشىلەرنى قانۇنىي تەرتىپكە بويسۇندۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا ھوقۇقلىرىنى قوغداشتا ۋە جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىشتا بىرەر ئېتىقاتقا، جۈملىدىن، دىنىنىڭ قۇدرىتىگە تەڭ كېلىدىغان كۈچ يوقتۇر. ئۇنىڭ سىرى شۇكى، ئىنساننىڭ ئىختىيارى ھەرىكەتلىرى ۋە بارلىق پائالىيەتلىرىنى ئىدارە قىلىپ تۇرىدىغان بىرلا نەرسە بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ ئىنسانىي روھتۇر. باشقىچە ئېيتقاندا، ئۇ تەپەككۇر ۋە ئەقىدە دېيىلىدۇ. ئۇنى كۆز بىلەن كۆرگىلى، قۇلاق بىلەن ئاڭلىغىلى، ياكى قول بىلەن تۇتقىلى بولمايدۇ. مانا بۇ ئىنساننىڭ باشقا مەخلۇقاتلاردىن ئالاھىدە پەرقلىق يارىتىلغانلىقىنىڭ بىردىن – بىر ئىپادىسى.ماتېرىيالىستىك كۆز قاراشنى تەرغىپ قىلغۇچىلار بۇ ھەقىقەتنى ئەكسىچە چۈشەندۈرۈپ، «تەپەككۇر بىلەن ۋىجدان ماددىي ۋە ئىختىسادىي ھاياتقا تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. ئەكسىچە تەپەككۇر بىلەن ۋىجدان ماددىي ۋە ئىختىسادىي ھاياتتىن مەلۇم دەرىجىدە تەسىر ئالىدۇ» دېگەن پىكىرنى ئالغا سۈرىدۇ. ماركسىنىڭ بۇ نەزەرىيەسى ئۆلۈك موجىزات سۈپىتىدە يارىتىلغان ئىنساننى ھايۋانات دەرىجىسىدە كامسىتىش بىلەن بىللە ئەسىرلەر بويى ئىنسانلارنىڭ كىشىلىك ۋە ئىجتىمائىي ھاياتلىرىدا ئۆز رولىنى كۆرسىتىپ كەلگەن دىندىن ئىبارەت ئۆزگەرمەس قانۇنىيەتنى ئىنكار قىلغانلىقتۇر. بۇ ئىنساننى روھ ۋە ۋىجدانىي ئېتىقاتى بىلەن ھېساپلاشماستىن پەقەت ماددىي ھايات دائىرىسىدە ياشاشقا ئۈندەيدىغان، ئۇلارنىڭ كەلگۈسى بەخت – سائادىتىگە يېتىشىدە پەقەت ماددىي ھاياتلا ھەل قىلغۇچى رول ئوينايدۇ، دېمەكچى بولغان ناتوغرا پىكىردۇر. ئىنسان ئەزەلدىن ۋە مەڭگۈگە توغرا ياكى خاتا تەپەككۇرلەرنى ئارىسىدا ئىش ئېلىپ بارىدىغان ئاڭلىق مەۋجۇداتتۇر.ئەگەر ئۇنىڭ ئەقىدىسى بىلەن تەپەككۇرى ئىزگۈ يېتۈكلىككە ئىگە بولسا، ئۇنىڭ بارلىق ئىشلىرى ياخشىلىققا قاراپ يول ئالغان بولىدۇ. ئەكسى ھالەتتە ئۇنىڭ ھەممە ئىشلىرى كاژلىققا يۈز تۇتىدۇ. ئىنسانلارنى پەقەت ئۇلارنىڭ قەلبى دۇنياسى باشقۇرىدۇ. كىشىلەر بىرەر بىر ئېتىقاتنى ئاڭلىق قوبۇل قىلمىسا ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تەرىپىدىن چىقىرىلغان قانۇنلارغا ئۇلارنى مەجبۇرەن بويسۇندۇرۇش ئۈنۈملۈك نەتىجە بەرمەيدۇ. تۈرمىلەردە جازالىنىۋاتقان جىنايەت قىلغۇچىلار ئۇ يەردىن قۇتۇلغىچىلا قانۇنغا بويسۇنغان بولىدۇدە، ئۇ يەردىن چىقىپ ئالغىنىدىن كېيىن يەنىلا ئۆيىغا كەلگىنىنى قىلىشقا ئۆتىدۇ.ئەگەر كىشىلەر قەلبىدە ياخشى يامانىي كەسكىن ئىلغا قىلىنىۋالىدىغان سېزىم، شۇنداقلا بىر ئېتىقات – دىنىي سىغىنىش بولسا، ئۇلار ئۆزلىكىدىن يامان يولغا كىرمەيدۇ. شۇڭلاشقا دىنىي تەربىيەنى كۆچەيتمەي تۇرۇپ، ئىلىم، تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەتنى قانات يايدۇرۇش بىلەنلا جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىپ، ئۇنىڭدا خاتىرجەملىك ۋە ئامانلىق ئورناتقىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئىلىم ئىككى

بىسلىق پىچاقتا ئوخشاشتۇر. ئۇنىڭ بىلەن ھەر قانداق نەرسىنى ئىسلاھ قىلغىلى بولغىنىدەك، ئۇنىڭ بىلەن ۋەيران قىلىۋېتىشمۇ مۇمكىن. شۇڭا ئىلىم - پەننى تېز يولدا تەرەققىي ئەتكۈزۈپ، ئىنسانىيەتكە ياخشىلىق يارىتىشتا ۋە مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا يەنىلا شۇ ئىزگۇ نىيەت باشلامچىلىق قىلىشى شەرت. ئۇ بولسىمۇ ئىمان ۋە ئەقىدىدۇر. دىن ئىنسانلار ئارىسىدىكى ھوقۇقلارنى قوغداش ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇئامىلاتلارنى ئادالەت ۋە ئىنساپ قائىدىسىگە ئاساسەن ۋۇرگۈزۈشى كاپالىتكە ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن دىنىي تەلىماتنى جەمىيەتنى باشقۇرۇشتىكى ئىجتىمائىي زۆرۈرىيەت دەپ كەسكىن ئېيتىمىز.

ۋۇقۇرىدا ئېيتىلغان پىكىرلەرنى ئەمەلىي رېئاللىقلار بىلەن تەستىقلەش ئۈچۈن دىنىي زاتلارنىڭ سۆزلىرىنى ئەمەس، بەلكى دۇنيادىكى مەشھۇر سىياسىيونلارنىڭ، ئىلىم - پەن ساھاسىدا تونۇلغان ئالىملارنىڭ ۋە دۇنيا ئۇرۇشلىرىدا قوماندانلىق قىلغان مەشھۇر شەخسلەرنىڭ سۆزلىرىنى مىسالغا كەلتۈرۈشكە بولىدۇ. ئامېرىكىلىق تەبىئەت ئالىمى بۇ توغرىلىق مۇنداق دېگەن: «ھاياتلىقتىكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك نەرسىلەر ئىمان بىلەن ئەخلاقتۇر. بۇ ئىككىسىنىڭ يوقلۇقى دۇنيا ئۇرۇشلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەپ بولىدۇ. ئەگەر بىز ھازىردىن باشلاپ ئىمانىي ئېتىقاتنى تىكلەشكە ۋە ئۇنى كۈچلەندۈرۈشكە تىرىشمايدىغان بولساق، ئىلىم- پەننىڭ ھاياتلىقتا ھېچ قانداق ئەھمىيىتى قالماي، بەلكى ئۇنىڭ ئىنسانلارغا پايدىسى ئەمەس، زىيىنىنى يەتكۈزىدىغان بولىدۇ». فرانسىيەنىڭ دۆلەت ئەربابى، مارشال ۋېلىپ پېتان ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا قوماندانلىق قىلىۋاتقان مەزگىلىدە «جەڭدە غەلىبە قىلىشنىڭ ئاساسىي ئامىلى ئەخلاق ۋە ئىنتىزامدۇر. ئەسكەرلەرنىڭ بۇيرۇقلارنى ئىجرا قىلىشتا ئۆزلىرىنىڭ ۋىجدانەن قىزىقىشلىرى بولمايدىكەن. قوماندانىنىڭ ئۇلارنى پۈتۈن كۈچى بىلەن بۇيرۇق ئىجرا قىلىشقا دەۋەت قىلىشى قانائەتلىنەرلىك ئۈنۈم بەرمەيدۇ. ئەسكەرلەر ئارىسىدىكى ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشىدىن كېلىپ چىقىدىغان خەتەرلەر دۈشمەننىڭ خەتەرىدىنمۇ چوڭ ۋە پالاكەتلىكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىمىزنىڭ نەپسىمىزدىكى ھاۋائىي ھەۋەسلەرنى دىنىي ئەخلاققا يۆلىنىپ يەڭمەي تۇرۇپ ھەرگىزمۇ ئۇرۇشلاردا غەلىبە قىلالمايمىز» دەپ سولداتلىرىغا خىتاپ قىلغان.

دېمەك، مەيلى شەخسىي تۇرمۇش شارائىتىدە بولسۇن، مەيلى جەمىيەت ھاياتىنىڭ تەرەققىياتىدا بولسۇن بىرەر ئېتىقات، يەنى دىنىي تەلىماتقا سىغىنماي ئىش ئېلىپ بېرىش پايدىسىز، تەۋەككەلچىلىك بولۇپ سانىلىدۇ.

**مۇھەممەت يۈسۈپ.**

**«يېڭى ھايات»، 199 - ۋىل، 27- فېۋرال.**

# رامازان ئېيىنىڭ شاراپىتى

ھەممىگە مەلۇمكى، رامازان ئېيى باشقا ئايلارغا قارىغاندا، ئاللا تائاللا تەرىپىدىن ئالاھىدە ئۇلۇغ، خەيرى بەرىكەتلىك قىلىپ بەلگۈلەنگەن. شۇڭلاشقا مۇسۇلمانلار نەزىرىدىمۇ بۇ ئەڭ ئۇلۇغ ئايدۇر. شۇنداقلا ئىسلام دىنىدا قولغا كەلگەن بۈيۈك غەلىبىلەر ۋە كۆپلىگەن ياخشى ئىشلار موشۇ ئايدا ئەمەلگە ئاشقان.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا دەسلەپكى ۋەھىنىڭ كېلىشىگە باغلىق قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ نازىل بولۇشقا باشلىنىشى، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىكى ھىرا غارىدا ئۆزى يالغۇز ھالدا ئاللاغا ئىبادەت قىلىشقا كىرىشىشى رامازان ئېيىنىڭ 21- كۈنى يۈز بەرگەن. بۇ مىلادىيەنىڭ 610- ژىلى، ئاۋگۇست ئېيىنىڭ ق10- كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

ئىسلام دىنىنى تىكلەشتىكى مەشھۇر غازات (بەدىر غازاتى) ھىجرىيەنىڭ 2- ژىلى، رامازان ئېيىنىڭ 17- كۈنى بولغان. بۇ غازاتتا مۇسۇلمانلار دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن چوڭ غەلىبە قازانغان. شۇنداقلا ئىسلام دىنىنىڭ يۈتۈنلىنىشى ۋە مەككىنىڭ فەتھى قىلىنىشىدىن ئىبارەت تارىختىكى ئەڭ بۈيۈك مۇۋاپپەقىيەت ھىجرىيەنىڭ 8- ژىلى، رامازان ئېيىنىڭ 18- كۈنى ئەمەلگە ئاشقان. مىڭ ئايدىن خەيرلىك ھېساپلىنىدىغان قەدىر كېچىسىمۇ رامازان ئېيىغا بەلگۈلەنگەن. رامازان ئېيىنىڭ شاراپىتى توغرىلىق مۇنداق مىساللارنى كۆپىرەك كەلتۈرۈشكە بولىدۇ.

رامازان ئېيىنىڭ ئۇلۇغلىقى ھەققىدە سۆز قىلغىنىمىزدا، بۇ ئايدا يۈز بەرگەن چوڭ غازاتلار قەھرىمانلىرىنىڭ بىرى بولغان ئاسىم ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ نامىنى ئالاھىدە خاتىرلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇ توغرىلىق «كىمكى ئۇرۇشسا ئاسىم ئىبنى سابىت ئۇرۇشقاندەك ئۇرۇشسۇن»(ھەدىس شەرىف) دېيىلىدىغانلىقى ئۇنىڭ ھەقىقىي قەھرىمانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

مەككە مۇشرىكلىرى بەدىر غازاتىدا مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن يېڭىلگىنىدىن كېيىن ئۇنىڭدا ئۆلگەن بالىلىرى، ئاتىلىرى، ئۇرۇق - تۇغقان تېرىنداشلىرى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىش مەخسىتىدە قارشى ھوجۇمغا چىقىدۇ. ئۇنىڭغا قۇرەيىش مۇشرىكلىرىنىڭ ھەممىسى، ھەتتا ئاياللارمۇ بىر جەم بولۇپ قاتنىشىدۇ. ئاياللار مەككە قوشۇنىنىڭ ئارقىسىدىن ژۈرۈپ، ئۇلارنى غازاتتا ئىلگىرلەشكە ۋە كەينىگە قايتماسلىققا دەۋەت قىلىدۇ. غازاتقا چىققان مۇشرىك ئاياللاردىن ھىند، رەيتە، سولافە قاتارلىق مەشھۇر ئاياللارمۇ بار ئىدى. غازات باشلاندى. ھىند باشچىلىقىدىكى ئاياللار قوشۇنى غازاتچىلىرىنىڭ كەينىدە تۇرۇپ، داپلارنى داراڭلىتىپ:

ئىلگىرلىسەڭلار سىلەرگە ھازىرلايمىز گۈلدەستە،
ئەگەر چېكىنسەڭلار سىلەرگە ھەممىمىز غەزەپتە.

دېگەن غەزەللەرنى ئوقۇش ئارقىلىق ئەرلىرىنى غازاتتا چىدام كۆرسىتىشكە ئۈندەيتتى.

غازاتمۇ ئاخىرلاشتى. ئۇنىڭ غەلبىسى مۇشرىكلار تەرەپكە مەنسۇپ بولدى. بۇ غەلبىدىن مۇشرىكلارنىڭ ئاياللىرى خوشاللىقلىرىنى ئىزهار قىلىشىپ، داپلارنى چېلىپ، ئۇسۇل، ناخشىلارنى ئېيتىپ ئويناشقا باشلىدى. ئاندىن كېيىن ئۇلار مۇسۇلمان شېھىدلىرىنىڭ كۆزلىرىنى ئويۇش، بۇرۇن، قۇلاقلىرىنى كېسىش قاتارلىق ۋەھشىلىك ھەرىكەتلىرىنى قىلىشقا ئۆتتى. ئۇلار ھەددىن ئېشىپ، كېسىۋالغان بۇرۇن، قۇلاقلارنى بويىنلىرىغا ئېسىۋېلىشتى. سولافە غازاتقا قاتناشقان ئېرى ۋە بالىلىرىنى ئىزدەشكە كىرىشتى. شۇندا ئېرى ۋە ئىككى ئوغلىنىڭ جەسەتلىرىنى تېپىپ، ئاخىرى قاتتىق جاراھەتلىنىپ ياتقان كىچىك ئوغلىنىڭ يېنىغا كەلگىنىدە، ئۇ - بىزنى ئۆلتۈرگەن ئاسىم ئىبنى سابىت - دەپ ئۈن قاتتىدە، ئۇمۇ جان ئۈزدى.

سولافە قاتتىق غەزەپكە بوغۇلۇپ، لات، ئۇززا بۇتلىرىغا قەسەمياد قىلىپ، ئاسىمنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ بېشىنى قەدەھ قىلىپ هاراق ئىچىشكە بەل باغلىدى. ئاسىمنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ بېشىنى ئېلىپ كەلگەن كىشىگە مال - دۇنيادىن قانچىلىك خالىسا، شۇنچىلىك بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. بۇ خەۋەر تارقالغاندا مۇشرىكلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئاسىمنى ئۆلتۈرۈپ، كۆپ مال - دۇنياغا ئېگە بولۇش ئارزۇسى ئاشتى.

مۇسۇلمانلار مەدىنىگە قايتقاندىن كېيىن بۇ غازاتتا شېھىد بولغانلارنىڭ روھلىرىنى خاتىرلەپ، باتۇرلۇق كۆرسەتكەنلەرنى مەدھىيلىدى. شۇ ئاندا ئۇلار ئاسىم ئىبنى سابىتنىڭ كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقى توغرىلىق سۆز قىلىپ تۇرغىنىدا، بىرسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسساللامنىڭ بەدىر غازاتىغا چىقىشتىن بۇرۇن بىزدىن قانداق غازات قىلىدىغانلىقىمىز ھەققىدە سورىغىنىدا ئاسىم ئىبنى سابىت ئوقياسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، -دۈشمەنلەر ئەگەر يۈز گەز ئۇزاقلىقتا بولسا ئۇنى ئوقيا بىلەن، ئۇنىڭدىن يېقىندا بولسا قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرىمەن، — دېگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسساللام: - ئۇرۇش - غازات ئەنە شۇنداق بولىدۇ. كىمكى ئۇرۇشسا ئاسىم ئىبنى سابىت ئۇرۇشقاندەك ئۇرۇشسۇن، - دېگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالدىڭلارمۇ» دەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسساللامنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بىر نەچچىلىگەن ساھابىلىرى چارلاش گۇرۇپپىسى تەركىبىدە مەككىگە يېقىن بىر جايغا كېلىدۇ. بۇ جايدىكى ھوزەيل قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرى ئۇلارنى بايقاپ قېلىپ، ئەتراپىنى قورشاۋېلىپ ئۇلارغا «سىلەر بىزگە تەڭ كېلەلمەيسىلەر، ياخشىلىقچە تەسلىم بولۇڭلار! ئەگەر بۇ بۇيرۇغىمىزنى ئورۇندىساڭلار بىز سىلەرگە يامانلىق قىلمايمىز» دەيدۇ.شۇ ۋاقىتتا چارلاش گۇرۇپپىسى بىر- بىرىگە قارىشىپ، مەسلىھەت سوراشقاندەك قىياپەتتە تۇرىشىدۇ. ئاسىم ئىبنى سابىت بولسا قەددىنى رۇسلاپ تۇرۇپ «مەن مۇشرىكلارنىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنمەيمەن» دەپ قىلىچىنى يالىڭاچلاپ جەڭگە كىرىدۇ. لېكىن كۈچ جەھەتتىن غالىپ دۈشمەنلەرگە تەڭ كېلەلمەي، جەڭدە شېھىد بولىدۇ. ئارقىدىن باشقا ئۇنىڭ سەپداش ساھابىلىرىمۇ ۋەھشىلەرچە ئۆلتۈرۈلىدۇ. ھوزەيللەر دەسلەپتە ئاسىم ئىبنى سابىتنىڭ جەسەدىنى بايقىماي قالغان بولسىمۇ كېيىن ئۇنى تونۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ ئېلىش ئارقىلىق سولافەگە تاپشۇرۇپ،مال - دۇنياغا غەرق بولىدىغانلىقىنى ئويلىشىپ خوشال بولۇشىدۇ. لېكىن تاڭ ئېتىش بىلەنلا قاتتىق يامغۇر يېغىپ، ئاندىن چوڭ سەل كېلىپ، ئاسىمنىڭ جەسەدى بۇ

سەل بىلەن كوزدىن غايىپ بولدى. ئاسىم ئىبنى سابىت شېھىد بولۇش ئالدىدىكى دەملىرىدە «ئېھ ئاللا، سەن ئاتا قىلغان دىنىمىزنى قوغداش يولىدا غازات قىلدىم. جەسەدىمنى دۈشمەنلىرىمنىڭ قولىغا چۈشەرمىگىن» دەپ سورىغان ئىدى. ئاللا ئۇنىڭ ئىلتىجاسىنى ئىجابەت قىلغانلىقى نەتىجىسىدە ئۇنىڭ جەسەدى خورلانمىغان.

**مۇھەممەت يۇسۇپ.**

**«يېڭى هايات» 1999- يىل، 16- يانۋار.**

# مەن نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمان بولدۇم؟

**سىرلاۋدەر بۇرۇنتون ئوكسفورت ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتەرگەندىن كېيىن ئانگلىيەدە مەشھۇر دۆلەت ئەربابى بولغان ۋە ئەدەبىي ماھارىتى بىلەن شۆھرەت قازانغان ئىنگلىز ئالىمدۇر.تۆۋەندە ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقى ھەققىدىكى بايانى بېرىلدى.**

مېنىڭ قانداق قىلىپ مۇسۇلمان بولغانلىقىم توغرىسىدا ھېكايە قىلىشىم ئۈچۈن بۇ پۇرسەتنىڭ بېرىلگەنلىكىگە ناھايىتى خۇشالمەن. مەن خرىستىيان ئائىلىسىدە ئۆسۈپ يېتىلدىم. كىچىكىمدىن باشلاپلا خرىستىيان دىنىنىڭ تەلىماتلىرىنى ئوقۇشقا ۋە ئۆگىنىشكە كىرىشتىم. ئىنگلىز چېركۈۋلىرىغا باغلاندىم، خرىستىيان دىنىغا دەۋەت قىلىش ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىپ كەلدىم.

بىر قانچە يىلدىن بېرى خرىستىيان دىنىنىڭ تۈپ ئاساسى بولغان «ئىسانى ئاللانىڭ ئوغلى ۋە ئۇ ئۆزىنى ئىنسانىيەتنىڭ خاتالىقلىرىنى يۇيۇش ئۈچۈن پىدا قىلغان دەپ ئېتىقات قىلىدىغانلاردىن باشقا پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئاخىرەتتە مەڭگۈلۈك ئازاپقا دۇچار بولىدۇ» دېيىدىغان ئەقىدىگە ھەيرانلىقىم بىلەن قاراتتىم، توغرىسى بۇ ئەقىدىگە شەك قىلاتتىم.شۇنداق تەسەۋۋۇرلارنى قىلاتتىمكى، ئاللا ئىنسانلارنى ئۆز قۇدرىتى بىلەن ياراتقان ۋە ئۇلارنىڭ ئاقىۋەتلىرىنى ئالدىن بۇرۇن بىلىدىغان بىر كاتتا ئىلاھ تۇرۇپ، ئىنسانلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئۆز ئوغلى ئىسانى قۇربان قىلماستىنمۇ كەچۈرۈم قىلالامدۇ؟ ئىسانىڭ ئۆلۈمى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنغان بولسا، نېمە ئۈچۈن ئىسانى ئاللانىڭ ئوغلى دەپ ئېتىقات قىلمىغانلارنىڭ ھەممىسى ئاخىرەتتە مەڭگۈلۈك ئازاپقا قالىدۇ دېيىلىدۇ. بۇ ئاشكارە زىتلىق ئەمەسمۇ؟ ئەگەر ئىلاھ خرىستىيانلار تەسەۋۋۇر قىلغاندەك ئىلاھ بولىدىغان بولسا، ئۇ ئادىل ئىلاھ ئەمەستۇر. بەندىلىرىگە شەپقەتلىك ئىلاھ ئەمەستۇر. ئۇ ئادەتتىكى ئىنسانلاردىنمۇ ئەقىلسىز ئىلاھتۇر. شۇنداق تەسەۋۋۇرلاردا بولسامۇ،لېكىن ئاللانىڭ بارلىقىغا بولغان ئەقىدەم چىن ئىدى.ئامما خرىستىيان دىنىنىڭ ئۈچىنى بىر گەۋدە قىلىش (يەنى ئاللا، ئىسا، مۇقەددەس روھ ئۈچى بىر ئىلاھتۇر دېيىش) ئېتىقاتىنى قوبۇل قىلمىدىم. بۇ ھەقتە دىنلار تارىخىدىن ۋە دىنلار تەتقىقاتىدىن كۆپلىگەن ماتېرىياللارنى ئوقۇدۇم. بۇلاردىنمۇ قانائەت ھاسىل قىلالمىدىم. مەن ئاللانىڭ ھەقىقىي دىنىنى بىلىش ئۈچۈن قاتتىق بەل باغلاپ، چىن ئىرادە تىكلىدىم. كىشىلەر خرىستىيان دىنىنىڭ ئېتىقاتلىرى ئىنجىلغا يۆلىنىدۇ دېيىشىدۇ. لېكىن مەن بۇ ئىنجىللارنى قايتا ـ قايتا ئوقۇدۇم. ئاخىرى بۇ ئىنجىللارنىڭ ھېچ بىرىگە ئىشەنچە ھاسىل قىلالمىدىم. ئىساغا ئاللادىن كەلگەن بىرلا ئىنجىل بار دەپ، ئاڭلايمىز، لېكىن ھازىر خرىستىيانلارنىڭ قولىدا ئىنجىل مەتتا، ئىنجىل لوقا، ئىنجىل مەرقۇس ۋە ئىنجىل يۇھەننا دەپ تۆرت ئىنجىل بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر- بىرىگە زىت كىتاپلار، ئىسانىڭ ئىنجىلى قايسى؟ ئۇنى كىم بىلىدۇ؟ خرىستىيانلار ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي ئىنجىل كىتاۋىنى ئۆزگەرتىپ، بۇزغاندىن كېيىن خرىستىيان پوپلىرى تەرىپىدىن بۇ تۆرت ئىنجىل يېزىلغان، بۇ ئىنجىللارنىڭ ھېچ بىرى ئاللانىڭ ياكى ئىسانىڭ سۆزى ئەمەس. بەلكى بۇلار، بۇ ئىنـ

جىللار مەنسۇپ قىلىنغان. مەتتا، لوقا، مەرقۇس، يۇھەننا دېگەن ئادەملەرنىڭ كىتاپلىرىـ
دۇ. بۇ ئادەملەر ئىسانىڭ ئۆلۈمىدىن بىر قانچە ئەسىر كېيىن دۇنياغا كەلگەن ئادەملەرـ
دۇر. شۇڭا بۇ ئىنجىللارنىڭ ھەممىسى ئۆيدۇرما ئىنجىللاردۇر.

مەن ئىنجىللارنى ئوقۇپ، ئۆزەمگە قانائەت ھاسىل قىلالمىغاندىن كېيىن، باشقا دىنـ
لار ھەققىدە تەتقىقىي قىلىشقا باشلىدىم.كۆڭلۈمدە ھەقىقىي ئىلاھ بار بولىدىغان بولسا،
ئىنسانلارنىڭ گۇنالىرىنى خالىسا تەۋبەسىز ۋە خالىسا تەۋبىسى بىلەن ئەپۇ قىلىدىغان رەـ
ھىم - شەپقەتلىك، ئېسىل ئىلاھ بولىدۇ، دەپ ھېس قىلدىم. بۇ ھەقتە چوقۇم بىر نەتىجىـ
گە ئېرىشىش ئۈچۈن ئىزدىنىشكە ۋە تەتقىق قىلىشقا باشلىدىم. پۈتۈن ۋاقتىلىرىمنى سەـ
رىپ قىلىپ، ئىسلام دىنى توغرىلىق ئىزدىنىشكە باشلىدىم. ئىسلام دىنىدا مەن ئىزدىـ
گەن ۋە ئارزۇ قىلغان ھەقىقەتلەرنىڭ ھەممىسىنى تاپتىم. كۆڭلۈم راھەتلەندى ئاللانىڭ
ئوغلى يوقلىغىنى،ئاللانىڭ شېرىكسىز يالغۇز بىر ئىلاھ ئىكەنلىكىنى بۇ دىندا تونۇدۇم.ئۇـ
نىڭ بەندىلىرىگە ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىۋان ئىكەنلىكىنى ۋە بەندىلەرنىڭ گۇنالىرىـ
نى خالىسا تەۋبەسىز، خالىسا تەۋبىسى بىلەن كەچۈرۈم قىلىدىغانلىغىنى بىلدىم. ئاندىن
مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىشكە كىرىشتىم، بۇ زاتنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ
ئىككى دۇنيالىق بەخت - سائادەتلىرى ئۈچۈن كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىدىن ئازراق
بىر قىسمىنى ئۆگىنىپلا، شۇنداق قانائەتلەندىمكى، خرىستانلارنىڭ ھەممىسى مۇھەممەت
ئەلەيھىسسالامغا قارشى چىقىشتا ۋە ئۇنى ئېتىراپ قىلماسلىقتا قارغۇلارچە ھالدا، دىنىي
تەئەسسۇبىي بىلەن ئۇرغانلىغىنى ھېس قىلدىم. ئاندىن كېيىن ئىسلام دىنىنى ئىزدىنىپ
ئۆگەندىم. كۆپ ۋاقىت ئۆتمەيلا، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن بۇ دىنىنىڭ ھەقلىـ
غىدە ھېچ قانداق شەك - شۈبھە يوق ئىكەنلىكىنى بىلدىم ۋە دۇنيادا مۇھەممەت ئەلەيـ
ھىسسالامغا ئىنكار قىلىشتىن ئېغىر، چوڭ گۇنا بولمايدىغانلىغىنى بىلدىم. چۈنكى مۇھەمـ
مەت ئەلەيھىسسالام بۇتقا چوقۇنىدىغان، بىر- بىرىنى ئۆلتۈرىشىدىغان، قىز تۇغۇلغان باـ
لىلىرىنى تىرىك كۆمۈدىغان، مەدەنىيەت، ئەخلاق ۋە ئىلىمدىن ھېچ نەرسە بىلمەيدىغان
جاھىل ئەرەپلەرنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۇلارنىڭ ھاياتىنى پۈتۈنـ
لەي ئۆزگەرتتى. پۈتۈن دۇنياغا ئادالەت، راستچىللىق، ھەقىقەتپەرۋەرلىك، رەھىم - شەپـ
قەت، ئىلىم - مەرىپەت، ئەدەپ - ئەخلاقنىڭ ئۇرۇغىنى چاچتى، مۇھەممەت ئەلەيھىسـ
سالامنىڭ ئىنسانلار جەمىيىتىگە كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىنى ساناپ بولۇش مۇمكىن ئەـ
مەس. شۇنداق بىر ياخشى زاتنىڭ شەنىگە خرىستانلارنىڭ داغ قوندۇرماقچى بولۇشلىـ
رى ھەقسىزلىك ئەمەسمۇ؟

مەن شۇنداق ئوي - پىكىر ۋە خىياللاردا بولغان بىر كۈنى مېنى ھىندىستانلىق بىر دوسـ
تۇم ميان ئەمىرىدىن زىيارەت قىلىشقا كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن خرىستان ۋە ئىسلام دىنـ
لىرى توغرىلىق ئوچۇق بىر مۇنازىرە ئېلىپ باردۇق. ئاخىرىدا مەن ھەقىقىي مۇسۇلمان
بولۇپ، ئۆزەمنى ئېلان قىلدىم. چۈنكى ئىسلام دىنى ھەقىقەت، راستچىللىق، ئوكايلىق،
مۇھەببەت ۋە قېرىنداشلىق دىنى ئىكەن. بۈگۈندىن كېيىن ھاياتىمنى ئىسلام دىنىغا خىز
قىلىش بىلەن ئېلىپ بېرىشقا قەسەم بېرىمەن.

مۇھەممەت يۇسۇپ.

«يېڭى ھايات» 1999- يىل، 1- ماي.

# بالىلار ئاللانىڭ ئاتا ـ ئانىلاردىكى ئامانەتلىرىدۇر

بالىلار ئاتا ـ ئانىلارغا ئاللا تەرىپىدىن تاپشۇرۇلغان ئەڭ شەرەپلىك ۋە خەتەرلىك ئاما-
نەتلەردۇر. ئاتا ـ ئانىلار قىيامەت كۈنى ئاللانىڭ ئالدىدا بۇ ئامانەتلەرنىڭ مەسئۇللىغىدىن
سورىلىدۇ. بۇ ئامانەتلەرنى تولۇق ئادا قىلغانلار مۇكاپاتقا ئېرىشكىنىدەك، زايا قىلىۋەتكەن-
لەرمۇ ئاللانىڭ ئېغىر جازاسىغا يولۇقىدۇ. شۇڭا ئاللا قۇرئان كەرىمدە ئاتا ـ ئانىلارنى بۇ
ئامانەتلەرنىڭ جاۋاپكەرلىكىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۆزەڭلارنى ۋە بالا ـ
چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىش-
تەلەر مۇئەككەل بولغان دوزاقتىن ساقلاڭلار».

**(تەھرىم سۈرىسى 6ـ ئايەت)**

ئۆزىمىزنى ۋە بالا ـ چاقىمىزنى دوزاق ئازابىدىن ساقلاشنىڭ بىردىن بىر چارىسى بالىلار-
غا كىچىكىدىنلا ئىمان، ئىسلام ئۆگىتىپ، ياخشى ـ يامان، ھالال ھاراملارنى بىلدۈرۈپ
ئۈستىمىزدىكى بورچىمىزنى ئادا قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ
كۆرسەتكەن: «ھەممىڭلار چوپانسىلەر، ھەر كىشى ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى پادىلىرىدىن
مەسئۇلدۇر»(بوخارى رىۋايەت قىلغان) يەنى ھەر قانداق ئاتا ـ ئانا ئۆي ئىچىدىكى بال-
ىلىرىدىن خۇددى چوپان پادىلىرىدىن مەسئۇل بولغاندەك مەسئۇلدۇر. پادىلارنى زايا قى-
لىۋەتكەن چوپان جازاغا تارتىلغاندەك، بالىلىرىنى ياخشى تەربىيىلىمەي ئۇلارنىڭ كېلە-
چىكىنى زايا قىلىۋەتكەن ئاتا ـ ئانىلارمۇ بۇ دۇنيا ئاخىرەتتە ئاللانىڭ جازاسىغا ئۇچراي-
دۇ.

ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ كېلەچىكىدىن جاۋاپكەردۇر. بالىلارنىڭ جەمئىيەتكە پايدىلىق،
ئىنسانلارغا مەنپەئەتلىك، ياخشى، پەزىلەتلىك ئىنسان، بولۇپ يېتىلىشى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ
تەربىيىسىگە باغلىق بولغىنىدەك ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىقىشىمۇ ئۇلارنىڭ تەربىيىس-
ىگە باغلىقتۇر. ئائىلە ھەر قانداق ئىنساننىڭ ئىپتىدائى مەكتىۋىدۇر. بۇ مەكتەپنىڭ مۇئەل-
لىملىرى ئاتا ـ ئانىلاردۇر. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېگەن «ھەر قانداق بالا ئىس-
لام دىنىنىڭ ئۈستىگە تۇغۇلىدۇ. ئۇنى ئاتا ـ ئانىسى يەھۇدى قىلىدۇ، ياكى خرىستىان قى-
لىدۇ ياكى مەجۇسى قىلىدۇ»

**(بۇخارى راتۇيەت قىلغان).**

ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ ئەڭ ئاۋال تۆۋەندىكى 4 تۈرلۈك تەربىيىسىدىن مەسئۇلدۇر:

1 ـ بالىلارنى ئىمانلىق قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىشتىن مەسئۇل.
2 ـ بالىلارنى ئەخلاقى جەھەتتىن تەربىيىلەپ چىقىشتىن مەسئۇل.
3 ـ بالىلارنى ئەقلى جەھەتتىن تەربىيىلەپ چىقىشتىن مەسئۇل.
4 ـ بالىلارنى جىسمانى جەھەتتىن تەربىيىلەپ چىقىشتىن مەسئۇل.

1 ـ بالىلارنى ئىمانلىق قىلىپ تەربىيىلەشتىن مەخسەت: بالىلار ئەقىل ـ ئىدرەككە ئې-
گە بولغىنىدىن باشلاپلا ئۇلارغا ئىسلامنىڭ ئاساسىي ئەقىدىلىرىنى ئۆگىتىپ قەلبلىرىگە
ئورنىتىش، ئىسلام دىنى شەرىئىتىدە بۇيرۇلغان پەرز، ۋاجىپ، سۈننەت ئەمەللىرىگە كۆن-

دۇرۇش ۋە مەنئىي قىلىنغان بارلىق ئىشلاردىن ئۇلارنى ئۇزاقلاشتۇرۇش ۋە ئىسلام پرىنـ
سىپلىرىنى چۈشەندۈرۈش دېمەكتۇر. ئىسلامنىڭ ئاساسىي ئەقىدىلىرى دېگىنىمىز: ئاللا-
غا ئۇنىڭ پەرىشتىلىرىگە، پۈتۈن پەيغەمبەرلىرىگە، ئۇنازىل قىلغان كىتاپلىرىغا، ياخشىلىق -
يامانلىق ئاللانىڭ تەقدىرى بىلەن بولۇشىغا، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە، قەبرىدىكى
سوئاللارغا، ئەمەللەردىن ھېساپ بېرىلىشكە، جەننەت، دوزاقنىڭ ھەقلىقىگە ۋە بۇلاردىن
باشقا ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرۇلغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئىمان كەلتۈرۈش دېگەنلىك
تۇر.
ئېتىقات ھەممىدىن مۇھىمدۇر. شۇڭا ئېتىقادى دۇرۇس بولمىغان كىشىنىڭ قىلغان ئىبا-
دەتلىرى ۋە ياخشى ئەمەللىرى پايدىسىزدۇر. باللارغا ئەڭ ئاۋال ئىسلام ئەقىدىلىرىنى
ئۆگىتىش كېرەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەنانى ئىپادىلەپ «بوۋاقلىرىڭلارنىڭ تىلى-
نى (لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇللاھ) دېگەن كەلىمە بىلەن ئېچىڭلار» دې-
گەن. (تېرمىزى رىۋايەت قىلغان).
بۇنىڭدىكى سىر شۇكى: بوۋاقلارنىڭ پاك قەلبلىرى ۋە تازا تىللىرى ئەڭ ئاۋال ئىمان،
تەۋھىد (ئاللانى بىر بولۇش) بىلەن بېزەلسۇن ۋە پارلىسۇن، كېيىنمۇ ئۇلار چوڭ بولغانلى-
رىدا ئەڭ ئاۋال تىلى ۋە دىلى ئېچىلغان شۇ ئىمان بىلەن دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت
سائادەت يولىدا داۋام قىلسۇن ئۈچۈن ئىدى.
ئىسلام شەرىئىتىدە بۇيرۇلغان پەرىز، ۋاجىپ، سۈننەت ئەمەللىرى دېگىنىمىز: دىنىمىز-
دىكى ناماز، روزا، زاكات، ھەج بىلىم ئېلىش، يېتىم - يېسىرلارغا ياخشىلىق قىلىش ۋە باش-
قىلار قاتارلىق ئىبادەتلەردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن «باللىرىڭلارنى
ئاللا بۇيرىغان ئىشلارنى بەجا كەلتۈرۈشكە، ئاللا مەنئىي قىلغان ئىشلاردىن قېچىشقا بۇي-
رۇڭلار. بۇ سىلەرنى باللىرىڭلارنى دوزاقتىن ساقلايدىغان قالقاندۇر» (ئىبنى جەرىر رى-
ۋايەت قىلغان) بۇنىڭدىكى سىر شۇكى، باللارنىڭ كۆزلىرى كىچىكىدىنلا ئاللانىڭ ئە-
مىر پەرمانلىرىغىلا ئېچىلىشى، ئىبادەتكە خۇددى كۈندىلىك يېمەك، ئىچمەكلىرىگە تەبى-
ئىي ئىشتىھاسى بولغىنىدەك تەبىي ھېرىسمەن بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ روھى غىزالىرىنى
ئاللاغا مۇناجات قىلىشتىن تاپىدىغان، گويا، يامان ئىشلاردىن ئوتتىن قاچقاندەك قاچىدى-
غان بولۇپ يېتىشىپ چىقىشى تاكى بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىنمۇ بۇ ئىبادەتلەرنى ھېچ
بىر قىيىن كۆرمەستىن ئادا قىلىشلىرى، گويا يامان ئىشلارغىمۇ يېقىنلاشماسلىقى ئۈچۈن
ئىدى.
ئىسلام پرىنسىپلىرى دېگىنىمىز: ئەقىدە ئىبادەت، ئەخلاق قانۇن ۋە باشقىلاردۇر. پەي-
غەمبەر ئەلەيھىسسالام «باللىرىڭلارنى ئۈچ خىسلەتكە ئۆگىتىڭلار: پەيغەمبىرىڭلارنى
دوست تۇتۇش، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرىنى دوست تۇتۇش ۋە قۇرئان ئوقۇش، ھەقىقە-
تەن قۇرئاننى يادلىغان ۋە ئوقۇغان كىشى قىيامەت كۈنى پەيغەمبەرلەر بىلەن ئەرشنىڭ
سايىسىدا بىرگە بولىدۇ».
(تەبەرانى رىۋايەت قىلغان).
بۇنىڭدىكى سىر شۇكى: باللارنى كىچىكىدىن پەيغەمبەرگە ئىخلاس قىلىشقا ئۆگىتىش
ئارقىلىق ئۇلارنى ھەقىقىي ئېتائەتچان مۇسۇلمان قىلىپ چىقىش ئۈچۈن ئىدى. چۈنكى

پەيغەمبەرگە ئىخلاس قىلغان كىشى ئۇنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئىجرا قىلىدۇ. مەنئىي قىلغانلىرىدىن يانىدۇ. بۇ ئەينى ۋاقىتتا ئاللاغا ئىتائەت قىلغانلىقتۇر، چۈنكى پەرمان قىلغۇچى ئاللادۇر. قۇرئان ئوقۇش ۋە ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلىش ئارقىلىق ئىلىم، ھېكمەت ۋە مەرىپەت قازىنىدۇ. ئىمانلىق بولۇپ يېتىشكەن بالىلار ئەڭ ئاۋال ئاللاغا ھەر ئىشتا ئىتائەتچان بولىدۇ. ئاللاغا ئىتائەت قىلغان كىشى ئاتا ـ ئانىسىغا ھۆرمەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ياخشىلىقلىرىنى قايتۇرىدۇ، ئۇلارنى رەنجىتىپ قويۇشنى ئاللانى رەنجىتكەنلىك دەپ بىلىدۇ. نەتىجىدە ئاتا ـ ئانىسى رازى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار ئىككى ئالەمدە بەختلىك بولىدۇ.

2 ـ ئەخلاقىي جەھەتتىن تەربىيەلەش دېگىنىمىز: بالىلارنى كىچىكىدىن ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك ۋە ۋىجدانلىق قىلىپ يېتىشتۈرۈش دېگەنلىكتۇر. ئەخلاق ـ پەزىلەت ئىماننىڭ مېۋىلىرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئىمانى ئەڭ كامىل مۆمىن ئەڭ ئەخلاقلىق بولغىنىدۇر» دېگەن. بۇ ھەدىسنىڭ روھى بىلەن ئەخلاقنىڭ كامىللىقى ئىماننىڭ ئاجىزلىغىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئىبادەتلەر ئۆزىنى قىلغۇچىنىڭ ئۆزىگە پايدىلىق بولسا، گۈزەل ئەخلاق كۆپۈنچە باشقىلارغا پايدىلىقتۇر. بىر كىشىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى سەۋەبىدىن ئومۇم خەلق مەنپەتلىنىدۇ. مىللەتلەر گۈزەل ئەخلاقى سەۋەبىدىن يۇقىرى كۆتۈرىلىدۇ ۋە ئەخلاقىنىڭ بۇزۇلۇشى سەۋەبىدىن ئۇلارمۇ چۆكىدۇ.

ئەخلاق سۆزى كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ چۈشەنگىنىدەك باشقىلارنىڭ چىرايلىرىغا تەبەسسۇم بىلەن قاراش، باشقىلارغا ئازار بەرمەستىن يۇمشاق، سىلىق مۇئامىلىدە بولۇش دېگەنلا ئەمەس، گەرچە بۇ ئىشلارمۇ ئەخلاق قاتارىدىن سانالسىمۇ لېكىن ئەخلاقنىڭ مەنىسى بۇلارلا ئەمەس، ئەخلاق ـ ھەر ئىشتا توغرا، ئادىل بولۇش، راستچىل بولۇش، ۋەدىگە ۋاپادار بولۇش، ئامانەتكە ئەمىن بولۇش، مەيلى دۇنيالىق بولسۇن مەيلى ئاخىرەتلىك بولسۇن ئۆز ۋەزىپىسىنى بىلىش ۋە ئۆز ۋاقتىدا ئورۇنلاش. خاتالىقنى ئىقرار قىلىش، ئەدەبىي جاسارەتلىك بولۇش، ھەقىقەتنى كۆزدە تۇتۇش، باشقىلارنىڭ ياردىمىنى كۈتمەستىن ئۆزىگە ئىشىنىش، ۋىجدانلىق بولۇش، نومۇسنى ساقلاشنى بىلىش، باشقىلارغا مەنپەتلىك بولۇش ۋە باشقىلار.

شۇبھىسىزكى، ئەخلاقلىق، دىيانەتلىك بالىلار ئاتا ـ ئانىسىغا ۋە باشقىلارغا قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ياخشىلىقلارنى ئايىمايدۇ. ئاتا ـ ئانىسىنى رازى قىلىشقا تىرىشىدۇ.

3 ـ ئەقلىي جەھەتتىن تەربىيەلەش دېگىنىمىز: بالىلارنى كىچىكىدىن شەرىئەت ئىلىملىرى پەن ـ مەدەنىيەت ۋە ھەر خىل پايدىلىق بىلىملەرنى ئۆگىتىپ، پىكىر دائىرىسىنى كەڭەيتىش ئارقىلىق ئۇلارنى كېلەچەكتە جەمىيەتكە پايدىلىق ئىلمىي ئىنسان قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشتىن ئىبارەت. بالىلارنى كىچىكىدىن ئوقۇتۇش ئىنتايىن مۇھىم. ئوقۇش ئۆگىنىش ھەر ياخشىلىقنىڭ بېشىدۇر. ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ ئاۋالقى چاقىرىقى كىشىلەرنى ئوقۇشقا دەۋەت قىلىشتۇر. چۈنكى مۇسۇلمانلىقمۇ ئوقۇش بىلەن تولۇقلىنىدۇ. تارىختىن مەلۇمكى، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا قۇرئاندىن دەسلەپكى ۋەھىي «ئوقۇ» دېگەن بۇيرۇق رايى بىلەن باشلانغان. بىلىم تۈرلۈك كەشپىياتلارنى ئاچىدۇ. بىلىم قاراڭغۇلارنى يورىتىدۇ. بىلىملىك زاتلار ئۆلمەيدۇ. شۇڭا ئاللا «بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار

تەڭ بولالامدۇ؟!» دېگەن.(زۇمەر سۈرىسى 9ـ ئايەت).

بۇ ماۋزۇدىكى ئوقۇش ۋە ئۆگىنىش دىنى ئىلىملەردىلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى ئىنسانىيەتكە پايدىلىق بولغان پۈتۈن ئىلىم ـ پەنلەرگە قارىتىلغان.

جەننەتنى قازىنىشمۇ بىلىم بىلەن بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «كىمكى بىلىم ئىلىش يولىغا كىرىدىكەن ئاللا ئۇنىڭ جەننەتكە كىرىش يولىنى ئوڭايلاشتۇرىدۇ»(بۇخارى رىۋايەت قىلغان). بىلىملىك باللار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قەدرىنى تونۇيدۇ. ئۇلارنى ۋە ئۆزىنى مەمنۇن قىلالايدۇ.

4 ـ جىسمانىي جەھەتتىن تەربىيەلەش دېگىنىمىز: باللارنى كىچىگىدىن يېمەك ـ ئىچمەكتىكى تەن ساغلاملىقنى ساقلاش ئۇسۇللىرىغا ۋە پايدىلىق بولغان ھەر خىل تەنتەربىيە ئويۇنلىرىغا ئۆگىتىش ئارقىلىق ئۇلارنى ساغلام، كۈچلۈك، ئەل ئىشىغا يارامىلىق قىلىپ يېتىشتۈرۈش دېگەنلىكتۇر.

باللار بالاغەت يېشىغا يېتىشى بىلەن ئۇلار ھەر خىل ئويۇن ـ تاماشا، كۆڭۈل ئېچىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشى ئارقىلىق بوشلۇقلىرىنى تولدۇرۇشقا ھېرىسمەن بولىدۇ. بۇ دەۋر ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئەڭ دىققەت قىلىشىغا تېگىشلىك خەتەرلىك بىر دەۋر. باللارنى بۇ دەۋردە پايدىلىق ۋە پاكىزە تەن ـ تەربىيە ئويۇنلىرى بىلەن مەشغۇل قىلمىغاندا، ئۇلار جەمىيەتتىكى تۈرلۈك يامان ئادەتلەرگە ئۆگىنىپ قالغاندىن كېيىن ئۇلارنى ئەسلىگە قايتۇرۇش ئوڭاي ئەمەس. شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار يوقىرىدىكىلەرنى ئورۇنلاش بىلەن بىرگە باللىرىنى ئەخلاقسىز ـ يامان دوستلاردىن ئۇزاق قىلىشى، جىنسى ھەۋىسىنى ئۆرلىتىدىغان ھاياسىز فىلىملار ۋە ئەدەپسىز سۈرەتلىك ژۇرناللارنى كۆرۈشتىن مەنئىي قىلىش كېرەك.باللىرىنىڭ تەن ساغلاملىقىغا ئەڭ كۆپ زىيانلىق بولغان تاماكا، ھاراق، پاھىشە قاتارلىق يامانلىقلاردىن ئۇلارنى قەتئىي چەكلىشى كېرەك. تاماكا، دوختۇرلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە ئۆپكە ياللۇغى، ئاشقازان ياللۇغى، سەل كېسەللىرىگە، جىسمىنىڭ ئاجىزلىشىشىغا نەپەسنىڭ سىقىشىغا سەۋەپ بولغىنىنىڭ سىرتىدا ئىختىساتقا زىيانلىقتۇر. ھاراق ھەممىگە مەلۇمكى پۈتۈن يامانلىقلارنىڭ باشلامچىسى، ئوغۇرلۇق، ئالدامچىلىق، ئەخلاقسىزلىق، پاسكىنىلىق، ئاتا ـ ئانىسىنى قاخشىتىش باللىرىنى زايا قىلىش، ئۆزىنى خار قىلىش، جامائەتنىڭ نەپرىتىگە ئۇچراش قاتارلىق نۇرغۇنلىغان رەزىللىقلارنىڭ بىردىن ـ بىر كۆۋاچىسىدۇر. شۇڭا ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «يامانلىقلارنىڭ، نىجىسلارنىڭ ئانىسى» دەپ سۈپەتلىگەن.ھاراق پۈتۈن تۈرلىرى بىلەن ئىنساننىڭ جىنسىي كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. سپېرمىنى سۇيىتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەر كىشىنى تەدرىجى ئەرلىكتىن قالدۇرىدۇ. سەل كېسىلىگە گىرىپتار قىلىدۇ. مۇندىن باشقا ھاراق ئادەمنى ئۆز غايىسىدىن ئاداشتۇرىدۇ، ئەقلىنى بۇلغايدۇ. مانا بۇلار مۇتەخەسسىلەرنىڭ ئىلمىي ۋە ئەمەلىي يەكۈنلىرىدۇر.

تاماكا، ھاراقنى ماختايدىغان بىرمۇ ئادەم بولمىسا كېرەك. كونىمىزدىكى مۇسۇلمان پەرزەنتلىرىنىڭ تۈرلۈك رەزىللىق يوللىرىغا كىرىپ قېلىشلىرىنىڭ باشلامچىسى ۋە شانلىق ئۇيغۇر تارىخىمىزدىكى ئىقتىدارلىق مۇتەپەككۇر، ئالىم كىشىلىرىمىزنىڭ ئۆز غايىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالماستىن ھالاك بولۇشلىرىنىڭ بىردىن ـ بىر قاتىلى تاماكا، ھاراق بولۇپ چىققانلىقى ھەممىگە مەلۇم. شۇڭا ئاللا مۇسۇلمانلارنى تاماكا، ھاراق قاتارلىق ئىنساننىڭ

ئەقلى ۋە جىسمىغا زىيانلىق بولغان ئاپەتلەرنى مەنئىي قىلىشتا «ئۆزەڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار»، «ئۆزەڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار» (بەقەرە 195ـ ئايەت)(نىسا سۈرىسى 29ـئا- يەت) دېگەن ئىبارىلەرنى سۈرۈش ئارقىلىق بۇ ئاپەتلەرنى ئىستىمال قىلىشنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈشكە سەۋەپ بولىدىغانلىقىنى جاكالىغان. ھازىرقى زامان تىببىي مۇتەخەسسىس- لىرىنىڭ بىردەك يەكۈنلىشىدىمۇ «تاماكا، ھاراق قاتارلىق زىيانلىق نەرسىلەرنى ئىستىمال قىلىش كىشىنىڭ ئۆمرىنى قىسقارتىدۇ» ۋە «تاماكا، ھاراق ئىنساننى ئۆز رازىلىقى بىلەن ئاستا ـ ئاستا ئۆلتۈرىدىغان قاتىلى» دەپ قەيت قىلىنغان. ئەقىل-ئىنساندىكى ئەڭ قىممەتلىك ئەۋزەللىك بىر بايلىقتۇر. ئىنسانلار شۇ ئەقىل بىلەن ئۆزىنىڭ رەببىنى تونۇيا- لايدۇ. نەتىجىدە دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت سائادەتلىرىگە ئېرىشىدۇ. ئىنسانلار شۇ ئە- قىل بىلەن ئىلىم ـ پەن ساھاسىدا تۈرلۈك يېڭىلىقلار ۋە كەشپىياتلارنى ئېچىشى ئارقى- لىق ئىنسانىيەتكە ھاياتلىقتا ئوڭايلىق يارىتىپ بېرەلەيدۇ. زامانىمىزدىكى ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتىدىكى يېڭىلىقلارمۇ ئىنسانلار ئەقلىنىڭ مەھسۇلىدۇر. ئىسلام دىنى ئەقلىنى قەدىرلەيدۇ، ئۇنى ئۆز ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشقا سەۋەپ بولىدىغان بارلىق ئاپەتلەرنى ھارام قىلدى. ئاللا قۇرئاندا كۆپلىگەن ئايەتلەرنىڭ ئاخىرىنى(بۇ ئېيتقانلىرىمىزدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئىبرەتلەر بار)، «ئىبرەت ئېلىڭلار ئەي ئەقىل ئىگىلىرى» ۋە «بۇلارنى ئەقىل ئىگىلىرىلا چۈشىنەلەيدۇ» دېگەن كەلىمىلەر بىلەن تاماملىغان. ئەقىل شۇنچىلىك ئە- زىز ۋە قىممەتلىك بايلىق بولغان يەردە ئۇنى ئۆز ۋەزىپىسىنى ئۆتەشتىن ئاجىزلاشتۇرۇش- قا سەۋەپ بولىدىغان بارلىق ئامىللار شەرىئەت ۋە ئەقلىنىڭ ھۆكمى بىلەن قەتئىي ھا- رامدۇر.

باللارنى يوقىرىدىكى زىيانلىق ئادەتلەردىن ساقلاشنىڭ يولى شۇكى:

1ـ ئاتا ـ ئانىلار ئەڭ ئاۋال بۇ ئادەتلەردىن ئۆزلىرى قول ئۈزۈشلىرى، ھېچ بولمىغاندا (يەنى ئۆزلىرى بۇ ئادەتلەرنى دەرھال تەرك ئېتەلمىگەندە) باللىرىنىڭ كۆزلىرىدە بۇ ئا- دەتلەرنى ئىشلىمەسلىكلىرى كېرەك. چۈنكى باشقىلارنى يامانلىقتىن توسىغان كىشى ئەڭ ئاۋال ئۆزى ئۇ يامانلىقتىن قول ئۈزىشى، ياخشىلىققا بۇيرىغان كىشى ئەڭ ئاۋال شۇ ياخ- شىلىقنى ئۆزى ئىشلىشى شەرتتۇر، مانا بۇ تەربىيەنىڭ ئۇسۇلى شۇڭا ئاللا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كىشىلەرنى ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇشقا ئەمر قىلغان خىتابىدا مۇنداق دېگەن: «ئى مۇھەممەد ئائىلەڭدىكىلەرنى(ۋە ئۈممىتىڭنى) نامازغا بۇيرۇغىن، ئۆزەڭمۇ ئادا قىلىشتا چىدامىلىق بولغىن»(تاھا سۈرىسى 132ـ بەت) چۈنكى ئۆزى ئادا قىلمىغان ئىبادەتكە باشقىلارنى بۇيرۇش پايدىسىز بولغاندەك، ئۆزى قول ئۈزمىگەن يامان- لىقتىن باشقىلارنى مەنئىي قىلىش پايدىسىزدۇر.

2 ـ ئاتا- ئانىلار ھەر ۋاقىت باللىرىنىڭ ژۇرۇش ـ تۇرۇشلىرىغا ئارىلىشىدىغان دوستلى- رىغا ۋە پۈتۈن ئىش ھەرىكەتلىرىگە كۆزەتچى بولۇشلىرى، باللىرىنى ئەڭ ئاددىي يامان ئادەتۋەكەيپلەرگە كۆنۈپ قېلىشلىرىدىنمۇ قاتتىق ھەزەر قىلىشلىرى ۋە ئۇلارنى چوڭ كىچىك پۈتۈن يامان ئادەتلەردىن ساقلىشى ئىنتايىن مۇھىمدۇر. كۆپلىگەن كىشىلەر بال- لىرىنى بىرەر تال تاماكا بىلەن ياكى بىرەر ستاكان پىۋو بىلەن ئۇچرىتىپ قېلىشلىرىنى ھېچ ۋەقەسى يوق دەپ قارايدۇ. بۇگۈنكى موشۇ بىر تال تاماكىنىڭ ئەرتە ئۆزىنى قۇتۇل-

دۇرۇپ ئاللىمايدىغان يامان كەيپلەر ۋە تۈرلۈك رەزىللىكلەرگە يول ئېچىۋاتقانلىقىنى
ئۇلار ھېس قىلىشمايدۇ. ھەر قانداق يامانلىق كىچىكىدىن باشلىنىدۇ.

زىنا ـ پاھىشە بولسا، ئېيدىزدىن ئىبارەت ئېپلاس كېسەلگە تاشلايدۇ، سەل كېسىلى، نە-
سىل ئەزالىرىدا راك قاتارلىق يامان كېسەللەرگە سەۋەب بولىدۇ،جەمئىيەتنى كىرلەتىدۇ. ئىف-
فەت، نومۇسنى بۇزىدۇ. مۇندىن باشقا تۈرلۈك رەزىللىك ۋە بەختسىزلىكلەرگە سەۋەپ
بولىدۇ. شەرىئەت ھۆكۈمى بىلەنمۇ، ئۇ ئېغىر، گۇناھلاردىن سانىلىدۇ. شۇڭا ئاللا قۇرئاندا
«زىناغا يېقىنلاشماڭلار، چۈنكى ئۇ قەبىھ ئىشتۇر، يامان يولدۇر»، دېگەن(ئىسرا سۈرىسى
32ـ ئايەت).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ھەدىسىدە «قانداقلا بىر مىللەتتە زىنا ياكى جازانىخور-
لۇق كۆپ بولىدىكەن، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاللانىڭ ئازابىغا ئۇتقان بولىدۇ» دېيىلگەن.(ھا-
كىم رىۋايەت قىلغان). تارىخ شۇنى ئىسپاتلىدىكى، زىنا ـ پاھىشە ئورتاقلاشقان ھەر قان-
داق مىللەت زاۋاللىققا يۈزلىنىدۇ. پەيغەمبىرىمىزگە ۋەھى كەلگەن چاغدا فارسلار بىلەن
رۇملۇقلار دۇنيادا ھۆكۈم سۈرەتتى، يەر يۈزى بۇلارنىڭ سايىسىدىن قورقۇپ تۇراتتى.
شۇ ۋاقىتتا بۇ ئىككى ئىمپېراتورلۇقنىڭ مۇكەممەل نىزاملىق، بىلىم، ھۈنەرلىك چىنىققان
ئەسكەرلىرى مەككە تاغلىرىدىن چىققان. ئەسكەر كۈچى تايىنلىق، ھەتتا ئۈستىگە كىيىم
كىيىشنى بىلمەي يايما رەخلەرگە يۆگىنىپ ژۈرىدىغان ئەرەپلەرگە تەڭ كېلەلمىدى.بۇنىڭ
سەۋەبى نېمە؟ سەۋەبى مەلۇم، رۇملۇقلار ۋە فارسلاردا زىنا ـ پاھىشە ئورتاقلىشىش ئارقى-
لىق ئەخلاق بۇزۇلغان. ئامما ئەرەپلەر دەۋەھى تەربىيىسى بىلەن ئەخلاق تۈزەلگەن ئې-
دى. بۇزۇق ئەخلاق تۈزۈك ئەخلاققا ھېچ ۋاقىت تەڭ كېلەلىگەن ئەمەس.

يوقىرىدىكى تاماكا، ھاراق، پاھىشە قاتارلىق يامان ئادەتلەر جەمئىيەتكە زىيانلىق بولۇش-
دىن بۇرۇن بالىلارنىڭ تەن ساغلاملىقىغا زىيانلىقتۇر، شۇڭا پەرزەنتلىرىنىڭ بەخت ــ
سائادىتى ئۈچۈن باغرىنى كاۋاپ قىلىۋاتقان، كۆيۈمچان ئاتا- ئانىلار ئۇلارنى بۇ خىل يا-
مان كەيپلەردىن قەتئىي توسۇشى كېرەك. ساغلام تەنلىك ئىنسانلارنىڭ ئۆزىگە ئاتا- ئانى-
سىغا ۋە جەمئىيەتكە يەتكۈزىدىغان پايدىلىرى ئىنتايىن كۆپتۇر. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىس-
سالام «كۈچلۈك مۆمىن ئاجىز مۆمىندىن ياخشى ۋە ئاللاغا ئەڭ يېقىملىقتۇر» دېگەن.
(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

خەلقىمىزدىمۇ «ساغلام تەندە ساپ ئەقىل» دېگەن سۆز بار. ئەقىللىق ۋە ساغلام بال-
لار ئۆزلىرىنىڭ قىلىشىغا تېگىشلىك ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلىشنى بىلىدۇ ۋە يولدا ئادا قىلى-
دۇ. ئاتا ـ ئانىسىنى ھەم جەمئىيەتنى مەمنۇن قىلالايدۇ. مانا بۇ ئىشلار ئۇلارغا دۇنيادا پاي-
دىلىق بولۇپ قالماستىن ئاخرەتتىمۇ ئۆزلىرىگە ۋە ئاتا- ئانىلىرىغا پايدىلىقتۇر.

ھازىرقى كۈنىمىزدىكى يەنە بىر خەتەرلىك ئېقىم خرىستىئانلار، يەھۇدىلار ۋە بۇددىست-
لارنىڭ تەشۋىقاتلىرى ھەممىلا يەردە ئۇمۇملىشىپ مۇسۇلمان بالىلىرىنى ئۆز ئەقىدىلىرى-
دىن ئازدۇرۇش پىلانىنى ئېلىپ بارماقتا. بۇ مۇسۇلمان خەلقىمىز ئۈچۈن ئېچىنىشلىق
بىر ئىش.

ئالدى بىلەن شۇنى ئېنىق چۈشىنىش كېرەككى مەيلى خرىستىئانلار بولسۇن، مەيلى
يەھۇدىلار بولسۇن، مەيلى بۇددىستلار بولسۇن ئۇلار ھېچ ۋاقىت مۇسۇلمان بالىلىرىنى

ئىسلام دىنىدىن چىقىرىش ئارقىلىق ئۆز دىنلىرىغا يېتەكلەشنى مەخسەت قىلمايدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ ئورتاق غايىسى ۋە پلانى مۇسۇلمان باللىرىنى ئىسلام ئېتىقاتلىرىدىن ئۇزاقلاشتۇرۇپ، ۋاقىتلىق ئۇلارغا ياردەم قىلغان بولۇپ ئۇلارنى ئوتتۇرا يولدا تاشلاپ قويۇش ئارقىلىق بۇ مىللەتنى پىكىر تەرەپتىن ئۆزلىرىگە قول قىلىش ۋە ئىسلام دىنىنىڭ كېلەچەكتىكى دۇنياۋىي دىنغا ئايلىنىشى سۈرئىتىگە توسقۇن كۆرسىتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. چۈنكى ئىسلام دىنىنىڭ كۈندىن كۈنگە تەرەققىي قىلىشى ۋە مۇسۇلمانلار سانىنىڭ سۈرئەتتە كۆپىيىشى باشقا دىندىكىلەرنى ۋەھىمىگە سالماقتا ۋە ئۇلارنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىماقتا. شۇڭا ئۇلار بۇ دەۋەتلەرنى مۇسۇلمان خەلقلىرىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ۋە پىكىردە ئېتىقادتا يېتىم قالدۇرۇش ئۈچۈنلا ئېلىپ بارىدۇ. ئۇلار قانچە قىلىپمۇ ئىسلام دىنىنىڭ يەر يۈزىدىكى ئومۇمىي خەلقنىڭ دىنىغا ئايلىنىشىنى توساپ ئالالمايدۇ. پەقەت ئۇلار مۇسۇلمان خەلقلىرىنىڭ بەختسىزلىكىگە ۋە ئېتىقادىي يېتىملىكىغا سەۋەپ بولالايدۇ.

بۇ سۈيقەستلەرنى چۈشىنىپ يەتكەن ئەقىللىق ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىگە باشقىلار ئىگە بولۇشىدىن بۇرۇن ئۆزلىرى ئىگە بولۇپ ئۆزىمىزنىڭ پارلاق دىنى ئېتىقادىمىزنى ۋە مىللىي ئەنئەنىمىزنى ساقلاپ قالغان ھالدا باللىرىنى ئىمانلىق، ۋەتەن سۆيەرلەردىن قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىرىشلىرىغا ئىمانىم كامىل.

ئاللا ھېچ بىرىمىزنى ھىدايەتتىن ئايرىمىسۇن، ۋە دىنىمىزغا نۇسرەت بەرسۇن ئامىن!

**1998- يىل، 30 - ئاۋغۇست.**

# تەۋرات ۋە ئىنجىل مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر

ئۆتكەن پەيغەمبەرلەر بىلەن بىرلىكتە، مۇقەددەس كىتابلاردىن تەۋرات بىلەن ئىنجىل مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە دەلىل ۋە شاھىتتۇر. تەۋرات ۋە ئىنجىللار ھازىرغىچىلىك كۆپلىگەن ۋە ھەر خىل ئۆزگەرتىشلەرگە ۋە قەستەن بۇرمىلاشلارغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ تېكىستلىرىدا ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىرقى زامان پەيغەمبىرى بولۇپ ئەۋەتىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى بېشارەتلەر كۆپتۇر. تۆۋەندە پەقەت 4 بېشارەتنى بايان قىلىمىز.

1. ئاللا مۇسا پەيغەمبەرگە: «ئۇلار ئۈچۈن ئۆز قېرىنداشلىرى ئارىسىدىن ساڭا ئوخشاش بىر پەيغەمبەر چىقىرىمەن ۋە سۆزلىرىمنى ئۇنىڭ ئاغزىغا قويىمەن»(تەۋرات: تەسنىيە بابى 18- تېكست).

«مۇسا مۇنداق دېگەن: «رەب سىلەرگە قېرىنداشلىرىڭلار ئارىسىدىن ماڭا ئوخشاش بىر پەيغەمبىر چىقىرىدۇ. ئۇ نېمە دېسە، ئۇنى ئاڭلايسىلەر» سەمۇئىل(ئىسمائىل) ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن پۈتۈن پەيغەمبەرلەر ھەممىسى سۆزلىگەن بۇ كۈنلەرنى ئېلان قىلدى».(ئىنجىل: پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىشلىرى بابى، 22- تېكست).

«... ۋە رەببىمنىڭ مۇساغا ئوخشاش بىر پەيغەمبەرنى ئىسرائىل ئەۋلادىدىن چىقارغىنى يوق»(تەۋرات: تەسنىيە بابى، 12- تېكست).

تەۋرات ۋە ئىنجىلنىڭ ھەر خىل بابلىرىدا بايان قىلىنغان ژۇقۇرىدىكى تېكستلاردا: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن مەيدانغا كەلگەن ئىسرائىل ئەۋلاتلىرىغا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ «قېرىنداشلىرىڭلار ئارىسىدىن» دېگەن شەكىلدىكى خىتابى ئىسھاقنىڭ قېرىندىشى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىگە يەنى ئىسمائىل ئەۋلاتلىرىغا ئىشارەتتۇر. ئىسمائىل ئوغۇللىرىدىن كېلىدىغان پەيغەمبەر بولسا، يالغۇز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر. چۈنكى ئىسمائىل ئەۋلادىدىن پەقەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەۋەتىلگەن ئىدى. يوشە ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالاملار بولسا ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلاتلىرىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئىسرائىل ئەۋلاتلىرىدىندۇر. شۇنداق ئىكەن ئۇلار بۇ بېشارەتتىكى پەيغەمبەر ئەمەستۇر.

يەنە مۇسا ئەلەيھىسسالام «ماڭا ئوخشاش» دېگەن سۆزى بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مەخسەت قىلغان بولىدۇ. چۈنكى، جىھاد، قانۇن ۋە ھۆكۈملەر، بېكىتكەن جازالار، جامائەت ئىچىدە سۆزىنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغان بولۇشى قاتارلىق ژىگىرمىگە يېقىن خۇسۇسىيەتتە، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئوخشايدىغان پەيغەمبەر يوشە ياكى ئىسا ئەلەيھىسسالاملار ئەمەس، بەلكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر.

يەنە مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئوخشايدىغان بىرەر پەيغەمبەرنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىدىن

چىقمايدىغانلىقى تەۋراتتا ئېنىق بايان قىلىنغان ھەقىقەتتۇر.

يەنە تەۋراتنىڭ ژۇقۇرىدا بايان قىلىنغان تېكىستلىرىدىكى «سۆزلىرىمنى ئۇنىڭ ئاغزى ـ غا قويىمەن» دېگەن جۈملە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئۆگەنمى ـ گەن ئۇمۇمىي پەيغەمبەر بولغىنىنىڭ ئۈستىگە ئاللانىڭ كالامىنى تېزلا يادلاۋېلىپ، كې ـ شىلەرگە ئوقۇپ بېرەلەيدىغانلىقىغا ئىشارەتتۇر.

يەنە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە ياشىغان يەھۇدىلەر تەۋراتتا بېشارەت بېرىلگەن بىر پەيغەمبەرنى كۈتەتتى. ئۇلارنىڭ بۇ ئىنتىزارى بىشارەت بېرىلگەن. پەيغەمبەرنىڭ ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەن يوشە ئەلەيھىسسالام ئەمەسلىكىگە ۋە ئۇلار بىلەن ياشاۋاتقان ئىسا ئەلەيھىسسالامۇ ئەمەسلىكىگە ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن كېلىدىغان مۇھەم ـ مەد ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىگە كۈچلۈك دەلىلدۇر.

2. «رەب سىنادىن كەلدى ۋە ئۇلارغا سائىردىن ئاشكارە بولدى. پاران تاغلىرىدا پار ـ لىدى ۋە ئون مىڭلارچە مۇقەددەملەرنى ئېلىپ كەلدى. ئۇلار ئۈچۈن ئوڭ تەرىپىدە ئوت ـ لۇق پەرمان بار ئىدى».(تەۋرات تەسنىيە بابى، 33ـ تېكىت).

بۇ تېكىتلەردىكى: «سىنادىن كەلدى» سۆزى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مىسىرنىڭ تۇرس ـ نا تېغىدا ئىلاھى ھۆكۈملەرنىڭ بېرىلگەنلىكىگە، «سائىردىن ئاشكارە بولدى» سۆزى ئى ـ سا ئەلەيھىسسالامغا ئورشىلىمغا يېقىن بولغان سائىر دېگەن يەردە ئىنجىلنىڭ بېرىلىدىغان ـ لىقىغا ۋە «پاران تاغلىرىدا پارلىدى» سۆزى بولسا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەكك ـ ىدە چىقىدىغانلىقىغا ئىشارەتتۇر. «پاران» ئەرەبچە ئوقۇلۇشى بويىچە «فاران»، مەككىنىڭ قەدىمىي ئىسىملىرىدىن بىرى بولغىنىغا ئوخشاش، تەۋراتنىڭ يارىتىلىش بابىدا ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ فاران چۆلىدە ياشىغانلىقى بايان قىلىنغان (تەۋرات: يارىتىلىش بابى، 21ـ تېكىت).

«ئوڭ تەرىپىدە ئوتلۇق پەرمان بار ئىدى» سۆزى ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان جىھادقا ئىشارەتتۇر.

ژۇقۇرىدىكى تېكىستلاردىكى خەۋەرلەر بۇ ئۈچ پەيغەمبەرنىڭ چىقىدىغان ئورۇنلىرىنى بەلگۈلىگەن بۇ خەۋەرلەر قۇرئان كەرىمدىكى مونۇ ئايەتكە مۇۋاپىقلىشىدۇ: «ئەنجۈر بى ـ لەن ۋە زەيتۇن بىلەن قەسەمكى سىنا تېغى بىلەن قەسەمكى، بۇ تىنىچ شەھەر(يەنى مەك ـ كە) بىلەن قەسەمكى...» (تىن سۈرىسى، 1ـ 3ـ ئايەتلەر).

بۇ ئايەتلەر مۇسا، ئىسا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامرنىڭ ئەۋەتىلىدىغان ئورۇنلىرىنى بايان قىلماقتا، چۈنكى ئىسا ئەلەيھىسسالام ياشىغان پەلەستىندە ئەنجۈر بىلەن زەيتۇن كۆپ چىقىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەن تاغنىڭ ئىسمى سىنا تېغى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ياشىغان ۋە پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەن جاينىڭ ئىسمى مەككىدۇر.

3. «تاش بۇرجەكنىڭ بېشى بولدى... بۇ كۆز بىلەن قاراپ ھەيران قالىدىغان بىر ئىش ـ تۇر. ئاللانىڭ مەلەكۇتى سىلەردىن ئېلىنىپ ئۇلارنىڭ مېۋىلىرىنى يېتىشتۈرىدىغان بىر مىللەتكە بېرىلىدۇ ۋە بۇ تاشنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن پارچىلىنىدۇ. بۇ تاشمۇ كىمنىڭ ئۈس ـ تىگە چۈشسە ئۇنى ئېزىپ پارچىلاپ تاشلايدۇ». (ئىنجىل: مەتتا 21ـ باب 42ـ تې ـ

كىت). بۇ تېكىستە بايان قىلىنغان بۇرجەك تېشى» ئىسا ئەلەيھىسسالام ئەمەستۇر. چۈن-
كى، ئىسا ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن موجىزىلەر ئىچىدە پارچىلىنىش ۋە ئېزىلىپ يەن-
چىلىش مەيدانغا كەلمىگەن. بەلكى بۇلار بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز بىلەن مەيدانغا كەلگەن.
چۈنكى ھۆكۈم قىلغان ئىسا ئەلەيھىسسالام ئەمەس، بەلكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر.
ئۆزىنىڭ ھۆكۈم قىلماق ئۈچۈن كەل كەلمىگەنلىكىنى سۆزلىگەن زاتمۇ ئىسا ئەلەيھىسسا-
لامدۇر.(ئىنجىل، يۇھەننە، 12- باب، 47- تېكىست).
يەنە بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەتلىرىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر-
لىك بىناسىنىڭ بۇرچەك تېشى بولغانلىقىنى ئىپادىلىگەن ۋە بۇ، بۇرچەك تېشىنىڭ قويۇ-
لىشى بىلەن، يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋەتىلىشى بىلەن پەيغەمبەرلىك تاما-
ملانغان بولىدۇ.
4. «رەب سىلەرگە باشقا بىر فاراكلىت بېرىدۇ. ئۇ ھەمىشە سىلەر بىلەن بولىسۇن ئۈ-
چۈن...»(ئىنجىل يوھەننا، 14- باب، 15- تېكىست).
«مەن ئۈچۈن ئۇ گۇۋالىق بېرىدۇ...»(ئىنجىل يوھەننا، 15- باب، 26- تېكىست).
ۋۇقۇرىدىكى تېكىستلاردا فاراكلىت دېگەن ئىسىم بىلەن كەلگەن سۆزنىڭ ئەسلى گرېك-
چىدە «پرىكلىتوس» بولۇپ، ئەرەپچە «ئەھمەد» سۆزىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەھمەد بولسا، مۇ-
ھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمىدۇر. قۇرئان كەرىمدىمۇ ئۇنىڭ ئىنجىلدىكى ئىسمىنىڭ
ئەھمەد ئېكەنلىكى ئىپادىلەنگەن.
ئاخىرقى تېكىستتىكى «مېنىڭ ئۈچۈن گۇۋالىق بېرىدۇ...» دېگەنلىك مۇھەممەد ئەلەي-
ھىسسالامنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئاللانىڭ ئوغلى
ئەمەس بەلكى بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى ئېكەنلىكىگە گۇۋالىق بېرىدىغانلىقىغا ئىشارەتتۇر.

# مەۋلۇد ــ ئىبادەتمۇ ياكى بىدەتمۇ

«مەۋلۇد» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «تۇغۇلغۇچى» دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ ۋە مۇسۇلمانلار ئۇنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان كۈنى سۈپىتىدە ئىشلىتىپ كەلمەكتە. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا كېلىشى پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئاللا تەرىپىدىن بېرىلگەن چوڭ بىر رەھمەت ئىدى. ئۇ مۇسۇلمانلىقنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈلگىسى ۋە ئىنسانىيلىقنىڭ ئىپتىخارى، شۇنداقلا بارلىقلارنىڭ ۋە ئالىي پەزىلەتلەرنىڭ بىردىن - بىر يېتەكچىسىدۇر. ئاللا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مەدھىيىلەپ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرگە رەسۇللا، ئەلۋەتتە، ياخشى ئۈلگىدۇر»(ئەھراپ سۈرىسى، 22- ئايات) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن ئۆگىنىش مۇسۇلمانلار ئۈچۈن تولىمۇ پايدىلىق ئىبادەت.

ئىنسانلارغا ئىبادەت ئەڭ ئالىي سوغىنى ئېلىپ كېلىش بىلەن بىللە ئىنسانلارنىڭ قەلبلىرىدە ئىسلام دىنىنىڭ پارلاق مەشئىلىنى ياندۇرغان ۋە ئۇلارنى ئازغىنلىقنىڭ زۇلمەتلىرىدىن ئازات قىلىپ،توغرا يولنىڭ نۇرىغا ئېلىپ چىققان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چەكسىز ھۆرمەتلەش مۇسۇلمانلارغا ئاللا بۇيرىغان ئىبادەتتۇر. بىراق ئىسلام دىنىدا ھەر قانداق ئىبادەتنىڭ مەلۇم بىر سىستېمىلىرى بار بولۇپ، بىز پەيغەمبىرىمىزنى باشقا دىنلارنىڭ خۇراپاتلىرىنى قوللانغان ھالدا خاتىرىلىسەك قىلچە سوۋاپ تاپالمايمىز.بەلكى گۇناھكار بولىمىز. ئاللا مۇسۇلمانلارغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى خاتىرىلەش ۋە ياد ئېتىشنىڭ سىستېمىسىنى ۋە قائىدە - يوسۇنلىرىنى ئۆگىتىپ، قۇرئان كەرىمدە شۇنداق دېگەن: «ئاللا ھەقىقەتەن پەيغەمبەرگە رەھمەت يوللايدۇ، يەنى ئۇنىڭ شەنىنى ئۇلۇغلايدۇ. پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ. ھەي، مۆمىنلەر، سىلەر پەيغەمبەرگە ئامانلىق تىلەڭلار»(ئەھزاپ سۈرىسى، 56- ئايەت).

ئاللانىڭ بۇ ئەمرى بىلەن مۇسۇلمانلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بەش ۋاقىت نامازلىرىدا، دۇئالىرىدا ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلىپ ياد ئېتىپ، خاتىرىلەپ كەلگەن. پەقەت ھىجرىيىنىڭ 4- ئەسىرىگە كەلگەندە پاتىمىلار(شىئەلەرنىڭ بىر گۇرۇھى) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدە ئۇنى خاتىرىلەپ، مەراسىم ئۆتكۈزۈش ئىشىنى ئاۋال مىسىردا قولغا ئالغان. بۇلارغا بىرىنچى بولۇپ ئىراقنىڭ پادىشاسى ئەبۇ سەئىد ئەگەشكەن ۋە ئۇنى قانات يايدۇرۇشقا كۈچ چىقارغان. شۇنىڭدىن بېرى بۇ ئىش بەزى مۇسۇلمانلاردا ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان. ئىسلام دىنىغا مەنسۇپ بولغان بەزى مىللەتلەرمۇ بۇ ئىشنى «ياخشى ئادەت» دەپ قوبۇل قىلغان. لېكىن ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىي روھىغا ئەمەل قىلىدىغان ئىسلام مەملىكەتلىرىدە «مەۋلۇد» دېگەن بۇ ئادەت ئاللىقاچان ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، پەقەت ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى توغرا چۈشىنىپ بولالمىغان بەزى مۇسۇلمان خەلقلىرىنىڭ ئارىسىدا بۇ ئادەت ھازىرمۇ بار.

ئاللا تائاللا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىسلام دىنىنى ئەڭ كامالىغا يەتكۈزگەنلىكى ھەققىدە مۇنۇ ھەقىقەتنى ئېلان قىلىدۇ: «بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم.

سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم. ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم.(مائىدە سۈرىسى، 31_ ئايەت).

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا ئىسلام دىنىنىڭ ئىبادەتلىرى ۋە تۈرلۈك پائالىيەتلىرىنىڭ قائىدە سىستېمىلىرى شەكىللىنىپ بولغان. شۇڭا ئۇ ئىسلام دىنىنى ئېلان قىلغان ۋە ئۇنى تا قىيامەتكىچە ئۆزگەرمەيدىغان ۋە ھېچ كىم ئەمەلدىن قالدۇرمايدىغان مەڭگۈلۈك دىن قىلىپ بەكىتكەن.

ئىسلام دىنى يېڭىلىق كىرگۈزۈشكە مۇھتاج ئەمەس. چۈنكى كامالىغا يەتكەن نەرسە زىيادىنى قوبۇل قىلمايدۇ. قۇرئان كەرىمدە ياكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدە ئىبادەت دەپ بۇيرۇلمىغان ياكى ئېتىراپ قىلىنمىغان ھەر قانداق ئىش گەرچە ئىبادەت سۈپىتىدە بىلىنسىمۇ ھەقىقەتتە ئۇ ھەرگىزمۇ ئىبادەت بولالمايدۇ. ئۇ ئىبادەت بولمىغان ئىكەن، دېمەك، سوۋاپلىق ئىش دەپمۇ سانالمايدۇ. چۈنكى، ھەر قانداق سوۋاپلىق نەرسىنىڭ بۇ «ياخشى ئىش» دەپ ئېتىراپ قىلىنىشى ئۈچۈن ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ روھىغا ئۇيغۇن بولۇشى شەرت. قۇرئان ياكى ھەدىسلەردە بۇيرۇلمىغان ھەر قانداق ئىبادەت ۋە دىنىي پائالىيەت بىدئەتتۇر (دىندا بولمىغان ۋە قوبۇل قىلىنمايدىغان بىھۇدىلىكلەر).بىدئەت ئىسلام دىنىدا قەتئىي ھارامدۇر. ئۇنى بىلمەي تۇرۇپ سادىر قىلغان كىشى گۇناھكاردۇر. ئەگەر ئۇ ئىسلام دىنىنى بۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ بېيىتىمەن دېگەن ئېتىقات بىلەن سادىر قىلغان بولسا، ئاللانىڭ «بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم» دېگەن سوزىگە قارشى چىققان بولۇپ، كاپىر ئاتىلىدۇ. چۈنكى ئۇ بۇ ئېتىقاتى بىلەن ئاللانى يالغانچى دېگەن بولىدۇ.

دۇنيادا ھېچ قانداق دىن بىدئەتلەرنى مەنئىي قىلىشتا ئىسلام دىنى ئېرىشكەن ئىمتىيازغا ئېگە بولالىغان ئەمەس. شۇڭا باشقا دىنلار ئەسىرلەر بويى ئۆزگەرتىلىپ ۋە بۇزۇلۇپ كەلگەن. ئامما ئىسلام دىنى باشتىنلا بىدئەتنى قاتتىق چەكلەپ كەلدى. شۇڭلاشقا ئۇ ھازىرغىچە ئۆزگەرتىلمەستىن، ئۆز ئەسلى بويىچە داۋام قىلماقتا. ئەگەر شۇنداق بولماي، ھەر كىشى خالىغىنىچە ئىبادەت سىستېمىلىرىنى تۈزۈشكە ۋە دىنىي يېڭىلىقلارنى كىرگۈزۈشكە ئۇرۇنغان بولسا، بۇ دىنمۇ ئاللىقاچان بۇزۇلۇپ ئەسلىنى يوقاتقان بولار ئىدى. چۈنكى ئىسلام دىنى«ھەر قانداق بىدئەت زالالەتتۇر. ھەر قانداق زالالەتنىڭ جايى دوزاقتۇر» ـ دېگەن ھەقىقەتنى ئېلان قىلىپ كەلدى.

مەۋلۇدمۇ ئىسلام دىنى مەنئىي قىلغان بىدئەتلەرنىڭ بىرى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىدىغان ۋە ئۇنى ھەقىقىي دوست تۇتىدىغان كىشى ئۇنى ئاللا كۆرسەتكەن قائىدە نىزامى بويىچە قەدىرلەيدۇ ۋە خاتىرىلەيدۇ. ئەگەر ئۇ «ياق، مەن مۇھەممەد پەيغەمبەرنى ئۆزەم خالىغان ئۇسۇل بىلەن ياد ئېتىمەن، «قۇرئان ـ ھەدىستە مەۋجۇت بولمىسىمۇ، ئۇنى مەن قوبۇل قىلىمەن» دەيدىكەن، ئۇ ئاللاغا ۋە قۇرئانغا ئۇقسان بىلەن تۆھمەت قىلغان بولىدۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولسا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ.

بەزى كىشىلەر خىرىستىيانلارمۇ ئۆز پەيغەمبىرىنى ھەر يىلى خاتىرىلەيدۇ ۋە بايرام قىلىدۇ. بىز نېمىشكە ئۇنداق قىلمايمىز. پەيغەمبەرنى ئەسلەش، ئۇنى قەدىرلىگەنلىك ئەمەسمۇ؟» دەيدۇ. ئۇنداقلارغا مۇنداق جاۋاپ بېرىمىز: بىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى خىرىس-

تانلارنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ياد قىلغىنىدىن ۋە قەدىرلىگىنىدىن ئارتۇق كۆرىمىز، قەدىرلەيمىز. چۈنكى بىز ئۇنى ئاللانىڭ ئەمرى ۋە كۆرسەتمىسى بويىچە ياد ئېتىمىز. ئاللا بىزنى ئەڭ كامىل، توغرا ئىشلارغا بۇيرىغان، بىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى خرىستانلارنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالامنى بىر ژىلدا بىر قېتىم خاتىرلىگىنىدەك ئەمەس، بەلكى ھەر كۈنى قانچە ۋاقىت ناماز ئوقۇساق شۇ نامازلىرىمىزدا، دۇئالىرىمىزدا خاتىرلەيمىز ۋە ياد ئېتىمىز ھەر كۈنى ئەتىگەن، ئاخشاملىرى ۋە نامازلاردىن كېيىن قىلغان ھەر بىر دۇئامىزدا ئۇنىڭغا دۇرۇت ئېيتىمىز. شۇنداق ئېكەن، ئەمەلىياتتا قايسىمىز پەيغەمبىرىمىزنى كۆپ ياد قىلىمىزكەن؟ خرىستانلارمۇ ياكى بىزمۇ؟

ئەگەر مەۋلۇد ئۆتكۈزۈپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ژىلدا بىر قېتىم خاتىرلەش سوۋاپلىق ئىش بولغان بولسا، ئۇنى ئەلۋەتتە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىزگە يەتكۈزگەن بولار ئېدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەر نەرسىنى ئېنىق ئېيتىشتىن ھېچ چېكىنمىگەن. بەزى كىشىلەر دەيدۇكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈمنى خاتىرلەڭلار دەپ قانداق دېيەلەيدۇ؟ دېمىسىمۇ خاتىرلەش ئۇنى دوست تۇتقانلىق ئەمەسمۇ؟ بىز دەيمىزكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قىلسا ساۋاپ بولىدىغان پۈتۈن ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇشتىن چېكىنمىگەن. ئەگەر ئۇ بىر ساۋاپلىق ئىشنى ئېيتماي كەتسە پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلمىغان بولىدۇ. ئامما، ئۇ پەيغەمبەرلىكنى كامالىغا يەتكۈزدى، ھەممىنى تولۇق يەتكۈزدى. بىزنىڭ ئىسلام دىنىمىز ھەق ۋە كامىل دىندۇر. شۇڭا ئۇ تا قىيامەتكىچە كۈچكە ئېگە. پاك دىنىمىزغا خرىستانلارنىڭ بولسۇن ياكى باشقا دىنلارنىڭ بولسۇن خۇراپاتلىرىنى كىرگۈزۈشكە يول يوق. ھەر كىشىنىڭ مۇسۇلمانلىق سۈپىتى بىلەن ئۆزدىنىنى قوغدىشى پەرىزدۇر. دىنىمىزدىكى خۇراپاتلارنى ئىبادەت دەپ بىلىپ، ئۆزىمىزنى پايدىسىز، گۇنا ئىشلارنى قىلىش بىلەن بىھۇدە ئاۋارە قىلمايلى. دىنىمىزدا بىزگە بۇيرۇلغان ئۇرغۇن ياخشى ئىبادەتلەر بار، شۇلارغا ئەمەل قىلايلى.

ئاللا ھەممىمىزنى ھىدايەت قىلسۇن.

**«يېڭى ھايات» 1999 ـ ژىل، 3 ـ ئىيۇل**

# مۇندەرىجە


ئاللاغا ئىمان كەلتۈرۈش ئەقلىنىڭ كامالىتىدۇر ---- 5

ناماز كاتتا ئىبادەتتۇر ---- 9

توغرا نىيەت ئىبادەتتۇر ---- 11

ئىخلاس ساداقەت رەمزىدۇر ---- 13

ئالەمنىڭ يارىتىلىشى ۋە ھاياتلىق ھەققىدىكى ئىسلام تەلىماتىنىڭ قائىدە ـ تەرتىپلىرى ---- 15

ھەج ئادەمنى گۇنادىن پاكلايدۇ ---- 35

ئىسلام شەرىئىتىدىكى ئەر ـ ئاياللارنىڭ ھوقۇقلىرى ۋە ئۆزگىچىلىكلىرى ---- 38

ئىسلام دىنى ۋە ئويلاپ چىقىرىلغان «پەتىۋالار» ---- 43

مىللىي قەدرىياتىمىزنىڭ بەلگۈسى ---- 49

بايلىقنى ھېچ كىم ئۇ دۇنياغا ئېلىپ كېتەلمەيدۇ ---- 52

ئىسلام دىنىنىڭ ئىلىم بىلەن جىپسىللىغى ---- 55

ھەج سەپىرى تەسىراتلىرى ---- 57

دىنىمىزنىڭ پاكلىغىنى ساقلايلى ---- 61

زاكات ئىسلام شەرىئىتى پەرىزلىرىنىڭ بىرى ---- 64

ئۇلۇق روزا ئېيىنىڭ شاراپىتى ---- 67

ئىسلام تەلىماتىنىڭ ماھىيەتلىرى ---- 70

زاكات مۇھىم ئىجتىمائىي ئىبادەتتۇر ---- 74

ئاللانىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئەقلى دەلىللار ---- 79

روزىنىڭ ھېكمەتلىرى كۆپ ---- 84

تەقۋادارلىق كارامەتتۇر ---- 88

ھىدايەت ئەڭ چوڭ نېمەتتۇر ---- 90

رامازان ئېيى نىجاتلىق ۋە غەلىبە ئېيىدۇر ---- 92

روزىڭىز قوبۇل بولسۇن ---- 97

دىن ئىجتىمائىي زۆرۈرەتتۇر ---- 99

رامازان ئېيىنىڭ شاراپىتى ---- 101

مەن نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمان بولدۇم ---- 104

بالىلار ئاللانىڭ ئاتا ـ ئانىلاردىكى ئامانەتلىرىدۇر ---- 106

تەۋرات ۋە ئىنجىل مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر ---- 113

مەۋلۇد ئىبادەتمۇ ياكى بىدئەتمۇ ---- 116

مۇھەممەت يۇسۇف

# ئاللاغا ئىمان كەلتۈرۈش
# ئەقلىنىڭ كامالىتىدۇر

رېداكتور ئالىمجان باۋدىنوۋ
كومپيۇتېر ئوپېراتورلىرى ۋە كوررېكتورلىرى
ئىلھامىيە تۇرسۇن قىزى
تايىرجان ھاپىزوۋ